www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (4)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 6-ئاي

مەنبە: قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى، ئۇيغۇرلار تورى
، ئەلكىن مۇنبىرى، ئەلكۈيى تورى

# مۇندەرىجە

1- سابىت داموللام كىم؟ ..................................... يالقۇن روزى 3

2- يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا ...................................... يالقۇن روزى 29

3- «ئەي، ئادەملەر»دىن « بىز-ئادەملەر» گە

نەزەر ............................................ ياسىنجان ئوسمان ئەركىزات 38

4- ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت

مۇۋاپىقىيەتلىرى ................................... نەبىجان تۇرسۇن 53

5- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇستىدە قايتا ئويلىنىش ................. مەھمۇد ئېلى 103

6- « ئەتەبەتۇلھەقايىق » داستانىدا ئىپادىلەنگەن ئىلىم - مەرىپەت

توغرىسىدىكى قاراشلار ........................................... غاپپار روزى 123

7- تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي

ئىجادىيىتىمىز ..................................................... داۋۇت ئۇبۇلقاسىم 138

8- ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم ................................... ئابدۇرېھىم دۆلەت 170

9- ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سەرگەردان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا

تەكشۈرۈش دوكلاتى ............................................. نەپرەت 186

10- ھۆرمەت، قىممەت ۋە ھىممەتكە ياندىشىش خىياللار .......مۇتەللىپ ئىقبال 202

# سابىت داموللام كىم؟

**يالقۇن روزى**

(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، ئوبزورچى)

ئاپتوردىن ئىلاۋە: مېنىڭ بۇ ماقالەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق سانىدا يەنى ئومۇمىي 45 ـسانىدا تېكىست بىلەن سۈرەتلەر كىرىشتۈرۈلۈپ ئېلان قىلىندى. لېكىن سەھىپىنىڭ چەكلىمىلىكى سەۋەبىدىن باش قىسمىدىكى ئازراق مەزمۇن قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىندى. مەن بۇ تېمىغا قىزىققۇچى كەڭ تورداشلارنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ماقالەمنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ۋە سۈرەتلەرنى تورغا  يوللاپ قويدۇم.

تەزكىرە ئەسەرلىرى بىر مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىدىغان ماتېرىياللارنىكۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بايان قىلىنغان ماقالە ـ ئەسەرلەر تەزكىرە ھېسابلىنىدۇ. تەزكىرە ئادەتتە دۆلەتتىن تارتىپ ئائىلىگىچە، شەھەردىنتارتىپ شەخسكىچە، تاغ ـ دەريالاردىن تارتىپ دەل ـ دەرەخلەرگىچە ھەممە شەيئى، ۋەقە ـ ھادىسە توغرىسىدا يېزىلىدۇ. ئۇ تارىخ ۋە يىلنامىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئادەتتە ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، تەرجىمىھال، كۆرۈنۈش (رەسىم، سۈرەت، خەرىتە)، جەدۋەل ـ ئىسخېما، قوشۇمچە ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەزكىرە تۈزۈش ئارقىلىق مەلۇم بىر رايوننىڭ ياكى جاينىڭ ئېكولوگىيەسىگە، ئىجتىمائىيئەھۋالىغا، گۇمانىتار مەدەنىيىتىگە، جەمئىيەت تارىخىغا ۋە ھازىرقى رېئال ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار توپلىنىپ، ئاخىرىدا ماتېرىيال ئامبىرى شەكىللىنىدۇ. بۇماتېرىيال ئامبىرى شۇ رايون ياكى جاينىڭ ئەينىكى بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن شۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىلىش قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەزكىرە ئەسەرلىرى بىلىش قىممىتىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە كىشىلەرنى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەش ۋە تەربىيەلەش رولىغىمۇ ئىگە. ئۇ كىشىلەرنى ئىجابىي ۋە سەلبىي تىپلار،

ماتېرىياللار، تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەربىيەلەيدۇ. شۇڭا، تەزكىرە تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمىتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ تەزكىرە خىزمىتىگە 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. بۇ خىزمەت بارغانسېرى چوڭقۇر، ئىلمىي، سىستېمىلىق قانات يېيىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، سەل قارىلىۋاتقان، كەمتۈك بولۇپ قىلىۋاتقان مەزمۇنلار يوق ئەمەس. بۇھال ھەممىمىزنىڭ كۆڭ چىقىرىشى، ئاكتىپ قاتنىششى ۋە ئىزدىنىشنى كۈتمەكتە .

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا بايان قىلىنماي كېلىۋاتقان بىر مۇھىم تېما. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابتىمۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى يېزىلغان، ئەمما سابىت داموللام تېمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»ناملىق نوپۇزلۇق كىتابتىمۇ يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان، ئەمماسابىت داموللام تېمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ كىتابلاردا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقىيېرىمىدا شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن سەلبىي شەخسلەردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئېلىخان تۆرە، مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالپتېكىن، ئوسمان ئىسلام قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان. شۇ قاتاردا سابىت داموللامۇ تونۇشتۇرۇلۇشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن تونۇشتۇرۇلمىغان. سابىت دامولامنىڭتارىخىي تەسىرى ئۆلارنىڭكىدىن ئاجىز دەپ قارىلىپ تونۇشتۇرۇلمىغانمۇ، دېگەندە مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇ جيەنيىڭنىڭ «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912–1949)» دېگەن كىتابىدا، لىيۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، كوللېكتىپ يازغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى (3)» دېگەن كىتابتا، جاڭ شۇمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالە ـ نۇتۇقلار توپلىمىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، تۈركچە، ئەرەبچە، ياپونچە سەككىز تىل ـ يېزىقتا بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا سابىت دامولام ۋە ئۇقۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ بايان قىلىنغان ھەم مۇلاھىزە قىلىنىپ تەنقىدلەنگەن. مەسىلەن، لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابنىڭتۆتىنچى بابى>» شەرقىي تۈركىستان <بۆلگۈنچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن باب بولۇپ، مەزكۇر بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدا مەخسۇس>» شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى < بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى» تەنقىدىيبايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

جۇمهۇرىيىتى» نىڭ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغانلىقى، «ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلىنغانلىقى، «تەشكىلىي پروگراممىسى»، «سىياسىي پروگراممىسى» ھەمدە ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن» ۋە «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا يەنە ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» نىڭ رەئىسى، باش مىنىستىرى ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ تەركىب تاپقانلىقى، سابىت داموللىنىڭ رەئىسلىكى بولغانلىقى، «ئاساسىي قانۇن» دا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۇقۇمى بىلەن ئاساسىي قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى، تېگى كۆك رەڭلىك، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ «دۆلەت بايرىقى» بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا يەنە بۇ ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» نىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، «دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى» نى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى ھەمدە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە تۈركىيەنىڭ زىيارەتكە كەلگەن ھەربىي، سىياسىي ئەرباپلىرى ئارقىلىق بۇ ئىككى دۆلەتتىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى، قەشقەر ۋە خوتەندە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» نىڭ پۇلىنى تارقاتقانلىقىنى، يەنە «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنى، «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ پاراگرافتا يەنە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» گەرچە ئىنتايىن قىسقا مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنغان. بۇبۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى «بۆلگۈنچىلىك جەھەتتە ئىدىيەۋى ئاڭدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى تاماملاپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ ئۆرنىكىنى ياراتقان» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پاراگرافتا يەنە «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بۇ ئۆمرى قىسقا تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئاچچىق ساۋاقلارغا تولغان بىرمەيدان تىراگېدىيە بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەتكە، مىللەتكە، چېگرا رايونلارغا ۋە چېگرا رايوندىكى خەلققە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولدى» دەپ خۇلاسىلەنگەن. بۇ پاراگرافتا يەنە چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى توغرۇلۇق توختىلىپ، >» شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى <قاسقاندىن چىققاندىن كېيىن، بىرمۇ دۆلەت ھۆكۈمىتى بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىغان. پەقەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئەمدىلا تەختكە چىققان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى زاھىر شاھلا <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى> گە ئاشكارا ھالدا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن » دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ پاراگرافتا يەنە ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيەسى توغرۇلۇق توختىلىپ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتىگە قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا

جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە>: ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى باشقۇرسا، بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ 2 ـ مانجۇرىيە دۆلىتى بولۇشىغا قاراپ تۇرساڭلار، ئۇنداقتا بىز چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۆزىمىزنى قوغدايمىز «<دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى ھەم شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنى تازىلىغانلىقى بايان قىلىنغان.

كوللېكتىپ يازغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابنىڭ 3 ـ تومىدا «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىلىشى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىلىپ تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ بۆلۈمدە بۇ بۆلگۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ كىم تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان: 1933 ـ يىلى يازدىن باشلاپ « قەشقەر رايونىدا تۆت گۇرۇھ كۈچ شەكىللىنىپ، بىر ـ بىرى بىلەن پۇت تېپىشىپ، ھەممىسلا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىش خىيالىدا بولۇشتى. ئۇلاردىن بىرى تۆمۈر بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى، ئۆزىنى شىنىڭ شىجاڭى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى دەپ ئاتىدى ھەم تۇرپانلىق ئۇيغۇر يۇنۇس بەگنى سابىق مەمۇرىي باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئىككىنچىسى، ما جەنساڭ بولۇپ، ماجۇڭيىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچ ئىدى. بۇ سابىق مەمۇرىي باشلىق ما شياۋۇ بىلەن بىرلەشتى، بۇنىڭ قىسمى خىل، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۈچىنچىسى، ئوسمان بولۇپ، بۇ بىر زومىگەر، قۇلاق كەستى ئىدى، بۇ ھېچقانداق ئەيمەنمەستىن خەنزۇلارنى بۇلايتتى، ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ساق قېلىشى تەس ئىدى، تۆمۈر ئۇنى شىنىڭ شىجاڭى قىلىمەن دېگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن نارازى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بەك چوڭقۇر ئىدى. تۆتىنچىسى، سابىت داموللام بولۇپ، ئۇنىڭ تايانچ بازىسى خوتەن ئىدى. لېكىن، قەشقەردىمۇ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قۇرۇش ئىدى. بۇ بىرقانچە گۇرۇھ كۈچ ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، ھەممىسلا پۇرسەت كۈتۈپ قارشى تەرەپنى يۇتۇۋېلىشنى ئويلايتتى. «

بۇ بۆلۈمدە يەنە « سابىت داموللام ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا پىلانلىغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئەنگلىيەنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك پىلانىغا ماس كەلگەنلىكتىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ... 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، كېچىدە >شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى < قەپەستىن چىقتى ... دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىسى: سابىت داموللام، ئاتۇشلۇق، ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا ئوقۇغان، ھىندىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى بىلىدۇ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يېتىشتۈرگەن غالچا» دەپ بايان قىلىنغان.

داڭلىق تارىخچى ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا «ھەر خىل كۆچلەرنىڭ قەشقەردىكى توقۇنۇشلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئون تۆتىنچى باب قىلىنىپ بايان قىلىنغان. مۇشۇ بابتا ئاپتور «سابىت داموللىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى»، «قاراقاش ئىسيانى»، «سابىت دامولىنىڭ يەكەنگە كېلىشى»، «تۆمۈر ئەلىنىڭ سابىت دامولىنى نەزەربەند قىلىشى»، «خوجىنىيازنىڭ سابىت دامولىنى قولغا ئېلىشى» دېگەن كىچىك ماۋزۇلار بويىچە سابىت دامولىنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش جەريانىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللام توغرۇلۇق «سابىت كىچىكىدىن سىستېمىلىق ئىسلام تەلىماتى بىلەن تەربىيەلەنگەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام تەلىماتىنى زېھىن قويۇپ تەھسىل قىلغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي ئۆلىما بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1928 ـ يىلىدىن كېيىن سابىت داموللام يۇرتى ئاتۇشتىن ئايرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، ئاقسۇ، كۇچاقاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە، كېيىن ئىلىدا مۇدەررىسلىك قىلغان. 1930 ـ يىلى سابىت داموللام ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىغا كەلگەن خوتەنلىك مۇھەممەتئىمىن ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ... مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق سابىت دامولىدىن تەلىم سورىغاندا، سابىت داموللام بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ مەسىلىدە مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئورتاق تونۇشقا كەلگەن» دەپ يازغان. ليۇ زىشياۋ ئەپەندى يەنە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قاراقاشتا بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان «دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام ھىندىستاندىن خوتەنگە كەلگەن. سابىت داموللام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە تۈركىيە، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگەنىدى. بۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلىدا سابىت داموللام بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تۇنجى كۆرۈشۈشى ئىدى. سابىت داموللام پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇھەممەتئىمىن پىلانلىغان ھەرىكەتنى قوللىغان» دەپ بايان قىلغان. ئاپتور سابىت دامولىنىڭ مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر قاتارلىق ئاتامانلار بىلەن بىللە 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ «قەشقەردىكى دىنىي زاتلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەر سابىت دامولىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام قەشقەردە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە يادرولۇق شەخسكە ئايلاندى»، «كېيىنكى كۈنلەردە، سابىت داموللام ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلىدى. ئوسمان ئەلى ئاخىر قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. مۇنداق مۇھىت يارىتىلغاندىن كېيىن،

سابىت داموللام يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا، <شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ كۆچەيتتى. ئۇ تۆمۈر، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى جىن شۇرېننىڭ چېرىك ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشىنى مەقسەت قىلغان ھەرىكىتىگە تۈپتىن قارشى يول تۇتتى» دەپ يازغان.

لىۇ زىشياۋ ئەپەندى سابىت داموللىغا باھا بېرىپ «سابىت داموللىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلغۇدەك ئاساسى ۋە تەجرىبىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار شەھىرى بولغان قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە زېمىندا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيىتىدە ئەكس ئەتكىنى بولسا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدى» دەپ يازغان.

شۇ جيەنيىڭ ئەپەندى «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912–1949) » دېگەن كىتابىدا «ئەنگلىيە بىلەن ئاتالمىش <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى>دېگەن ماۋزۇ بويىچە سابىت داموللامنىڭ بۇ ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەت» نى قۇرۇش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىنچام بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللام توغرۇلۇق توختالغاندا «سابىت داموللام قەشقەرلىك، كىچىكىدە قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. كېيىن مۇدەررىس بولغان. ئافغانىستان، ھىندىستانلارغا چىقىپ ئوقۇپ بىلىمىنى ئاشۇرغان. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ساياھەت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە بارغان. سابىت داموللام مۇدەررىسلىك قىلىپ ئايلىنىش جەريانىدا ئاقسۇدىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردىكى تەسىرى زور، ئىمتىيازلىق شەخسكە ئايلانغان»، «ئۇ، تىپىك بۆلگۈنچى، مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل پانئىسلامىزملىق دۆلەت قۇرۇش» دەپ يازغان. سابىت داموللامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا توختالغاندا ئاپتور مۇنداق يازغان: «4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى يەكەنگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەردىن يەكەنگە قېچىپ كېلىشۋالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم <مىنىستىرلىرى> نى قولغا ئالغان. كېيىن، خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللام قاتارلىق بۆلگۈنچىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 7 ـ ئايدا، سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلگەن (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە ئۆلگەن) .

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى جاڭ شۇمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەم ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن كىتابىدا «شىنجاڭدىكى <ئۈچ خىل كۈچ> نىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا ئارقاكۆرۈنۈش» دېگەن بىر چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭ ئىچىدىكى 《<شەرقىي تۈركىستان> كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى》 دېگەن كىچىك ماۋزۇدا 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئەيىبلەپ كېلىپ «مەركىزىي ھۆكۈمەت» گەرچە «ئىنتايىن قىسقا مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، زىيىنى

ئىنتايىن زور بولدى»، «بولۇپمۇ، قىلىپلاشمىغان جۇغراپىيەۋى نام بولغان <شەرقىي تۈركىستان>غا پۈتۈنلەي سىياسىي مەنە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالماش سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئاتالغۇ شىنجاڭنى بۆلۈۋالماقچى ۋە مۇستەقىل قىلماقچى بولغانلارنىڭ سىياسىي بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى»، نەتىجىدە «1944 ـ يىلى غۇلجىدا ئېلىخان تۆرىمۇ <شەرقىي تۈركىستان> بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى» دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى نوپۇزلۇق كىتاب، تارىخىي ئەسەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىكى مەزمۇنلاردىن سابىت دامولللىنىڭ شىنجاڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان ئىسلام قاتارلىق مەشھۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان سەلبىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ توغرۇلۇق مەخسۇس كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى كەڭ ـ كۇشادە تەنقىد ۋە تەھلىل قىلىندى. نى يۇچىڭ ئەپەندى «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، خۇاڭ جيەنخۇا ئەپەندى «ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد»، لو شاۋۋېن ئەپەندى «ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى»، ليۇ شياڭخۇي ئەپەندى «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى. لېكىن سابىت دامولللىنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ماقالە ـ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنمىدى. پەقەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» دېگەن كىتاب بىلەن 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى كىتابتا بايان قىلىنغان تارىخىي مەزمۇنلاردا پەرق زور ھەم خاتا جايلار كۆپ بولۇپ قالغان. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «1930 ـ يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا قەشقەردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان داڭلىق كىشىلەر ئىچىدە سابىت دامولللىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى دەپ تىلغا ئالىدۇ. بۇ خاتا» (216ـ بەت) دەپ يازغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا يەنە قاراقاشتا 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «ھۆكۈمەت» توغرۇلۇق «بۇ ھۆكۈمەتكە مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇن رەئىس، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەربىي قوماندان، سابىت داموللام مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە مۇئاۋىن ھەربىي قوماندان بولۇپ سايلانغان» دەپ يېزىپ سابىت دامولللىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئاتايىتەن «بۇ قەشقەردە <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> گە باش ۋەكىل (زۇڭلى) بولغان سابىت داموللام ئەمەس» (295ـ بەت) دەپ

ئەسكەرتكەن. روشەنكى، **1933** - ۋە **1934** - يىلى **18–19** ياشلىرىدا قەشقەردىكى بىر - بىرىگە قارشى سىياسىي ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئېلىشىشىغا ئىشتىراك قىلىپ، شۇ ئىشلارغا شاھىت بولغان سەيپىدىن ئەزىزىمۇ سابىت داموللام توغرۇلۇق خاتا مەلۇمات بەرگەن.

دېمەك، تۈرلۈك كىتاب ۋە ماقالىلەردا سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى چولتا، زىددىيەتلىك، خاتا بايان قىلىنىپلا قالماستىن ئۇنىڭ سۈرىتىمۇ خاتا بېكىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ما شۈكاڭنىڭ «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر(**1840–1949**)» ناملىق كىتابىنىڭ ئىچىدە< «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى نىڭ باش - ئاخىرى»>» دېگەن بىر ماقالە بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ مەزمۇنغا بىر پارچە سۈرەتنى بېرىپ، **(70**- بەت)، ئاستىغا «كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر سابىت داموللام» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن. سۈرەتتىكى كىشى يۈزى سوزۇق، ئاق ساقاللىق كىشى بولۇپ، سابىت داموللام يۇملاق يۈزلۈك، قارا ساقال ئادەم ئىدى. يۈز كېپتى ۋە ساقىلى ئوخشىمىغاندىن باشقا چىراي ئالامەتلىرىمۇ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ. دېمەك، سۈرەت خاتا بېكىتىلگەن. شېرىپ خۇشتار ئەپەندى تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابىنىڭ باش قىسمىغا **20** ۋاراقتىن ئارتۇقراق تارىخىي سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغانلاردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئوسمان ئىسلام، ئېلىخان تۆرە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىنلەرنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى بېرىلگەن. سابىت داموللامنىڭ كوللېكتىپ بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، چۈشەندۈرۈشتە قولىدا تەسۋىي تۇتۇپ ئولتۇرغان كىشىنى سابىت داموللام دەپ خاتا كۆرسىتىپ قويغان.

خوش، ئۇنداقتا سابىت داموللامغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ماتېرىياللاردىكى خاتالىقلار، كەمتۈكلۈكلەر شۇ پېتى كېتىۋېرەمدۇ ياكى ئۇنى تۈزىتىپ، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە مۇكەممەللەش- -تۈرۈپ، تەزكىرە، قامۇس، لۇغەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلارغا يېڭى، توغرا، سىستېمىلىق ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىش زۆرۈرمۇ؟ تارىخىي چىنلىقنى، تارىخىي پاكىتنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى قەدىرلەيدىغان ھەربىر تەتقىقاتچى بۇ مەسىلىگە «زۆرۈر» دەپ قارايدۇ، ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە سابىت داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە ئۆلچەملىك سۈرىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. تەتقىقاتىلارنىڭ خاتا جايلىرىنى تۈزىتىپ ۋە كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سابىت داموللام **1883** - يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە ئابدۇلباقى ئىسىملىك كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئازاقتا چوڭ ئەلىماخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. **1900**- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان. **1914**- يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ داموللا بولۇپ، ئۇدۇل غۇلجىغا كېلىپ،

ئازاقلىق يۇرتداشلىرى ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان سۇيدۇڭدە ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيەگە ئۆيلىنىپ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. سابىت داموللامنىڭ ئائىلى بىلەن ئوغلىنى سۇيدۇڭدە قالدۇرۇپ، قەشقەرگە نېمە سەۋەبتىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر سۇيدۇڭدىكى «رەستە ۋەقەسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ 1916 ـ يىلى سۇيدۇڭدە «رەستە ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىغا ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1917 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سۇيدۇڭگە كەلگەن شىمالىي مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باج خادىمى شيې بىنىنىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار مۇنداق ئۇچۇر بار: «سۇيدۇڭ سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم ئەتراپىدا ئىكەن، بۇ قەلئە ئىلىدىكى توققۇز كۇرەنىڭ بىرى ئىكەن. بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ماناس بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سودا دۇكانلىرى جەنۇبىي قوۋۇق چوڭ كوچىسى ۋە جەنۇبىي قوۋۇقتا ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتا ئاساسەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى، سېپىل ئىچىدە پۈتۈنلەي تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقان ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتىكى بازار ئالدىنقى يىلى ئوت كېتىپ ۋەيران بولغانىكەن. ھازىر بولسا دۇكانلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىنىپ ئۆيلەر رۇس پاسونىدا سېلىنىپتۇ. ئۆيلەر رەتلىك، كۆركەم، كوچىلار كەڭ ئىكەن.» (79ـبەت) «رەستە ۋەقەسى» دە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى كۆيۈپ كېتىپ، پەقەت سېپىلغا تۇتاش سېلىنغان بىر ئۆيىنى ئىشرەتخانا قىلىۋالغان، «جۇخۇازى» دەپ نام ئالغان كۇچالىق بىر سەتەڭ ئايالنىڭ ئۆيىلا ساق قالغان. مانا مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» سەۋەبىدىن سۇيدۇڭدىكى ئۆلىمالار ھەم سودىگەرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزى نادان سودىگەرلەر بىز ئۆشرە ـ زاكاتنى ئايرىۋاتقان تۇرساق بىزنىڭ دۇكانلىرىمىز كۆيۈپ، كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت قايناپدىغان بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ ساق قالغىنى نېمىسى، دېيىشىپ ئۆلىمالارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغان. سابىت داموللام مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار تۈپەيلى ئائىلى بىلەن ئوغلى ئابدۇللانى سۇيدۇڭدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قەشقەرگە قايتىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ئەمما تۈركىيەلىك گېنېرال زىيا يەرگۆكنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، يۇقىرىقى سەۋەبنىڭ چىنلىقىغا تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر تۈركۈم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى 1915 ـ يىلى ئەرمىنىيەنىڭ سارقامىش دېگەن يېرىدە رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ سىبىرىيەگە پالانغان. ئۇلار 1918 ـ يىلغىچە سىبىرىيەدە ئەسىرلىكتە ياشىغان. 1918ـ يىلى 10 ـ ئايدا رۇسىيەدىكى ئىنقىلابلار سەۋەبىدىن كونتروللۇق بوشىغاندا زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئالتە ئوفىتسېر ـ ئەسكەر قېچىپ قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىگە كەلگەن. ئۇ يەردە باھاۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئابدۇرېھىم بايۋەچچە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئابدۇرېھىم بايۋەچچە ئىستانبۇلدىكى گالاتا سارايى ئوتتۇرا مەكتىپىدە

ئۇقۇغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن تېزلا سىردىشىپ چىقىشىپ كەتكەن ھەم قورغاستا تۇرىدىغان شامى داموللا دېگەن كىشىگە ھەمراھ قىلىپ سۈيدۈڭگە ئۇزىتىپ قويغان. ئۇلار دۆربىلجىن ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ شىخۇدىن شۇ يىلى 11 ـ ئايلاردا سۈيدۈڭگە يېتىپ كەلگەن. سۈيدۈڭگە كەلگەندىن كېيىن شامى داموللا ئۇلارنى، سابىت داموللامنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان. سابىت داموللام ئۇلارنى بىر ھەپتە كۈتۈۋېلىپ ھەم ئالتە ئات تەييارلاپ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى يول باشلاشقا تەيىنلەپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەتتە سۇدىكى ياركەنت تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ قويغان. زىيا يەرگۆكنىڭ «سارقامىشتىن ئاسارەتكە (1915 ــ 1920)» دېگەن كىتابىدىكى بايانىدىن قارىغاندا، سابىت داموللام 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ تېخى سۈيدۈڭدە ئىدى. بۇ چاغدا «رەستە ۋەقەسى» نىڭ يۈز بەرگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. نېمە سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سابىت داموللام ئائىلى بىلەن ئوغلىنى سۈيدۈڭدە قالدۇرۇپ قويۇپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇنىڭ قەشقەرگە كەلگەن چاغلىرى 1919 ـ يىلى ياكى 1920 ـ يىلىبولۇشى ئېھتىمال. سابىت داموللام قەشقەرگە كەلگەن چاغلار ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق جەدىدچىلەر زور كۈچ بىلەن ياۋروپالىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دىن تارقىتىش يولىدىكى ھەر خىل ئۇسۇللىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئاممۇۋى دولقۇن شەكىللەندۈرۈۋاتقان چاغلار ئىدى. سابىت داموللىنىڭ دىنىي مەلۇماتىئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى پائالىيىتى ئابدۇقادىر داموللا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان جەدىدچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگەتاقابىل تۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولغان. باشقىچە سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

20ـئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا مىقياسىدا، بولۇپمۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئەنگلىيەگە قارشى كەيپىيات ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى قەشقەر جەدىدچىلىرىمۇ بۇ خىل ئىدىيەۋى خاھىشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. 1924 ـ يىلى قەشقەردىكى ئىلغار ياشلار بىلەن تەقۋادار تالىپلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى قىلغان. 1917 ـ يىلىدىكى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» ئارقىلىق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى بارلىققا كەلگەن. نەتىجىدە، قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسى تاقىلىپقالغان. ئەزەلدىن تەسىر كۈچ جەھەتتە رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن ئارقىدا تۇرۇپ كەلگەن قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىرى باشقا رەقىبى بولمىغاچقا، بۇ چاغدا راسا كۈچەيگەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى زىيادە ھىمايە قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئابدۇقادىر داموللام ئورۇنلاشتۇرغان نامايىش ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنىقوزغىغان. نەتىجىدە،

نامايىشقا قاتناشقان ھەم ئۇيۇشتۇرغانلارنى قولغا ئېلىپ جازالاش باشلانغان. ئابدۇقادىر داموللام شۇ يىلى 8 ـ ئايدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەزىيەت زىيادە كەسكىن بولغاچقا خەۋپسىرىگەن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاچقان. سابىت داموللام شۇ يىللاردا غۇلجىغا چىقىپ پاناھلانغان. ئۇ غۇلجىدا تۇرغان دەسلەپكى يىللاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرى سۆزلەنگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابى «شېرىن كالام» نى يېزىپ تاماملاپ، 1927 ـ يىلى سودىگەر ـ بايلارنىڭ ياردىمىدە كۇرەدىكى ھۆكۈمەت مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ باستۇرغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا زور ئاممىۋى نوپۇز ئاتا قىلغان. شۇ يىلدىن باشلاپ ئۇ غۇلجىدىكى دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم» نى ئاغزاكى تەرجىمە ـ تەپسىر قىلىپ، بۇ ئىشنى 2–3 يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇشۇ يىلاردا يەنە ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى زور ئاندالۇسىيەلىك ئىبنى مالىك (1204 ــ 1274) دېگەن ئالىمنىڭ مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىنىۋاتقان ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى توغرىسىدىكى «ئەلفىيە» ناملىق كىتابىغا شەرھ ۋە ھاشىيە يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇكىتابى «شەرھى ئەلفىيە» دەپ ئاتالغان .

1920ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىگە قارشى باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، خەلىپە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتلەر، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى قاتارلىق بىر قاتار جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئىشلار يۈز بېرىپ، ئىسلامىيەت دۇنياسى داۋالغۇپ كەتكەنىدى. تۈرلۈك ئىنقىلاب، مىللىي ھەرىكەت، بۆلۈنۈش ئىستىكى دۇنياۋى ئېقىم بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھادىسىلەر شىنجاڭ مىقياسىدىكى ئەزەلدىن سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقى سۇس موللا ـ ئۆلىمالار قاتلىمى ئارىسىدىمۇ تەۋرىنىش پەيدا قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئارىسىدا توغرا سىياسىي ئاڭغا ئىگە كىشىلەرمۇ، ناتوغرا سىياسىي غەرەزگە ئىگە كىشىلەرمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان. سابىت داموللام ئۇچۇن ئېيتقاندا، غۇلجىدىكى مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئۇنىڭ دىنىي ئالىملىقتىن بارا ـ بارا سىياسىي غەرەزلىرى شەكىللەنگەن بىر بۆلگۈنچىگە ئايلىنىش جەريانى بولۇپ قالغان. بۇنى ئۇنىڭ 1930 ـ يىلى غۇلجىدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقاندا دېگەن گەپلىرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا كەلگۈسىدە «چوڭ ئىشلار» نى تەۋرىتىشنى پىلانلاپ، ئالدى بىلەن جايلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، شۇ يىللاردا خوتەندىن چۆچەككە چىقىپ، چۆچەكتىكى مەشھۇر تاتار ئالىم مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئالغاچ غۇلجىغا كەلگەن. غۇلجىدا سىياسىي غەرەزلىرى تامامەن ئوخشاش بولغان بۇئىككىيلەن تونجى قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپلا بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. سابىت داموللام ھەم مەلۇماتلىق، ھەم ناتىقبولغاچقا، يېشى ئۆزىدىن 15–16 ياشلار كىچىك مۇھەممەتئىمىن بۇغرادا چوڭقۇر تەسىرقالدۇرغان. سابىت داموللام شۇ قېتىمدا مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىنى، قوراللىق

ئىسيان كۆتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇننىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. نىيەت ـ مەقسەتلىرى بىر يەردىن چىققان بۇئىككىيلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. سابىت داموللام 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن رۇسىيە ئارقىلىق ھەجگە ماڭغان. ئۇ رۇسىيەدىن تۈركىيەگە بارغان، ئاندىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھىجاز، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئايلانغان. بۇ جەرياندا يازغان «جەۋھەر ئەقدىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇ ئېنىق قىلىپ «تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ساياھىتىمدە قەيەرگە بارسام ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەسرەتلەندىم ھەمدە بۇ مەسىلىدە ئۇزاق ئويلاندىم» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلغۇدەك بىرەر كۈچنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ھەسرەت چەككەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇ، بۇ ساياھىتى جەريانىدا مىسىر، ھىجاز ۋە تۈركىيەدىكى پانئىسلامىزمچى ئالىملار بىلەن تونۇشقان. ئۇلاردىن «نۇسرەت قازىنىش» نىڭ يوللىرىنى سورىغان. ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە يەنە مۇنداق يازغان: «بۇ ھەقتە ئۇزۇن تەپەككۇر قىلدىم. ئىستانبۇل، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىجاز ۋە ھىندى ئۆلىمالىرىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشتىم. مۆھتەرەم، تەڭداشسىز ئۆلىما، دوكتور رەشىد رىزا بىلەن نەچچە مەجلىسلەردە بىللە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردۇم»، ئۇلار ماڭا «ئۆمەر ئىبنى كەرەبىنىڭ « ئەمرۇل بايان » دېگەن كىتابىنى ۋە شاملىق (سۇرىيەلىك) ئۆتكۈر سىياسىيون، مەشھۇر خەتىب شەكىب ئارسلاننىڭ « مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ » دېگەن كىتابىنى بەردى، كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ چىقتىم. ئۇ كىشىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق‌قىلغانىكەن .

سابىت داموللام بۇ ئىككى يىللىق ساياھىتىجەريانىدا سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە تىنىم تاپماي ئىزدەنگەن. توختىماي كىتاب ئوقۇغان. ھەر خىل نامدا ئېچىلغان يىغىن ۋە يىغىلىشلارغاقاتناشقان. ئاشۇ سورۇنلاردا مەجىد كەردى، ئىبراھىم غەززاۋى، ئابدۇلقۇددۇس ئەنسارى، تاتار ئالىم ئابدۇرەشىد ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇنىڭ «ئەقدە جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابىدىكى ئۈچۈرلاردىن قارىغاندا، ئۇ بۇ جەرياندا «ئىسلام قانۇنى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى يېزىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن ئۆتكۈنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداقتىمۇ «جەۋھەر ئەقدىلەر» ناملىق كىتابىنى، يۇرتداشلىرىغا «خورما ۋە زەمزەم» ئورنىدا سوۋغا قىلماقچى بولۇپ تۈزۈپ تەييارلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بۇ كىتابىنى خوتەن يۇرۇڭقاشلىق تىجارەتچىلەر ئابدۇسەمەجان ۋە

ئەمەتجان باي دېگەن سودىگەرلەرنىڭ باللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن دېھلى شاھجاھاندىكى «مەھبۇبۇلمەتابىئە مەتبەئەسى» دە باستۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن.

سابىت داموللام 1932 ـ يىلى نويابىردا ئىككى يىللىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ يۇقىرىقى كىتابىدا «بۇ سەپىرىمدە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىبرەت ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلدىم» دەپ يازغىنىدەك، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بىر سىياسىي بۆلگۈنچىدە بولۇشقا تېگىشلىكمول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، قەتئىي ئىرادە تۇرغۇزۇپ ھىندىستاندىن گۇمىغا كەلگەن. قائىدە بويىچە ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتقان ھاجىلار ئالدى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئادەت بولسىمۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى مۇستەقىللىق ئىدىيەسىبىلەن زەھەرلەنگەن بۇ يېڭى ھاجى يۇرتى ئاتۇشقا قاراپ ماڭماستىن، ئۇدۇل خوتەنگەبېرىپ غۇلجىدا تىل بىرىكتۈرگەن مەسلەكدىشى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇخوتەنگە بېرىشىغا رامزان ئېيى كىرگەن. ئۇخلىسىمۇ مۇستەقىللىق چۈشى كۆرىدىغان، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بۇ تەۋرەنمەس بۆلگۈنچى ئۆزىنىڭ ناتىقلىقكارامىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، رامزان ئېيىدا قاراقاشتا جىھاد ھەققىدە توختىماي ۋەز ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن كىشلەرگە مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرسە، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنى تىكلىگەن. غۇلجىدىن كەلگەندىن بېرى قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ كېلىۋاتقان مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ماددىي تەييارلىقلارنىتېخىمۇ تېزلەتكەن. نى يۇچىڭ ئەپەندىنىڭ «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى» دېگەن ماقالىسىدە يېزىشىچە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا «قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغ دەل قاراقاش ناھىيەسىنىڭ خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغان، گۇناھىچېكىدىن ئاشقان ھاكىمى يەن جۇ ئەسكەر ئېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا دەرھال ئۇۋچى ئاقتۇرسۇن قاتارلىقلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاتارىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان .

« 1932ـيىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشلەرنىئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، چوماق قاتارلىقلار بىلەن قورالاندۇرۇپ قاراقاش ناھىيەلىك يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ ماسلىششى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا غەلىبە قازانغان. ئۇلار ئارقىدىنلا خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان. خوتەندىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قورقۇپ كېتىپ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولغان. نەتىجىدە، قاراقاشتىن كەلگەن ئىسيانچىلار خوتەننى ئۇرۇشمايلا ئىگىلىگەن. خوتەن ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئادەملىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. نەتىجىدە 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» دېگەن بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. بۇ «ھۆكۈمەت» تەمۇھەممەت نىياز ئەلەم دېگەن كىشى دىنىي داھىي، سابىت داموللام ئالىي مەسلىھەتچى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا مىجەزى چۇس، ئۇرۇشتا باتۇر ئىنىلىرى شاھ

مەنسۇر ۋە ئەمىرساھىبلارنىڭ ئوڭ ـ سول يارىدەمچى بولۇشى بىلەن ئەمەلىي ھوقۇقى ئەڭ زور شەخس ھېسابلىناتتى. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، چەرچەندىن تارتىپ يەكەنگىچەبولغان جايلارنى ئۆز تىزگىنىگە ئالغاندىن كېيىن، سابىت داموللام بۇ قورالىلىقئىسيانىنى كېڭەيتىپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا كۆپ مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۇنى كۆندۈرگەن. نەتىجىدە، سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇزاقتىن بېرى مافۇشىڭ، ما شاۋۋۇ قاتارلىق زالىم ئەمەلدارلارنىڭ دەردىنى تارتىپ تويۇپ كەتكەن ئاددىي خەلق سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نىجاتكار بىلىپ تولىمۇ داغدۇغىلىققارشى ئالغان. خەلقئىرادىكى كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا «مول تەجرىبە توپلىغان» سابىت داموللام ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس تەييارلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەردە ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دېگەن گېزىتنى نەشر قىلدۇرغان. گېزىتنىڭ سەھىپەمەزمۇنىنى «دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، سىياسىي گېزىت» دەپ بېكىتكەن. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەرگە كەلگەن مەزگىلدە قەشقەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا، يېڭىشەھەر ما جەنساڭنىڭ قولىدا ئىدى. ما جەنساڭنىڭ يېنىدا ھۆكۈمەتنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە قەشقەر دوتىيى ما شاۋۋۇمۇ بار ئىدى. قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ ئاتامانلىرى بولغان ئۆزبېك يۈسۈفجان قۇربېشى، سېتىۋالدىجان قۇربېشى ۋە قىرغىز جانىبېك قاتارلىق قوراللىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. يەرلىك قىرغىزلاردىن چىققان ئوسمان ئەلىنىڭ ئاتامانلىقىدا تەشكىللەنگەن ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ، ئابدۇقادىر ھاجى تۆەنجاڭ قاتارلىق قوراللىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ ساددا ئادەم بولغاچقا، ما جەنساڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئەتراپىدىكى ئوسمان ھەم باشقا ئاتامانلار بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە نوپۇزىنىكۈچەيتەلمەي جىلە بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردە پەيدا بولغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر تۆمۈر سىجاڭغا ئاۋۋال كۈچنىبىرلەشتۈرۈپ يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭنى يوقىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرغا خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىغا يارىدەملىشىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى جەڭ قىلىش تەكلىپىنىبەرگەن. ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان. ئۇلار «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بىر يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىپ، شۇ ئورۇننى بازا قىلىپ، قەشقەردە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن. سابىت داموللام قەشقەردىكى گۇرۇھلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «خوتەن

ئىدارىسى» دېگەن بۇئورۇننى قۇرۇشتىكى مەقسىتىنى «خوتەن ياردەم بەرگەن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» دەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى ۋاقتىنچە يوشۇرغان.

تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىششقا باشلىغان ھەم بارا - بارا بۇ قارشىلىقنىچېكىگە يەتكۈزۈپ، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نەزەربەند قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى خوتەنگە قوغلىۋەتكەن، ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقىنى كۆرگەن ئوسمان تۆەنجاڭمۇ تاغقا چىقىپ كەتكەن. نەتىجىدە، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنىڭخوجىسى بولۇپ قالغان. خېلىدىن بېرى يېڭىشەھەردە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ما جەنساڭ قەشقەردە پەقەت تۆمۈر سىجاڭنىڭلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆزىنى پادىشاھتەك ھېس قىلىپ، خۇشال يايراپ بىخۇدلاشقان پەيتىنى پەملەپ، تۆمۈر سىجاڭ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىغا كېتىۋاتقاندا پىستىرما قۇرۇپ ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەر شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1924 - يىلدىن بېرى قەشقەرگە دوتەيلىك قىلىپكېلىۋاتقان تۇڭگان ما شاۋۇ بىلەن ما جەنساڭ يېڭىشەھەردىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ جايلاشقان. شۇ كۈنىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا سېتىۋالدىجان قۇربېشى دېگەن ئۆزبېكئاتامانىنىڭ ئادەملىرى شاھ مەنسۇر بىلەن سابىت داموللامنى نەزەربەندتىن قۇتۇلدۇرغان. شاھ مەنسۇر دەرھال يەكەنگە ئاتلىنىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان. سابىت داموللام ئاتۇشقا چىقىپ شۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان ئاتامانلار بىلەن قەشقەرنىقايتۇرۇۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن. تاغقا چىقىپ كەتكەن ئوسمان قىرغىزنى تەكلىپ قىلىپ كۈچىنى يېڭىباشتىن تەشكىللىگەن. ئۇلار 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈشكەن. ئوسمان ئەلى ئۆز ئادەملىرى بىلەن تاغ تەرەپتىن، سابىت داموللام ئۇيغۇر تۆەنجاڭ، ئۆزبېك ئاتامانلار بىلەن ئاتۇش تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىغان. بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىر تۇڭگانلارنى يېڭىشەھەرگە چېكىندۈرگەن. قەشقەر قولىغا كەلگەندىن كېيىن سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەر تەرەپكەكېلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى خاتىرجەم قىلىش ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنىئىپادىلەش ئۈچۈن، تۇرپانلىق يۇنۇس بەگنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ قويغان. قەشقەرنىقولغا ئالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىرتەرەپتىن يېڭىشەھەرگە بېكىنىۋالغان ما جەنساڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن «ھۆكۈمەت» نى قۇرۇش ئىشىغا جىددىيكىرىشىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇ مۇشۇ چاغدا، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئەرەب تىلىدا نەشرقىلىنىدىغان «مانار» (ماياك) ژۇرنىلىغا

بىرنەچچە پارچە خەت ۋە خەۋەر يېزىپ، ئۇلاردىن مەنىۋى ياردەملەرنى سورىغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىدە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل ئىنقىلابىدىن تارتىپ خوتەن، قەشقەرلەردىكى قوزغىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى، جەريانىنى ۋە مۇددىئاسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئۇ، بۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپلا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان. بۇنى بىز «مانار» ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1352 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا، يەنى مىلادىيە 1933 ـ يىلى دېكابىردا نەشر قىلىنغان 6 ـ سانىدا، سابىت داموللامىنىڭ ئاپتورلۇقىدا ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرگە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يازغان كىرىش سۆزىدىن ئېنىق ھېس قىلالىشىمىز. پانئىسلامىزملىق ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەر باشقۇرىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرى كىرىش سۆزدە سابىت داموللامنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ مۇنداق يازغان: «بۇ ماقالە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان يېتۈك ئۆلىما، تەقۋادار ئۇستاز سابىت ئىبنى ئابدۇلباقىنىڭ >مانار <ژۇرنىلىغايازغان ماقالىسى. بۇ زات مۇشۇ خەۋەر بىلەن بىزگە يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەكتۇپىدا تىلغا ئالغاندەك قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن >ئىسلامىي ئاساسىي قانۇن <لايىھەسى تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاللا خالىسا پات يېقىندا تەييارلاپ ئەۋەتىمىز». بۇ كىرىش سۆزدىنكۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي غەرىزى، يەنى ئاتالمىش «شەرقىيتۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خىيالى بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن، ئۇ، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۇزاقتىن بېرى ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، خەلقئارالىق پانىسلامىزچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاندىن بۇ سەھنىگە چىققان. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئۇنىڭ پىشقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

سابىت داموللام قەشقەردىكى ئابرۇيي ـ ئىناۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى بىلەن ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن ئورۇننىڭ نامىنى «خوتەن ئىلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» غا ئۆزگەرتكەن. روشەن سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ نام ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ قاتارلىقلارنى سەگەكلەشتۈرگەن. ئۇلار سابىت داموللام قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، بۇ ئورگاننى پېچەتلەش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما جاھان كۆرگەن، دىنىي بىلىمى مول، گەپ ـ سۆزگە ماھىر، بولۇپمۇ تەقۋادارلىقتا ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ، يۇنۇس بەگلەردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان سابىت داموللام قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى يۈكسەك ئورۇنغا ئۆتكەن. لېۋ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭلار سابىت داموللامنىڭ «خوتەن

ئىدارىسى» نى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا نارازى بولۇپ، بۇ ئورگاننى پېچەتلەشكە قول سېلىپ بولغۇچە، سابىت داموللامنىڭ ئىناۋىتى قەشقەردە تېزلىكتە ئۆسۈپ، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلار ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەس بولۇپ قالغان. 9 . ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سابىت داموللام تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇئورگاننىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭەشى» گە ئۆزگەرتكەن. سابىت داموللام مۇشۇ چاغدا ئاندىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئاشكارىلىغان، بىر قىسىم كىشىلەرنى كېڭەش ھەيئىتى قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، پارچىلانغان كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. 1933 . يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچتە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى رەسمىي قۇرۇپ، بۇ كېچىنى «مىللەت كېچىسى» دەپ ئاتىغان. «ھۆكۈمەت» نىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئون نەچچەمىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىرىنى بېكىتكەن. ئەتىسى تۈمەن دەريا كۆۋرۈكى بويىدا 20 مىڭكىشىلىك يىغىن ئېچىپ، «بايراق چىقىرىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭئىسىملىكىنى ئېلان قىلغان. سابىت داموللام «ھۆكۈمەت باياناتى» نى ئوقۇغان. توپ ئېتىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. سوۋغات بۇيۇملىرى قوبۇل قىلىنغان. ئارقىدىن نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار ھېيتگاھقا توپلاشقان. كۆپ يىللىق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان تىپىك بۆلگۈنچى سابىت داموللام بۇ نامايىشتا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇنىڭ قوللىغۇچى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇشقان. شائىرلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىپ ھېيتگاھنى بېشىغاكىيگەن. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشقان، چۈنكى، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىبىلەن زىيادە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقاچقا، ئەنگلىيە تەرەپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى گۇرۇھنى ئۆزىگە تارتىش يولىنى تۇتقان. دىڭ دۇبېنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىيتارىخي» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، «ئەنگلىيە شىنجاڭدا <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قۇرۇلۇپلا قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشقىلى بولىدۇ ھەم جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىراق ئەنگلىيەمۇ <شەرقىي تۈركىستان> ۋەقەسىنىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇستەقىللىق دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيەلىكلەر <شەرقىي تۈركىستان> بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ قانچىلىك ئىستىقبالىبارلىقىنى بىلمەيتتى. گەرچە ئەنگلىيە كونسۇلى <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى>نىڭ قۇرۇلۇش <مۇراسىمى>غا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەنگلىيەھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى يەنىلا ئاشكارا ۋە قىزغىن ئەمەس ئىدى.«

بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندىن كېيىن 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېزىتنىڭ نامىنى

«ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىپ نەشر قىلغان. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن بېرى «شەرقىي تۈركىستان هاياتى» دەپ نەشر قىلىنىپكېلىۋاتقان گېزىتنىڭ نامىنىڭ بىردىنلا «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىلىشىدىنسابىت داموللامنىڭ پانتۈركىزملىق ئىدىيەسى تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن تار ئۇقۇم بىلەن «تۈركىستان» دېگەن كەڭ ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلۇپ نامى ئۆزگەرتىلگەن بۇ گېزىتنىڭ 1 ـ بېتىگە «كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى» دېگەن خەۋەر بېسىلغان. نېمە ئۈچۈنكى سەھىپە نامىدىن «دىنىي» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دەرھال «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن خەت بار قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقان. «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى دېگەن يېرىم ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ «ھۆكۈمەت» نىڭ تەشكىلى، ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. بۇمەجمۇئەنىڭ شوئارىنى دىنىدا، تىلدا، دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك دەپ بېكىتكەن. سوفىزادە دېگەن كىشى باش مۇھەررىر بولغان. بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» خوتەنلىك قاسىم ھاجى دېگەن كىشىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەپ دەرھال چەت ئەلگە يولغا سېلىپ، قورال سېتىۋېلىش، چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىنىبېجىرىشكە ئەۋەتكەن.

سابىت داموللام بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە كۈچييش ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قاراپ، ئىككى جەھەتتىن تەييارلىق قىلغان. بىرى، چەت ئەلنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن «سابىت داموللام تۇرسۇن، نىياز ئىككى كىشىنى ئۆزىنىڭ ئافغانىستان پادىشاھى باتۇر مۇھەممەت نادىرخانغا يازغان خېتىنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى، بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن> :بىز ھازىر مائارىپقا قورال ـ ياراغقا موھتاجمىز. دۈمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىزگە مىلتىق، زەمبىرەك، ئوق ـ دورا كېرەك... ئىمكانىيەت يار بەرسە غالىب قوشۇنىڭىزنى ياردەمگە ئەۋەتسىڭىز... ئەگەر تەلىپىمىزنى راۋا كۆرمىسىڭىز بىز سىزنىڭ بېتەكچىلىكىڭىز ۋە ياردىمىڭىزدىن مەھرۇم قالىمىز ـ دە، سىزنىڭ ھىمايىڭىزدە ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز...» (بۇ ئۈچۈر«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ـ 3»دا بايان قىلىنغان) يەنى بىرى، ھەربىي جەھەتتە كۈچييىپ ئۈمىدىنىئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنەچچە ۋەكىلنى ئۈچتۇرپانغا بېرىپ خوجنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد مۇھىتلارنىقەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. خوجنىياز ھاجى بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقىتەرەپ بىلەن «80 قويغا بىر مىلتىق» تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن سودىلىشىپ، 80 مىڭ قويغا 1000 تال مىلتىق، ھەربىر مىلتىققا 500 پايدىن ئوق تاپشۇرۇۋېلىش سودىسىنىبېجىرىۋاتاتتى. خوجنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى سابىت داموللام ئەۋەتكەن

ۋەكىللەردىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭغا سوغۇق ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنداقتىمۇ قەشقەرگە بېرىشنى توغرا تېپىپ 1934 ـ يىلى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئاتۇشنىڭتىجەن كەنتىدە ئەمەت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم دېگەن بايلارنىڭ قورۇسىغا چۈشكەن. سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردىن ئاتۇشقا چىقىپ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن تىجەندە كۆرۈشكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەرگەكىرگەن. لىۇ زىنشاۋ ئەپەندى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «خوجىنىيازنىڭ زور قوشۇنىنىباشلاپ قەشقەرگە كىرىشى قەشقەردە ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي خەۋەر بولۇپ قالغان. سابىت داموللام ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئۈمىد قىلمايتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى باشلامچىلىقىدىكى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر ئۇزاق مۇددەتلىكئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە، قورالىرى خىل، ھەرىكىتى چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭئۈستىگە خوجىنىيازنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيى بولغاچقا، سابىت داموللام خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەشقەر كوناشەھىرگە كىرىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن.«

كۆپىنچە ماتېرىياللاردا سابىت داموللام بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشتىن ـ ئاخىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىغان، بولۇپمۇ يېڭىقۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ئىككىسى ئىككى مەيداندا تۇرغان، دەپ يېزىلغان. لېكىن، «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدە ئۇلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ھەمكارلاشقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۈچۈر بېرىلگەن، يەنى «1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا >شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىھۆكۈمىتى <مۇسۇل ھاجىنى باشلىق، ئەمەت پاختىنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن ئۈچ كىشىنى قوشۇپ جەمئىي بەش كىشىنى بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى قوللاشنىتەلەپ قىلىش، ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىش، ئۈچىنچىدىن، سودا توختامى ئىمزالاش مەقسىتىدە تاشكەنتكە ئەۋەتكەنىدى» دەپ يېزىلغان. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ما جۇڭيىڭغا ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قىسىملىرىنى ما جۇڭيىڭغا تەۋە ما جەنساڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقابۇيرۇغان. مەھمۇد مۇھىتى قوماندانلىق قىلغان قىسىم دەسلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبەقىلىپ، شەھەر سىرتىدا مۇداپىئەدە تۇرغان ما جەنساڭ قىسىملىرىنى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە چېكىندۈرگەن. بۇ ھال ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ ھەيۋىسىنى كۈچەيتكەن. يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان كۈچلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن سېپىل ئىچىگە كىرىپ ما جەنساڭنى يوقىتىشمەقسىتىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇم تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، كۈتمىگەندە ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن 2000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ما شىمىڭ باشچىلىقىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ما جەنساڭ، ما شىمىڭ ۋە ما شاۋۋۇغا قاراشلىق ئەسكەر 6000 غا

يەتكەن. بۇ خىل كۈچ پەرقى قەشقەر ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ما شىمىڭ ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئادەملىرى قەشقەردىن‌چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان يەكەنگە يول ئالغان. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» شۇ چاغدا چەرچەندىن‌يېڭىسارغىچە بولغان جايىلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو چېگراسىغا جايلاشقان ئۈركەشتام دېگەن يەرگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن قورال ـ ياراغلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆزىنى كۈچەيتمەكچى بولغان. ئۇلار يەكەندىن يولغا چىقىپ، پەيزاۋاتتا ما شىمىڭ قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان، نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، مەھمۇد مۇھىتى يېڭىسارغا چېكىنگەن. خوجىنىياز ھاجى يۈزچە ئادىمى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرى ۋە ئۇلۇغچات يولى ئارقىلىق جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسىدىكى ئۈركەشتامغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىرنەچچە كۈنلۈك سۆھبەت ئارقىلىق‌خوجىنىياز ھاجى «فۇكاڭ پۈتۈمى» بويىچە شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولىدىغان، مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە ھۆكۈمەتكە تەۋە 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى بولىدىغان، سابىت داموللام باشلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ‌مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىغا قورال ـ ياراغ جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەن.

يۇقىرىقىدەك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەربىيەلىگەن ئىسھاق بەگ قاتارلىق‌كىشىلەر بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەركەشتامدىن ئايرىلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارغا كېلىپ، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقان. مەھمۇد مۇھىتى يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان چاغدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ يېڭىسار سېپىلىنى قوغداۋاتقان ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا) بىلەن ئەمىر ساھىب (نۇرئەھمەد) ما شىمىڭ قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىدا ئۆلۈپ كەتكەن. مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشقاندىن‌كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەكەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار يەكەنگە بارغاندىن كېيىن سابىت داموللامنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنى ئېنىقلىغان. 4ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مەھمۇد مۇھىتى 200 دىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن بېرىپ سابىت داموللام، زىرىپ‌قارىھاجىم، سۇلتانبېك ئۈچەيلەننى قولغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «شەرقىي‌تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنى ئېلىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن

يېرىگە كەلگەندە، ئۇلارنى ئاقسۇدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ما جۇڭيىڭقىسىملىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچى مالكوف ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋالغان. مالكوف خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرىغا ئىنتايىن يامان تەسىر بەرگەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولغان. ليۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، مالكوف شۇمەيداندىلا «خوجىنىيازنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ دەرھال قىسىملىرىنى باشلاپ مارالبېشى ئالدىنقى سېپىگە ئۇرۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلغان.» شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە **1937** ـ يىلى **4** ـ ئايغىچە دىۋىزىيە باشلىقى (شىجاڭ) بولۇپ تۇرغان. غەلىتە يېرى شۇ بولغانكى «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشەلمەي **1937** ـ يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ **1939** ـ يىلى **12** ـ ئايدا ياپونىيەدە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، ئۆزى ئۇنىڭغا رەئىس بولغانلىقى يېزىلغان. **(449ـ بەت)**

سابىت داموللام قۇرغان ئاتالمىش «شەرقىيتۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان «ئەركىن تۈركىستان» دېگەن گېزىتنىڭ نامى «يېڭى ھايات» قا ئۆزگەرتىلىپ، **1934** ـ يىلى **23** ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ يەنىلا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە **1937** ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىق نەشر قىلىنىپ تۇرغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قۇتلۇق شەۋقى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ **2** ـ تۈرمىگە قامالغان. سابىت داموللام تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن نەنجىڭدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن ئۇنى ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان «تيانشان»ناملىق قەرەلسىز ژۇرنالدا ماختاپ، ئۇچۇرۇپ تەشۋىق قىلغان. چۈنكى، شېڭ شىسەي نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى رەت قىلىپكېلىۋاتقان بولغاچقا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە دوست ھېسابلايتتى. شۇڭا، مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن نەنجىڭدە ئەيمەنمەستىن سابىت داموللامنى ماختاپ ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

سابىت داموللام ئۈرۈمچى **2** ـ تۈرمىدە **1941** ـ يىلى **58** يېشىدا قازا قىلغىچە قاماقتا ياتقان. جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە سىياسىي ئىرادىسىگە تامامەن زىت يول تۇتۇپ مەغلۇپ بولۇپ،

ئاخىرىدا ھاياتىنى تۈرمەكامېرىدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان داڭلىق بۆلگۈنچى سابىت داموللام كامېردىكى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ دىنىي ئالىملىق سالاھىيىتىنى ئىپسگە ئېلىپ «قۇرئان كەرەم» نى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشنى ئويلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان ياش تۈرمە باشلىقى لۇ بىندى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى تەرجىمە قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ بۇتەرجىمە - تەپسىرنى تاماملاپ ئۇنى «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دەپ ئاتىغان. كىتابىغا يازغان كىرىش سۆزىدە «... ھەر سائادەتنىڭ يۇلتۇزى، ھەر شاراپەتنىڭ يىلتىزى، ھەر ئىلىم - مەرىپەتنىڭ دېڭىزى، ھېكمەت ۋە ئادالەتنىڭ تارازىسى شەكسىز قۇرئان ھېكمەدۇر. بۇ قۇرئان ھېكىم خۇدانىڭ كالامى بولغاچ بەندىنىڭ ئۇنى بايان قىلمىقى پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىدى ... كەمىنە بۇ مەيدان كىشىلىرىدىن بولمىسامۇ ۋە مېنىڭ ئىشىم ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكتىن باشقىلارنىڭ ئىشلىرىدەك سۈپەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر كىشىگە ئۆز قۇدرىتىگە بېقىپ دىن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بەك زۆرۈر بولغان سەۋەبتىن قۇرئان ھېكمنى نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) مالال بولغۇدەك ئۇزۇن قىلماي ۋە مەنىسىگە دەخلى بەرگۈدەك قىسقا قىلماي ئوتتۇرا ھال بىر تەپسىر قىلسام دەپ كۆپ زاماندىن بېرى خىيال قىلىپ ئۇزۇن - قىسقا تەپسىرلەرنى توپلاپ ئۇنىڭدىن ئىستىپادە قىلغاندىم ... ھەمدۇ سانانىڭ ئىگىسىگە چەكسىز ھەمدۇ سانا بولسۇنكى، خۇدانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن ۋە تەۋفىق ھىدايىتى بىلەن ھىممەتلىك نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) نىڭ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولغۇدەك زىبا بىر كىتاب بولدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ تەرجىمە - تەپسىر توغرىسىدا كېيىنكى كۈنلەردە نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، جۇڭگودا تەسرى زور خۇيزۇ دىنىي ئالىملاردىن فىڭ جىنيۈەن بىلەن چىن گۇاڭيەن تۈزگەن، بۈگۈنكى جۇڭگو نەشرىياتى نەشرقىلغان «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال - جاۋابلار» دېگەن كىتابتا «جۇڭگودا <قۇرئان كەرىم> نىڭ ئۇيغۇرچە قانداق تەرجىمە نۇسخىلىرى بار» دېگەن بىر سوئال بار. ئاپتورلار بۇ سوئالغا يازغان جاۋابىدا «بەش تەرجىمە نۇسخىسى بار» دەپ تىلغا ئېلىپ، تۆتىنچى نۇسخىسىنى>» روشەن بايان، تۈركىي تەپسۇرۇل قۇرئان <دېگەن نامدا سابىت دامولللام تەرجىمە قىلغان» دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتورلار تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «بۇ تەرجىمە - تەپسىر يۇقىرى سۈپەت، چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، كىشلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. سابىت دامولللامنىڭ غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ھاجى ئابدۇللا **1961** - يىلى بۇ تەرجىمە - تەپسىرنى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تەقدىم قىلغان» دەپ يازغان. «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال - جاۋابلار» دېگەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ئابلاجان كېرەم چىن گۇاڭيەننىڭ يۇقىرىقى بايانىغا مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «سابىت دامولللام بۇ تەرجىمە - تەپسىرنىشىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئون نەچچە دەپتەرگە سۆسۈن سىياھلىق قېرىنداش بىلەن ئىشلەپ تاماملىغان. بۇ تەرجىمە تەپسىرنىڭ 30 - پارىسى **1948** - يىلى غۇلجىدا

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان.» سابىت داموللام شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» ناملىق بۇ كىتابنىڭ غۇلجىدا قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ توغرۇلۇق ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بار. بىرى، تۈرمداشلىرى غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، **1941** ـ يىلى **10** ـ ئايدا ئىلىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى جىددىيلەشكەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېزلىكتە خۇيزۇ ليۇ بىندىنى ئىلىغا مۇئاۋىن ۋالىي، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتكەن. لىيۇ بىندى غۇلجا مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن سابىت داموللام تەرجىمە قىلغان كىتابنى ئاپىرىپ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان. لىيۇ بىندى شۇ يىلى **11** ـ ئاينىڭ **8** ـ كۈنى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

خۇلاسىلىگەندە، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي ھاياتى كىشىنى ئۆكۈندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىنىي ھاياتىنى بىر دىنىي ئالىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇجەسسەملەنگەن ھايات دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز زامانىسىدا تەپسىرشۇناس، ئىسلام دىنى تارىخچىسى ۋە ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە تونۇلغان ئالىم ئىدى. ئەمما ئۇ **1930** ـ يىلىدىن كېيىن يولنى خاتا تاللاپ، داڭلىق سىياسىي بۆلگۈنچىگە ئايلانغان. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭغا لىيۇ شياڭخۇي بىلەن چېن ۋۇگونىڭ «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇباھا مۇۋاپىق كەلسە كېرەك: «مەسئۇد كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەقىللىك بولۇپ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ئىلىم يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن بولسا بىر ئەۋلاد داڭلىق دوختۇر ياكى خەلققە بەخت يارىتىدىغان مەشھۇر ئالىم بولالايتتى. ئەمما ئۇئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلققە مالىمانچىلىق، مۈشكۈلات ئېلىپكېلىدىغان، بارسا كەلمەس تۇيۇق يولغا ماڭدى«.

قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ **20** ـ ئەسىر تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ يامان ۋەقە ھېسابلىنىدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللام دىنىي ئالىمدىن، تېپىك بۆلگۈنچىگە ئايلىنىپ ھاياتىنى تۈرمىدە ئاخىرلاشتۇرغان. سابىت داموللام تۈرمىدە كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كۈنى كەچقۇرۇندا، ئۇنى تۈرمىنىڭ ئۈچ ئادىمى ناسۇلكىدا نەنمىندىكى مەسچىتكا يەنى ھازىرقى«خانتەڭرى جامەسى»گە كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەسچىتنىڭ مۆتىۋەللىسى رەھىم نىياز قارىغا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىپ دەپنە قىلىپ قويۇشنى تاپىلىغان. مەسچىت جامائىتى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر سابىت داموللامنى تونۇپ قالغان. شۇ كېچىسى سابىت داموللام جان تەسلىم قىلغان. ئەتىسى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مېيىتىنى ھازىرقى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورنىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. كېيىن شەھەر كېڭەيگەندە بۇ قەبرىستانلىق شامالباغ تەرەپتىكى دۆڭگە كۆچۈرۈلگەندە،

قەبرىستانلىقنىڭ كېرەم شەيخ دېگەن كىشى سابىت داموللامنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆچۈرۈپ، قەبرە تاش تىكلەپ قويغان. سابىت داموللامنىڭ قەبرىسى 2007 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى شامالباغ ئاممىۋى قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىپ تۇرغان.

**2011ـيىلى، ئىيۇندا يېزىلدى**

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

②ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى كىتاب، ئابلەت نوردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

③شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭقىسقىچە تارىخى»، ئۈچىنچى كىتاب، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

» ④غەربىيشىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

» ⑤قىزىلسۇقىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑥سەيپىدىنئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

⑦جاڭ شۇمىڭ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر«،
2009 ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(«张秀明《新疆反分裂斗争和稳定工作的实践与思考)
ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.
⑧چېنخۇيشىڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

2004 ـ يىلى نەشرى.

⑨فېڭجىنيۇەن، چېن گۇاڭيۇەن: «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

ما شۇكاڭ: «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر (1840 – 1949)»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

مىرئەھمەد سېيىت، يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

غەيرەت ئەيسا نەشرگە تەييارلىغان «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

شېرىپ خۇشتار تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

ئابدۇكېرىم خالىق تۈزگەن «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.

شيې بىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 2 ـ باسمىسى، خەنزۇچە.

دىڭ دۇبېن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى – (ھازىرقى زامان قىسمى)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

لىيۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگو: «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان.

»شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىلىدىكى سانى (ئومۇمىي 40 ـ سان) دا ئېلان قىلىنغان تۇرسۇن باراتنىڭ «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» ناملىق ماقالە.

گېنېرال زىيا يەرگۆك: «سارقامىشتىن ئاسارەتكە (1915 – 1920)» (ئەسلىمە)، رەمزە نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، تۈركچە، ئىستانبۇل نەشرى.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق ئومۇمىي 45 ـ سانىدىن ئېلىندى)

مەنبە؛ كۆكلەم مۇنبىرى.

# يۇلتۇزلار يالترىغاندا ...

**يالقۇن روزى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بوكسچىلىرىمىز ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان چېمپىيونلۇق سۇپىسىغا پات - پات چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر قېتىم ئۇلار غالىبلارلا قەدەم قويالايدىغان سۇپىدا تۇرۇپ بويىنىغا مېدال ئېسىپ، قوللىرىدا گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، ئۆيلىرىدە تېلېۋىزورغا تەقەززالىق بىلەن قادىلىپ ئولتۇرغان مىليونلىغان كىشى ئۇلارنىڭ غالىبلارغا خاس تۇرقىغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. غەلىبە مېۋىسى ھەرقاچان شۇنچە تاتلىق. بۇنداق غالىبىيەت شادلىقىغا تولغان مىنۇتلاردا كىممۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ كىممۇ بۇ غالىب ئەزىمەتلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قارىمىسۇن؟ مىڭلىغان، مىليونلىغان خىرە يۇلتۇز ئارىسىدا توساتتىن ۋاللىدە يالترىغان نۇرانە يۇلتۇزنى كۆرگەندە كىمنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئۇنچىلىرى لىغىرلىمىسۇن؟ دائىم باشقىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە تېلېۋىزور تىزگىنىكىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىدىغان بىر ئادەم، كەسكىن ھەم رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىشىدىغان بوكس سەھنىسىدە ئۆز قېرىندىشىنىڭ قولىنىڭ رېپىرى تەرىپىدىن «يەڭدى» دەپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتمەي تۇرالامدۇ؟! غەلىبە شادلىقىنىڭ تەمىنى تېتىشقا تولىمۇ تەشنا بولۇپ كەتكەن بىر يۈرەك بۇنداق چاغدا يېرىلىپ كەتكۈدەك ھاياجان بىلەن دۈپۈلدىمەي نورمال سوقالامدۇ؟!

**1997** - يىلى ئابدۇشۈكۈر مىجىت «جۇڭگو بوكس پادىشاھى» دېگەن ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە باغلىغاندا، بۇ ئۇنتۇلماس شان - شەرەپتىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە جىمى ئادەمنىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا تولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ - چوڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە پەقەت باشقىلارنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاشقىلا ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇلىقىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ بوكس چولپانلىرىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. **1999** - يىلى **10** - ئاينىڭ ئاخىرى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا

بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ چېمپىيون بولۇشى، ئارقىدىنلا قانات ئىسلامنىڭ سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا مىس مېدالغا ئېرىشىشى، ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدال ئالىدىغان ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى، بۇ يىل كۆزدە شەندۇڭنىڭ جىنەن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا قانات بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇن چوڭنىڭ بىراقلا چېمپىيون بولۇشى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسنى كۆزىمىزگە قەھرىمانلاردەك كۆرۈندىغان قىلىۋەتتى. ھەقىقەتەنمۇ، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى قۇرۇلغان 1994 ـ يىلدىن بۇگۈنگىچە بولغان 15 يىل مابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى چوڭ ـ كىچىك مۇسابىقىلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئالتۇن مېدال سانى 55 كە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى كۆزنى كوماندا بولۇپ قالدى. بىر ئەمەس بىرنەچچە چولپان بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر كوماندا بولۇپ قالدى. خەلق ھەۋەس قىلىدىغان، سۆيۈنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان غالىب كوماندا بولۇپ قالدى. قىسقىسى، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى 15 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھالقىپ، جۇڭگوغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كوماندا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئاراغا يۈزلەنگەن داڭلىق كوماندا بولۇپ قالدى. مەملىكەت بويىچە 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، خەلقئارا بوكسچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو بوكس باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى چاڭ جياپىڭ شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنى «شىنجاڭ بوكس كوماندىسى بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىدا سەۋىيەسىنى قالتىس نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ماھىرلىرى باتۇر ھەم چىداملىق، ھازىر شىنجاڭ بوكس ماھىرلىرى جۇڭگو بوكسچىلىقىدىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. شىنجاڭ بوكسچىلىقى جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى» دەپ تەرىپلىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماھارەت تەنتەربىيەسى ھىيلە ـ نەيرەڭدىن خالىي ساھە. ماھارەت تەنتەربىيەسى تۈرىگە كىرىدىغان بوكس مۇسابىقىسى تېخىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ساھەنە. بۇ ساھەندە قەيسەر، چىدامچانلىقى يۇقىرى، تېخنىكىسى ئۈستۈن، ئىنكاسى تېز، پسىخىكىسى تۇراقلىق، تاكتىكىغا ماھىر، رەقىبىنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرەلەيدىغان، جانلىق، تېتىك، چەبدەس مۇنەۋۋەر بوكسچى بولماي تۇرۇپ چولپانلىق تاجىنى كىيىش مۇمكىن ئەمەس، بىر كوماندا بىر ئەمەس، بىر توپ مۇنەۋۋەر بوكسچىغا ئىگە كۈچلۈك قوشۇن بولماي تۇرۇپ، بوكس ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىق بىلەن تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كەسپىي ساھەدىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بوكس مۇسابىقىسى كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ئەمەلىي نەتىجىگىلا قارايدۇ، يەڭگۈچىنىلا قەھرىمان دەپ تونۇيدۇ.

«جۇڭگونىڭ ئولىمپىكى» دەپ تەرىپلىنىدىغان، تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا 1997 ـ يىلدىن 2009 ـ يىلىغىچە ئۇدا تۆت قېتىم ئىزچىل ئالتۇن مېدال ئېلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بوكس كوماندىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماھارەت تەنتەربىيەسى ساھەسىدە خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان، شان ـ شەرەپ ئېلىپ ئويغاتقان، ئۈمىدى باغلانغان بىردىنبىر كۈچلۈك كوماندا بولۇپ قالدى.

ئاۋام چېمپىيونلارنى ئىسىدە ساقلايدۇ. يەڭگۈچىلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق خەلق كۈچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەھرىماننى چوڭ بىلىدۇ. «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى كارلىكنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قەھرىمانغا ئېتىبار بەرمەيدىغان مىللەت ياكى دەۋر ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر تارىختىكى ياكى ھازىرقى مەشھۇر شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغىمۇ مەستلىكى كېلىدۇ. چۈنكى، تارىخنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا قەھرىمان يارىتىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كۆپ مىللەتنىڭ شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كەمچىل مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى قەھرىماننى سىرتتىن «ئىمپورت» قىلىدۇ. سىرتتىن «ئىمپورت» قىلىنغان قەھرىمانلارنىڭ نىسبىتى ئاشقانسېرى مىللىي ئىشەنچ يوقىلىپ بارىدۇ. مىللىي قەھرىمانلار بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەسى. قەھرىمانلىق بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئەڭ نۇرلۇق سەھىپىسى. مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن پايدىلىق ھەرىكەتلەر ئىچىدە قەھرىمانلىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەرىكەت بولمىسا كېرەك. ئەجدادلىرى قەھرىمان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى غۇرۇرلۇق كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، 1812 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىردە 33 ياشلىق ناپولېئون رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق چوڭ جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ئەسكەرلىرىگە: «ئەۋلادلىرىڭلار مەغرۇر تەلەپپۇزدا سىلەرنىڭ بۈگۈنكى باتۇرلۇقۇڭلار توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان بولسۇن!» دەپ ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرغان.

قىزىق يېرى شۇكى، كۆپ ھالدا قەھرىمان، بولۇپمۇ سالاپەتلىك قەھرىمان رەقىبلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ ھەۋەس قوزغايدۇ. پەزىلىتى پۈچەك، گەپ ـ سۆزى ئالىجوقا، خاراكتېرى ئاجىز، مىجەزى تۇتۇرۇقسىز ئەرزىمەس رەقىبلەرنى كىشىلەر قىلچە مەنسىتمەيدۇ. ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىدا مىسلىسىز شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتقان قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ باتۇر خەلق ھۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نەچچە ئەۋلاد سۇلالە ـ خانلىقلارنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۇلالە ـ خانلىقلارنىڭ نەزىرىدە ھۇنلار يەنىلا ھەۋەس قىلىدىغان ئوبيېكت ھېسابلانغان. مىسال ئۈچۈن

ئالساق، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون ساۋ ساۋ (155 – 220) نىڭ ھۇنەرلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە بىر قىزىق ئىش بولغان: تارىخىي كىتابلاردا تەسۋىرلىنىشىچە، ساۋ ساۋ كىچىكىدىنلا زېرەك، پۇرسەتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە ماھىر ئىكەن. قائىدە - تۈزۈملەر بىلەنمۇ ئانچە كارى يوق، تۇرمۇشتا ئەركىن ئىكەن. كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن، شېئىر - نەزم يېزىشقا ماھىر، ھوقۇقدارلارنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە رەقىبلىرىنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، ۋېي خانلىقىنى قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا جاھان سورىغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن سىياسىي، ھەربىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋېي خانلىقىغا قوشنا ئولتۇرىدىغان جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ بىر سەركەردىسى ساۋ ساۋنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىلىككە كەپتۇ. ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدىغان ساۋ ساۋ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تازا قامەتلىك ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ يايلاق باتۇرلىرى ھېسابلىنىدىغان ھۇنلارنىڭ ھەيۋىسى زور، قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئادەتتىكىچە تۇرقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۈكۈنەم كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئېگىز ۋە سالاپەتلىك دىۋانبېگى سۈي يەننى ئۆزىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇپ ھۇن سەركەردىسنى قوبۇل قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا، تەختنىڭ يېنىدا دىۋانبېگى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ. ھۇن سەركەردىسى كېلىپ، كۆرۈشۈش تامام بولغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋنىڭ ھۇن سەركەردىسنى ئۇزاتقىلى چىققان ۋەزىرى ئۇنىڭدىن: «جانابلىرىدىن سوراپ باقسام، بىزنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىمىز ھەققىدە قانداق تەسىراتتا بولدىلىكىن؟» دەپ سوراپتۇ. ھۇن سەركەردىسى ناھايىتى تەبىئىيلا: «پادىشاھىڭلار قارىماققا جەسۇر كۆرۈنىسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئىرادىسىزلىكى، پاراسەتسىزلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن. قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، يېنىدىكى دىۋانبېگى ئادەمگە باشقىچە تەسىرات بېرىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەيسەرلىكى، قابىللىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. ئاشۇنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇ گەپنى ساۋ ساۋغا ئېيتىپ بەرگەندە ساۋ ساۋ قىلمىشىنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن، ھۇنلارغا كۈچلۈك پادىشاھ سۈپىتىدە تەسىر بېرەلمىگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىپ، قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. كۈچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىش، بولۇپمۇ رەقىبىگە، رىقابەتچىسىگە كۈچلۈك تەسىرات بېرىشكە تىرىشىش ئەلمىساقتىن بېرى بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق خاھىش. چۈنكى كۈچلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قەھرىمان بولالمىسىمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا قەھرىمان كۈچلۈكلەردىن چىقىدۇ.

قەھرىمانلىق ھەقىقەتەنمۇ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ھەرىكەت. بۇلبۇل چاڭىلداپ سايراشلىرى بىلەن سۆيۈملۈك بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى يوق. بۈركۈت يىرتقۇچ قۇش بولسىمۇ، باتۇر بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېيىقىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بايراق ۋە گېربلىرىغا ئۇنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭا، مىللىي

قەھرىمان بىر خەلقنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مىللىي قەھرىمان مىللەتنىڭ پەخرى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان سەھنە ـ سورۇنلارنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە دەۋر تۇسگە ئىگە قىلدى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە قەھرىمانلىق قارىشىمۇ كۆچلۈك ئىنسانىيلىق تۇسگە ئىگە بولدى. بىر خەلقنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ئاتىلىش ئۈچۈن، جەزمەن جەڭ مەيدانلىرىدا جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش بىردىنبىر شەرت بولماي قالدى. ئەلۋەتتە، قەھرىمان پەقەت ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدىلا بارلىققا كېلىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. سادام ئامېرىكىلىقلارغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپمۇ ئىراقلىقلارنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ھېسابلىنالمىدى، ئادەتتىكى بىر مۇخبىر بولغان زەئىد بولسا ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇشقا ئايىغىنى ئېتىش بىلەن ئىراقلىقلارنىڭ قەلبىدە مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز نوزۇگۇمنىڭ تارىخىمىزدىكى نامى ئۆچمەس قەھرىمان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇيلاپ باقساق نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىقى ھەرگىزمۇ قىر ـ چاپ مەيدانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەمەس. بەلكى بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر كۈن كەلسىمۇ خەلقنى قۇل قىلغان دۈشمەننىڭ خوتۇنى بولۇشنى خالىمىغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نوزۇگۇم قولدا قىلىچ تۇتۇپ «ئۇرۇش قەھرىمانى» بولغان قىز ئەمەس، بەلكى ئىشتانىبېغىنى چىڭ تۇتۇپ «ئىپپەت قەھرىمانى» بولغان قىز. نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىقى قەلبىمىزنى قانچىلىك دەرىجىدە لەرزىگە سالىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دېمەك، قەھرىمان ئوخشاش بولمىغان سورۇن ۋە ئالاھىدە شارائىتتا ئىپادىلىگەن باتۇرانە ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئالاھىدە مىنۇتلاردا ئىپادىلىگەن باتۇرلۇقى بىلەن ئۇلار ئەۋلادلار قەلبىدە نامى مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدىغان ئەزىمەتكە ئايلىنىدۇ. قەھرىمانلىق – بىر خىل كىشىلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتكى، ھەرگىزمۇ بىر خىل قىلمىش ئەمەس. قەھرىمانلىق ئىدىيە، خۇشاللىق ۋە بەختنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەھرىمانلىقنىڭ ئۆلچەملىرى ھەر خىل بولىدۇ. بۇرچ چەكلىك، تۆھپە چەكسىزدۇر؛ ھەققانىيلىق ئۈچۈن ئىزتىراپ چېكىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش؛ ئۆز ـ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش، ئۆزىدىن ھالقىش؛ گۈزەل غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا باشقىلاردىن ئارقىدا قالماسلىق قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ئادەملەر قەھرىمان بولمىسا، كىم قەھرىمان سانىلىشى كېرەك؟

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپادا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللىي قەھرىمانلارنى دوستانە سورۇنلاردىمۇ بارلىققا كېلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. رىقابەت كەسكىن بولىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقە مەيدانلىرى كىشىلەر خۇشاللىق ۋە تەقەززالىق بىلەن تاماشا كۆرىدىغان، شۇنداقلا يېڭى ـ يېڭى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان سەھنە بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ بوكس چولپانلىرىمىز يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى يېڭىچە مىللىي قەھرىمانلاردۇر. بىز ئۇلاردىن ئوخشاشلا پەخىرلىنىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەيمىز. بىز ئۇلارغا مەدھىيەگە تولغان سۆزىمىز بىلەن، ھۆرمەتكە تولغان كۆزىمىز بىلەن، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان يۈزىمىز بىلەن ئالقىش ياغدۇرىمىز. شۈبھىسىزكى، قەھرىماننى قەدىرلەش بىر تۈرلۈك ئەخلاق!

ئەلۋەتتە، بوكس سەھنىسىدىكى ھەرقانداق بىر قەھرىماننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان ـ شەرىپىنىڭ كەينىدە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىر جەريان بولىدۇ. بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ چاقنىغان ھەرقانداق ئەزىمەتنىڭ كەينىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك، تەلەپچان، پىشقان بىر مەشقاۋۇل بولىدۇ. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ خەلقئارا سەۋىيەلىك كۈچلۈك كوماندىغا ئايلىنىشىدا، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەردە غەلىبە ـ ئۇتۇقلارغا ئۈزۈلمەي ئېرىشىشىدە، شىنجاڭ بوكسچىلىقىنىڭ بەرپاچىسى، جان كۆيەر پاسبانى، خەلقئارا دەرىجىلىك داڭلىق مەشقاۋۇل ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ 15 يىلدىن بۇيان بىر ـ بىرىدىن باتۇر بوكسچىلارنى تەربىيەلەپ، قەھرىمانسىراپ كەتكەن قەلبىمىزگە كەينى ـ كەينىدىن ئېيتىخار تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان تۆھپىسى زور مىللىي قەھرىمان. مەن كۆرگەن ئابلىكىم ئەپەندى بوكس ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئادەم. ئۇ كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى، مۇستەقىل ئىدىيەسى بار، دۇنيا قارىشى پىشقان، پىكىر قىلىشقا ماھىر، تەھلىل كۈچى كۈچلۈك، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، خاسلىقى روشەن، گەپ ـ سۆزى تۈز، خاراكتېرى كەسكىن، مىجەزى قوپال، چىراي ـ شەكلى ئارىيانلارغا خاس ئەزىمەت سۈپەت مەشقاۋۇل. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەكىتلەيدىغان گېپى «باھانەڭنى قوي!» دېگەن مەشھۇر سۆزدۇر. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان تۇنجى سائەتتىلا، ئۇنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزنى تىلغا ئالغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. بۇ مەشھۇر سۆز ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى (باشقىچە ئاتىلىشى غەربىي پوينت ھەربىي مەكتىپى) نىڭ ئەقىدىسى ھەم مىزانى ئىدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا «مەن ئامېرىكىلىق فىرور كېيسپ يازغان <باھانەڭنى قوي>! دېگەن كىتابنى ئوقۇشتىن ئىلگىرىلا كوماندىدىكى بالىلارغا مۇشۇنداق تەلەپ قوياتتىم. 2004 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاشۇ كىتابنى ئوقۇپ، بۇ خىل قارىشىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەن ئۇ كىتابنى يادلىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئوقۇغان» دېدى. ئۇ ماڭا يەنە مۇنداق دېدى: «مەن كوماندىدىكى بالىلارنى سىستېمىلىق مەشىق قىلىشقا يېتەكلەيمەن. ئۇلاردىن يۈرىكىنى بېرىپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. مەشىق ئۈچۈن مەشىق قىلىشقا قارشى تۇرىمەن. ئادەتتە بىر بوكسچى بىركۈن تەلەپ بويىچە ئۆلچەملىك مەشىق قىلسا، بەدىنىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى كىلوگىرامغا يېقىن تەر چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق تۈردىكى مەشىقتە تەر چىقىدۇ. ئەمما، يۈرىكىنى بېرىپ قىلغان مەشىق بىلەن يۈرىكىنى بەرمەي قىلغان مەشىقنىڭ ئۈنۈمى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، مەن تەر بىلەن تەر ئوخشىمايدۇ، قان بىلەن

قان ئوخشمايدۇ، دەپ قارايمەن. مۇسابىقە مەشقىنىڭ داۋامى. يۈرەكنى بېرىپ ياخشى مەشق قىلمىغاندا مۇقەررەر ھالدا مۇسابىقىدە كەتكۈزۈپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا، ھەرقانداق ئۇنى - بۇنى دەپ باھانە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسا، باھانەڭنى قوي! دەپ ئۇلارنىڭ باھانە كۆرسىتىشكە يول قويمايمەن. سەن مەشقنى ئىچ - ئىچىڭدىن قايناپ قىلغانمۇ - يوق؟ مەشق جەريانىدا كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغانمۇ - يوق؟ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن مەشق قىلىۋاتقانلىقىڭنى چىن مەنىدىن چۈشەنگەنمۇ - يوق؟ دەپ ۋارقىراپ كېتىمەن. ماڭا چولپان كېرەك، نەتىجە كېرەك. كىمكى بىر پاتمان باھانە - سەۋەبلەرنى سۆزلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنسا، بىزنىڭ بوكس كوماندىمىزدا بۇنداقلارغا ئورۇن يوق! قەتئىي نىيەت بىلەن يېڭىباشتىن پىلان تۈزۈپ، سىستېمىلىق مەشق قىلىپ، ئۆزىدىن ھالقىش كېرەك» دېدى.

ئابلىكىم ئەپەندى كوماندىدىكى بالىلارغا يەنە «شان - شەرەپ تۇيغۇسى بىزنىڭ كوماندىنىڭ جېنى» دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، شان - شەرەپ تۇيغۇسى بولمىغان كوللېكتىپتىن پارلاق ئىستىقبال كۈتكىلى بولمايدۇ. بوكس كوماندىسىنىڭ مەشق زالىغا كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن تامغا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «ۋەتەننىڭ شان - شەرىپى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن شوئار چېلىقىدۇ. ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى باشقا كىشىلەر ئەمەس، دەل شان - شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەر روياپقا چىقىرىدۇ. شان - شەرەپ ئېڭى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ غايىسى نامرات، ئىرادىسى ئاجىز، قۇربان بېرىش روھى سۇس كېلىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندى: «شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. كوماندىمىزدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەرقانداقلىقى شان - شەرەپنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، خىزمەت، تۇرمۇش، ئالاقە قاتارلىق ھەرقانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا، ئۆزىنى قەدىرلەشكە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ» دېدى.

كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىلەر ئادەتتە «بوكس چولپىنى بولۇش ئۈچۈن زاڭاقلىرى يانجىلىپ، بۇرۇنلىرى ماكچىيىپ، يۈز - كۆزلىرى يېرىلىپ كەتسىمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ قارايدۇ. مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم. ئابلىكىم ئەپەندى گەپ ئارىلىقىدا «بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇش بىر بوكسچى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، ئەمما، بوكس چولپىنى بولۇش تولىمۇ مۇشكۈل ئىش. ئۇزاق مۇددەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك مەشق جەريانى بولماي تۇرۇپ يارامىلىق بوكسچى بولغىلى بولمايدۇ. بوكسچى بولغان ئادەمدە قاۋۇل بەدەن، كۈچلۈك مۇسكۇل، ئېغىر مۇشت بولسىلا بولمايدۇ. سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي مەشق قىلىدىغان ياخشى ئادەت، مۇسابىقە جەريانىدا پۇرسەتنى ئىگىلەيدىغان دىت، رەقىبىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئاجىزلىقىنى بايقىيالايدىغان سەزگۈر كاللا،

تاكتىكا جەھەتتىكى جانلىقلىق، مۇداپىئە جەھەتتىكى ماھىرلىق بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇسابىقە جەريانىدا ھەم بۆرە، ھەم تۈلكە مىجەز بولۇشى كېرەك» دېدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قوماندانلارغا خاس پاراسەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بارلىقىنى ئۆز كەسپىگە بېغىشلىغان، يېتىلگەن مەشقاۋۇل ئىدى. بۇ قېتىم جىنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بارغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى تۇرسۇنجان ھامۇت شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىن مۇسابىقىگە قاتناشقىلى بارغان 10 ماھىردىن ئىككىسىنىڭ ئالتۇن، بىرىنىڭ كۈمۈش، بىرىنىڭ مىس مېدال ئېلىشتەك، تۆتەيلەننىڭ 5 ـ لىككە ئېرىششتەك ئالاھىدە نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش جەريانىدا ئابلىكىم ئەپەندىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇپ مۇنداق يازغان: «ئابلىكىم ئەپەندى كىشىنى ئېيتخارلاندۇرىدىغان بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش <فىلىم> نىغا ناھايىتى جايىدا <رېژىسسور> لۇق قىلدىكى، مۇسابىقە خۇددى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، شاگىرتلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسىنى بەش قولدەك بىلىدىغان تەجرىبىلىك، قابىل مەشقاۋۇللا ئەمەس، ئەمەلىيەت جەريانىدا پىشقان، تەجرىبىلىك، مۇسابىقىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ماھىر ماسلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىمۇ ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلاتتى.»

بىركۈنى ئابلىكىم ئاكا ماڭا مۇنداق دېدى: «يالقۇن ئۇكام، مەن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، شۇڭا ئانا تىل ـ يېزىق ئاساسىم ئاجىزراق. يېقىندىن بۇيان ئانا تىلىمغا بولغان ئامراقلىقىم بارغانسېرى كۈچىيىپ سۆزلەشنى، ئوقۇشنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن. بىز بوكس كوماندىسىغا يېڭى بىنا سالدۇق. شۇ يېڭى بىنادىن راۋۇرۇس بىر ئۆينى ئاجرىتىپ مەخسۇس كىتاب ئوقۇيدىغان جاي قىلماقچى. سەن ئوبزورچى بولغاندىكىن بىزگە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان ياخشى كىتابلاردىن بەش ـ ئونىڭنى تاللاپ بەرگىن. كوماندىمىزدا 40 تەك ئادەم بار. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرمىسەم بولمايدۇ. مەن تەربىيەلىگەن بوكسچىلارنىڭ بەدەن ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، قەتئىي بولمايدۇ. بۇلار ھازىرمۇ كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن يېتەرلىك ئەمەس. مەنغۇ قەيەرگە ماڭساق، بىرەر يەشلىك كىتاب ئېلىۋالىمەن. لېكىن، بۇ بالىلاردىكى كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇيدىغان ئادەتنى مۇستەھكەملىمىسەك بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم بىلەن كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم تامامەن پەرقلىنىدۇ. سەن مۇشۇ بالىلارنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، روھىغا روھ قوشىدىغان كىتابلارنى تاللاپ بەرگىن. بۇ بالىلارنى يارامىلىق چولپان قىلىشقا كۈچەپ، روھىي دۇنياسى باي، مۇھەببەت ـ نەپرىتى روشەن، ئىدىيەسى كۈچلۈك ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيەلەشكە سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ، بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا خەلققە

جاۋاب قايتۇرۇشنى ئېسىدە مەھكەم تۇتىدىغان ئەقىدىلىك ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك» دېدى.

بىر بوكسچى بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ پارلىغاندا، مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدە قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، جامائەتچىلىك قەھرىماننى ئارتۇقچە ھۆرمەتلىگەندە قەھرىمان مەغرۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا كىشلەرنىڭ ھۆرمىتى ئاۋارىچىلىكتەك، مەدھىيەلىرى ۋاڭ ـ چۇڭدەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، قەھرىمان غەلىبە قۇچقاندىن كېيىن ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. غەلىبە قىلىشنى بىلگەنلىك غەلىبىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەنگە تەڭ ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر قىسىم بوكس چولپانلىرى پۇلغا قىزىقىپ قارا گۇرۇھلارنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بىر قىسىم بوكس چولپانلىرى ساھىبجامالارنىڭ قاش ـ كۆزىگە مەپتۇن بولۇپ ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم بوكس چولپانلىرى غەلىبىدىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىپ، بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئالىلبۇرۇن جىنايەت يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئاخىرقى ھېسابتا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھوشىغا كەلگەن مىساللار ئاز ئەمەس. شۇڭا بوكس چولپانلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا، روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتە كامالەت تېپىشىدا ئەڭ ياخشى دوست ھېسابلىنىدىغان كىتاب ـ ژۇرنال سەل قاراشقا بولمايدىغان بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

يىراقنى كۆرەر نەزەرگە ئىگە بىر سەركەردە كۆز ئالدىدىكى غەلىبىندىلا كۆرمەستىن، بەلكى غەلىبىدىن كېيىن كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان ياخشى ـ يامان ئېھتىماللىقلارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئالدىن، پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ روھىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈشى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيتى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىنىنەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئائىللەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار روناق تاپقانسېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ، ئۆرلەيدۇ. قالاق ئەللەردىكى ئائىللەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۆيىنى ئەينەك تام، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ. ئۇلار مەغرۇر، تەنتەك، پۇلپەز، سۆلەتۋاز بولۇپ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ!»

ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ چولپان بولۇشىغا ئەمەس، بەلكى ئېزىلگەن قۇلىچىغا ئوخشاش كۆچمە ۋە يوكىدىكى ئاياق كېرەكلىرىنى كونترول قىلىشى، مەنىۋىيەتكە ئەگىشىپ ئىگىلەش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى بولۇپ، ماڭا ئاپتوماتىك تۈگمىگە ئوخشاش ئىشلەتكەن ئىدى. دىلىم بىلەن ئورۇنلاپ تۇرلۇك مەزمۇندىكى ياخشى كىتابلارنى تاللاپ بەردىم.

ئابلىكىم ئەپەندى مەسئۇلىيەتچان، ئۇزاقنى كۆزلەيدىغان قابىل يېتەكچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق دېدى: «ياخشى كوماندا بولۇش ئۈچۈن يارامىلىق مەشقاۋۇل كەم بولسا بولمايدۇ. بىر ياخشى مەشقاۋۇل چولپان تەربىيەلەشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىزباسار تەربىيەلەشكە سەل قارىسا مەسئۇلىيەتسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بىر شام بىلەن بىرنەچچە شامنى ياندۇرغاندا دەسلەپتە ياندۇرغان شامنىڭ يورۇقلۇقى ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك گېپى بار، مەن ھازىر مەشقاۋۇللۇقتا ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىملارنىڭ ئىزىمنى بېسىشىغا ئاساس سېلىپ بولدۇم. ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىكى ئەھمىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى بىلىدىغان ئۈمىدلىك مەشقاۋۇللارغا ئايلاندى. ياخشى مەشقاۋۇل بولۇش ئۈچۈن ماھىرلارنى مەشىقلەندۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىگىلەشلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ھەم بوكسچىلارنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ - ئىستەك ئوتلىرىنى كىم ئۈچۈن ياندۇرۇشنى ئېنىق بىلىشى كېرەك.»

مەن ئابلىكىم ئەپەندى بىلەن ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ھەر قېتىم بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلىرىمىز بىپايان تەنتەربىيە ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ يالتىرىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرانىلىكىنىڭ سەۋەبىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولىمەن.

**2009 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى**

# «ئەي، ئادەملەر»دىن « بىز-ئادەملەر» گە نەزەر

ياسىنجان ئوسمان ئەركزات

( شائىر مۇساجان يۇنۇسنىڭ «ئەي، ئادەملەر»ناملىق شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە مۇلاھىزە )

تولىمۇ مۇرەككەپ، ئىنتايىن تىلسىملىق بۇ كائىناتتا ئەلمىساقتىن بۇيان، تۈمەنلىگەن مەۋجۇداتلار ياشىغان، ياشاۋاتىدۇ ھەم ياشايدۇ. ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك جانلىق ھېسابلىنىدىغان بىز ئىنسانلار ئەقىل-پاراستىمىزگە تايىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن تەدرىجىي ھالدا كۆپلىگەن يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتۇق، تېخىمۇ تاكامۇللىشىش يولىدا تېنىمسىز ئىزدىنىۋاتىمىز. بىز ئىنسانلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز ئادەملەر تەبىئەتنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تىرىكچىلىك ھارۋىمىزنى كۈنسېرى گۈزەللىشىۋاتقان ئەتىدىكى نۇرانە مەنزىلىمىز تامان گاھ ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇشۇپ، گاھ ئۆزئارا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تىركىشىش ئارقىلىق ھەيدەپ كېتىۋاتىمىز. سانسىزلىغان مەشھۇر رەسساملار بىز-ئادەملەرنىڭ پورترېتىنى تېنىمسىز سىزىپمۇ سىزىپ بولالمىدى، تالاي قەلەمكەشلەر بىز- ئادەملەرنىڭ روھىيىتىدىن تارتىپ شاھانە لاتاپىتىگىچە ھارماستىن تەسۋىرلەپمۇ بۇ جەھەتتە تېخىچە قانائەت تېپىپ باقمىدى. بىز-ئىنسانلارنى مەيلى قايسى بىر سەنئەتكار قايسى بىر نۇقتىدىن تەتقىق قىلغان ياكى تەسۋىرلىگەن بولمىسۇن، بۇ جەھەتتىكى بايقىلىشلار، بۇ جەھەتتىكى تەسۋىرلەشلەر، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر ۋە بۇ جەھەتتىكى جەلپكارلىقنىڭ يەنىلا تولۇقى بىلەن نامايەن قىلىنىپ بولالىغىنى يوق. مەن بىز-ئىنسانلار، بىز-ئىنسانلارنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىك ئىچىدىكى چۈشىنىپ بولماس ھاسلاتلىرىمىز ئالىمىدە سەير قىلىۋاتقان پەيتتە بىز-ئادەملەر، بىز-ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل ئەتراپلىق سۈرەتلەنگەن كارتىنىلىرى جەملەنگەن «ئەي ئادەملەر» ناملىق توپلامنى ئۇچرىتىپ قالدىم. قولۇمدا ئادەملەر ھەققىدىكى ئەنە شۇ رەڭدار سىزمىلار جەمگاھى، ئېڭىمدا يەنە شۇ بىز-ئىنسانلار، بىز-ئىنسانلار بايانىدىكى تەئەججۈپلۈك خىياللار... ئويلاپ قالدىم:

ئادەملەر، ھەي، ئادەملەر...! بىز شۇ قەدەر ئالىيجاناپ پەزىلەت، شۇ قەدەر مۇرەككەپ پىسخىكا،شۇ

قەدەر يىرگىنىشلىك كەچمىشلەرنىڭ مۇجەسسەمىمۇ!؟ ۋۇجۇدىمىز نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر خۇنۇكلىشىپ، شۇ قەدەر زەئىپلىشىپ كەتتى؟! مەن بۇ گادىرماش سوئاللىرىمغا «ئەي ئادەملەر»دىن جاۋاب ئىزدەشكە باشلىدىم. «ئەي ئادەملەر» كۆزىدە ئۆزىمىزگە سەگەك نەزەرىمنى ئاغدۇردۇم.

«مەن ئىنسانمۇ ئەمەسمۇ؟»، « قەلبىمدىكى چېقىنلار»، «تاپالمىدىم ئۆزۈمنى ئىنتىپ»، «يول تاپتىم»، « ئادەملەر»، « قىنى، مېنىڭ سۇمبۇل چاچ ئانام؟» قاتارلىق بىر يۈرۈش نادىر شېئىرلىرى ئارقىلىق كىتابخانلىرىمىز ۋە جامائەت ئارىسىدا خېلىلا زور تەسىر پەيدا قىلىپ كېلىۋاتقان ئەل سۆيگەن شائىرىمىز مۇساجان يۇنۇسنىڭ «ئەي، ئادەملەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلار مېنىڭ ئادەملەر ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق ئويلىرىمغا، ئادەملەر ھەققىدىكى چىگىش سوئاللىرىمغا خېلىلا قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بەردى.

ھەر بىر مىسراسىدىن كۈچلۈك پەلسەپىيۋى ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر ھېكمەتلەر جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، دەل جايىدا قوللىنىلغان تاللانغان ۋە تاۋلانغان ئىبارىلىرىدىن ھاياتلىق ھېكمەتلىرى نۇرلىنىپ تۇرىدىغان، بىرەر كۆبلىتىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئوقۇغان مىسرالىرىدىن ئۆز سىيماسى ۋە ئەتراپىدىكى رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئەينەن كۆرۈپ ئالالايدىغان، ئۆز يۈرىكىنىڭ سوقۇۋاتقان رىتىملىرىنى تولىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالايدىغان بۇ شېئىرلار توپلىمى- سىزنىڭ، مېنىڭ، جۈملىدىن، ئۆزلۈكىمىزنى قەدىرلەپ، ئادىمىلىك يولىدا ھەم ئەنئەنىۋىلىك ھەم دەۋرىمىزگە ماس ھالدىكى ئۇنىۋېرسال ساپا ھازىرلاپ ياشاشقا ئىنتىلگۈچى ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ ئۇنىڭدىكى تەۋەرۈك ھېكمەتلەردىن كىشىلىك ھاياتىمىزغا ئەنداز ئېلىپ ياشاش يولىنى تېپىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئوقۇپ بېقىشىمىزغا تامامەن ئەرزىيدۇ. مەن بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن **2008**-يىل**7**-ئايدا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان بۇ توپلامنى كۆپ قېتىم ئوقۇدۇم، توپلامدىكى بۇ ئادەملەر بىلەن نۇرغۇن قېتىم مۇڭداشتىم، ئۇلار ئۇستىدە شائىر بىلەن غايىۋانە سىرداشتىم. مەن بۇ ئادەملەر بىلەن تەپەككۇرۇمدا قانچە كۆپ ئۇچرىشىپ، قانچە كۆپ پىكىرلەشكەنسېرىم، ئۇلار ماڭا شۇنچە تونۇشتەك تۇيۇلدى، ئۇلارنى ئىزدىدىم، ئىزدەشلىرىم بەدىلىگە ئۇلارنى ئەتراپىمدىنلا ئۇچىتىپ خوشالمۇ بولدۇم،چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادارلىقى، ساداقەتمەنلىكى بىلەن مېنى سۆيۈندۈردى. ئۇلارنى ئۇچرىتىپ بەزىدە قاتتىق ئەپسۇسلاندىم، ئۆكۈندۈم. چۈنكى بۇلارنىڭ يەنە خېلى كۆپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالا كۆڭۈللىكى، تۇراقسىزلىقى، مەۋقەسىزلىكى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىدى.شۇنىڭ بىلەن مەن «ئەي ئادەملەر» ئارىسىدىن سىزمۇ،مەنمۇ كۆپ ئۇچراتقان ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ بىر قىسمىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم. بۇ ئادەملەرنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلغان شېئىرىي ئامىللار ۋە شېئىرىي مۇھىت سىزمىلىرىنىمۇ تۆۋەندىكىچە سىزىپ چىقتىم.

**1.** «ئەي ئادەملەر»نى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان شېئىرىي شەكىللەر ۋە ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى

## مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قوللىنىلغان كۆپ خىل شېئىرىي  شەكىللەر

شېئىرىي شەكىلنى شېئىرنىڭ تون-لىباسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا، ئۆزىگە خاس شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىلىك، بارماق ۋەزنىلىك ياكى چاچما شېئىر بولسۇن كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە. نۆۋەتتە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلارغا قارايدىغان بولساق، گەرچە مەزمۇن جەھەتتە كۆپ خىل، رەڭدار ۋە جەلپكار بولسىمۇ، لېكىن قوللىنىلىۋاتقان شېئىرىي شەكىللەر يەنىلا ناھايىتى ئاز. مەسىلەن: مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇۋەششەھ، ...قاتارلىق شەكىللەردە يېزىلغان شېئىرلار يوق دېيەرلىك ياكى نىسبەتەن ئاز. شېئىرىيتىمىزدىكى ئەنئەنىۋىي شەكىللەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شېئىيىتىمىزدىكى قەدەمىي شەكىللەر ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ بۇ جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە قەدىمىي، مىللىي شەكىللەرنى داۋاملاشتۇرۇش شائىرلار شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىشى زۆرۈر بولغان بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرلار بىرەر يېڭى ئوي - پىكىرنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن شۇ مەزمۇنغا لايىق، ماس كېلىدىغان شېئىرىي شەكىلنى تاللىشى شەرت. شېئىردىكى شەكىل مۇۋاپىق تاللانمىسا، خۇددى كىچىك بالىغا چوڭ چاپان، چوڭ ئادەمگە كىچىك چاپان كىيدۈرۈپ قويۇلغاندەك غەلىتە ئەھۋال كۆرۈلىدۇ - دە، ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىر ھەرقانچە يېڭى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جەلپ قىلارلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمايدۇ. ھالبۇكى، ئىپادىلىمەكچى بولغان شېئىرىي پىكىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان شېئىرىي شەكىلنى تاللاشمۇ بىر خىل بەدىئىي دىت ۋە ئىجادىيەت ماھارىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن شائىر مۇساجان يۇنۇس شېئىرىي ئىجادىيىتى داۋامىدا ئەنئەنىۋىي شېئىرىي شەكىللەردىن غەزەلدىن باشقا، گەرچە كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە خېلىلا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ئۆلمەس لىرىكىلار يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتە مىللىي شېئىرىيىتىمىزدە ئانچە كۆپ يېزىلمايۋاتقان مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇۋەششەھ... قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەردىنمۇ خېلىلا ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولۇپ،   بۇ خىل شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى نامايەن قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل شەكىللەردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۈرنەكلىك رولىنى ئوينايدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل شەكىللەردە يېزىلغان شېئىرلىرى ئىچىدىن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىرىدىن «ئازماڭلار»، «يول تاپتىم»، « رەڭلىك ئولتۇرۇش»، «نادانلىق»، «ئىنسان»، «جېنىم ئانا، كەتمىگىن»، «ئوتتۇز يېشىم »، «ئەگەر بولساڭ قېشىمدا» قاتارلىق شېئىرلىرىنى پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ھەقلىقمىز. سۆزىمىزنىڭ شاھىدى

سۆپتىدە شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:
دولقۇنىدا ھاياتنىڭ قالدىم ئۆزاق گاڭگىراپ،
ئەتراپىمدا خىلمۇ خىل داراڭلىدى ناغرا-داپ.
دېدىم:مۇسا تەۋەككۈل پايانىغا قېنى چاپ،
تۇيۇق يولدا تەمتىلەپ، ئىزىپ يۈرۈپ يول تاپتىم.
(«يول تاپتىم » ناملىق شېئىردىن)

رەقىب قايسى، رەپىق قايسى تونۇپ يەتتىم،
بېشىم قېيىپ، چىشىم ئاغرىپ يىقىلغاندا.
مىڭ تىرىلدىم، يۈزمىڭ قېتىم ئۆلۈپ كەتتىم،
ۋىجدان تىغى يۈرىكىمنى تىلغىغاندا.
غۇرۇرۇمغا ئوزۇق بولدى ئاققان يېشىم،
غەيرەت ئاتا قىلدى ماڭا ئوتتۇز يېشىم.
(«ئوتتۇز يېشىم » ناملىق شېئىردىن)

ئانا دەپ بىز چاقىرغاندا چۇشەكەپ،
قويالامسەن كېلىپ بىزنى پەپىلەپ.
سەن بولمىساڭ يېنىمىزدا، ئىپتقىنا،
بىرەلەيمىز كىمگە چۇچۇك ئەكىلەپ.
رازى بولساڭ بوپتۇ كەتكىن، كەت ئانا،
بىز يۈرەيلى بويۇن قىسىپ، تەمتىلەپ.
(«جېنىم ئانا، كەتمىگىن»ناملىق شېئىردىن)

يۇقىرىقى شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئىخچام، جانلىق، نەپىس، ئوبرازلىق ۋە كۆپ خىل شەكىللەرگە ئىگە بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشى قەلبىنى ئۆزىگە كۇچلۇك جەلپ قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىچە ھېس ـ تۇيغۇ ۋە يېڭىچە ھېكمەت دۇردانىلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ.

بىز شېئىرىيەت تارىخىمىزغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، ماياكوۋىسكىدىن ئىلگىرى چاچما شېئىر شەكلى يوق ئىدى، ئۇ بۇ خىل شەكىلنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، شائىرلار ئۇنى بەس-بەستە ياقتۇرۇپ يېزىشىپ، تالىشىپ ئوقۇشماقتا. شائىر مۇساجان يۇنۇس شېئىرىي ئىجادىيىتى داۋامىدا يەنە چاچما شېئىر شەكلىدىمۇ قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ،«مەن تاپىمەن قۇياش ئۆيۈڭنى

ئاي!» ناملىق شېئىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان چاچما شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. تەقلىد قىلىپ يېزىشمۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى گۈزەل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شائىر مۇساجان يۇنۇسمۇ ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا«كۆلۈپ بېرەي»،«ناخشا توۋلاپ ئۆتتۇڭ مەلەمدىن»،«ياشاش دېگەن ئەنە شۇ » قاتارلىق بىر بۆلۈك تەقلىدىي شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن تىيىپجان ئېلىيوف ۋە مۇھەممەتجان راشىدىن قاتارلىق ئەل سۆيگەن شائىرلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىغا ياندىشىش ھەم ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن.

شېئىرنى يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە قىلىدىغان رىتىم، تۇراق، قاپىيەنىڭ قايىل قىلارلىق ئىپادىلىنىشى

رىتىم- ھەر قانداق لىرىك ئەسەرنىڭ موھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى. بولۇپمۇ، شېئىردىن ئىبارەت بۇ سەنئەت شەكلىدە سۆزلەرنى مۇئەييەن تەرتىپكە سېلىپ، شېئىرنى گۈزەللەشتۈرۈشتە رىتىم كەم بولسا ئەسلا بولمايدۇ. شۇڭا ئەرەب،پارس ۋە تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك شېئىرلارنىڭ رىتىمغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىشىمۇ مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن بولغان. شائىر مۇساجان يۇنۇس شېئىرلىرىدا رىتىمغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، شېئىرنىڭ سېھرى كۈچى ۋە بەدىئىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

تۇراق شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، تۇراقنى شائىر مۇددىئاسىنىڭ يېيىغا رەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن ھېكمەت ئۇنچىلىرىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. مەيلى قايسى خىل شەكىلدە يېزىلغان شېئىر بولسۇن،تۇراقلار ئۆزئارا ماس كەلمىسە، شېئىردىكى ئاھاڭمۇ بۇزۇلىدۇ. يېتۈك ئۇستاز ئەلىشىر نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ ئالتە ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە يۈكسەك ئورۇندا تۇرالىغانلىقىمۇ ۋەزىن، تۇراق، قاپىيەنىڭ ئۆلچەملىك، قانۇنىيەتلىك ۋە ئىزچىل بولۇشتا نەمۇنىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولالىغانلىقىدا.

قاپىيەنى شېئىرنىڭ جەزبىدار زىننىتى دېيىشكە بولىدۇ. قاپىيە شېئىرنى نەپىسلىككە، جەلپكارلىققا ئىگە قىلغۇچى جۇلالىق مەرۋايىت. شېئىر ئاشۇ مەرۋايىتلار ئارقىلىقلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. قاپىيەسىز شېئىرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.شۇڭا قاپىيە شېئىردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئارۇز ۋەزىنلىك، بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردا، ھەتتا نەسرىي شېئىرلاردىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. قاپىيە ئىشلىتىش، قاپىيە بىلەن شېئىرىي مۇددىئانى، مەزمۇننى يۇغۇرۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە شائىر مۇساجان يۇنۇسمۇ ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، بارماق ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئاساسەن ئالماش قاپىيە شەكلىدە يازغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى خېلىلا جەلپ قىلارلىق ۋە پاساھەتلىك بولۇپ، ئوقۇرمەننى

ئۆزگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمىزدا چوقۇم زوقلىنىش ھېسسىياتىغا كەلمەي تۇرالمايمىز. مىسال ئۈچۈن «ئازماڭلار»ناملىق شېئىرىدىن تۆۋەندىكى پارچىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

لەيلى بىلەن مەجنۇندەك كۈيۈشكەنلەر ئازماڭلار،
ساداقەتكە قول بېرىپ سۆيۈشكەنلەر ئازماڭلار،
ھەمدەم بولۇپ جۇدۇندا يۈرۈشكەنلەر ئازماڭلار،
ۋىسال تېپىپ سۆيگۈدە كۈلۈشكەنلەر ئازماڭلار.

قاراپ-قاراپ تويمايدۇ كۆزلەر پۇلنىڭ چېھرىگە،
قېنىپ ئۆتمەس زادىلا ئادەم پۇلنىڭ مېھرىگە.
ئەسىر بولۇش خەتەردۇر بىراق پۇلنىڭ سېھرىگە،
پۇل ئالدىدا سەجدىگە چۆكۈشكەنلەر ئازماڭلار.

بۇ شېئىردا ئىشلىتىلگەن «كۈيۈشكەنلەر ، سۆيۈشكەنلەر ، يۈرۈشكەنلەر ، كۈلۈشكەنلەر ، چېھرىگە ، مېھرىگە ، سېھرىگە » قاتارلىق قاپىيەلەر پۈتۈنلەي توق قاپىيەلەر بولۇپ، شېئىردىكى مەزمۇن بىلەن زىچ ماسلىشىپ، شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن.

شائىر شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن لىرىك تۇيغۇ ۋە گۈزەل شېئىرىي مەنزىرىلەر

لىرىكىنىڭ مەنبەسى رېئاللىقتىن كېلىدۇ . شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا تاۋلىنىدۇ. شۇڭا شېئىردىكى لىرىكا مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈش ۋاستىلىرىغا باغلانغان بولىدۇ. شېئىردىكى ئەسلىمىلەرمۇ ئۇنتۇلماس مەنزىرىلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شېئىردىكى لىرىك ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇن ئاڭغا چۆكۈپ كەتمەي، ئۇزاق مۇددەتكىچە كۆز ئالدىمىزدا جۇلالىنىپ تۇرالىشىمۇ رېئاللىقتىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن شېئىرىي مەنزىرىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىپ كەتكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قارايدىغان بولساق، شائىر شېئىرلىرىدا يېقىملىق تەسۋىرلەرمۇ خېلىلا جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ خىل گۈزەل شېئىرىي مەنزىرە شائىر شېئىرلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ھەم ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى پاساھىتىنى نامايەن قىلغان.

تۈنجى نۆۋەت قار ياغقان ئاخشام،
قىلالمىدىڭ ۋەدەڭگە ۋاپا.
جىمجىتلىقنى چۆچۈتتى ناخشام،
كۆيلىرىمنى تىڭشىدى دالا.

ئاپئاق قاردەك قەلبىڭ ئەكسنى،
ئايان قىلدى ساخاۋەتلىك قار.
سەزدىم قاردا باھار پەسلىنى،
ئىشقىڭ بىلەن مۆڭداشتىم دىلدار.
(«تۈنجى قار ياغقان ئاخشام»ناملىق شېئىردىن )

شېئىردىكى بۇ كۆرۈنۈش ۋە مەنزىرىلەر گەرچە بىز دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شائىرنىڭ كۆچلۈك لىرىك تۇيغۇسىنى ئوبرازلىق تىل ياردىمى بىلەن قەلب خاتىرىمىزگە مەڭگۇ ئۆچمەس نەپىس نەقىشلەر بىلەن زىننەتلىۋەتكەن بولغاچقا، سەممىي، چىن ھېسسيات بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ خىل شېئىريي مەنزىرىلەر قەلبىمىزدە رومانتىك كەچمىشلەر پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ.

ئانا تىلىمىز پاساھىتىنىڭ شائىر شېئىرلىرىدا ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە يارقىن جىلۋىلىنىشى

«ئەي ئادەملەر» ناملىق بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ھەم ئارۇز ۋەزنى ھەم بارماق ۋەزنىدىمۇ يېزىلغان شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەيلى قايسى ۋەزندە، قايسى خىل شېئىريي شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار بولمىسۇن، ھەممىسى شائىرنىڭ سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى، شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن مول تەسەۋۋۇرى، شېئىرلاردا قوللانغان بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ ئۇنۇمدارلىقى، شېئىريي پىكىرلەرنىڭ ئىخچام، يىغىنچاق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئالغاندىمۇ شائىرنىڭ ئويغاق، ئويناق تەپەككۇرى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان تېرەن مەزمۇنلار ساماسىدا ئەركىن پەرۋاز قىلغان. شائىر شېئىرلىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بۇنداق ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى لىرىك خۇسۇسىيەتلەرگە باي بولغان شېئىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ سانالغاچقا، شائىر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ، شائىرنىڭ «بۇ يوللار»، « مەن تىرىكمەن دولقۇنىدا دېڭىزنىڭ»...قاتارلىق شېئىرلىرىدا تەكرارلاش، سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، سىمۋول قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن مەزمۇن شۇنچە روشەن، شۇنچە راۋان، شۇنچە جەلپكارلىققا ئىگە قىلىنغان. چىنىشىنىشلىك تىل بىلەن بۇنداق يارقىن ئەكس ئەتكەن ھەرقانداق بىر ئەھمىيەتلىك پىكىرنىڭ تەسىرى ۋە رولى مەنىۋىيىتىمىز ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچتۇر.

2.«ئەي ئادەملەر»دە تەسۋىرلەنگەن تېماتىك مەزمۇنلار

«مەن قېنى؟ مەن نەدە؟ ئىنسان ئۆزىنى زادى قانداق قەدىرلىشى كېرەك؟» دېگەندەك كىشىلىك ھايات ۋە كىشىلىك ئىنسانىي ئېسىل-پەزىلەتلەرنى، گۈزەل ئىنسان تەبىئىتى ۋە بىباھا ئادىمىيلىك خىسلەتلەرنى زوق-شوق بىلەن مەدھىيىلەپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ۋىجدانسىزلىق، مەن-مەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ئىشرەتخورلۇق قاتارلىق تۈرلۈك نومۇسسىزلىق ھەم رەزىللىكلەردىن ئىبارەت ناچار ھادىسىلەرگە ئاچچىق خىتاب قىلىپ ۋە ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئۆتكۈر قامچىلاپ، بىزنى ئۆز ماھىيىتىمىزنى ساقلاپ، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس ۋىجدان-غۇرۇر بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان بىر-بىرىدىن ئېسىل **120** پارچە شېئىر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن «ئەي، ئادەملەر» ناملىق بۇ شېئىرلار توپلىمى تولىمۇ مۇرەككەپ تىلسىملىق بۇ ھايات مۇساپىمىزدىكى ئەگرى-توقاي كەچمىشلىرىمىزنى، ساپ ۋە ھەقىقىي مەردانە ھېسسىياتىمىزنى خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلى بىلەن تولىمۇ تېتىملىق، بەكمۇ مېغىزلىق قىلىپ جانلىق، ئوبرازلىق ، يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن. توپلامدىكى شېئىرلار خېلىلا كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇنى چوڭ جەھەتتىن ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەزەلدىنلا «ئۆلمەس تېما»دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلار، ئەل-يۇرت، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلار، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلار، چىن ئىنسانلاردىن، ھەقىقىي دوستلۇق-ئىناقلىق، ساداقەتمەنلىكتىن سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش تېمىسىدىكى شېئىرلار، كىشىلىك ھايات ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى شېئىرلار، ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ساختىپەزلىك، مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق چاكىنا-رەزىللىكلەر لەنەتلىنىپ، خەلقىمىزنى گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەتكە ئۈندەش قاتارلىق رېئال تېمىلارغا بېغىشلانغان شېئىرلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بۇ توپلامدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلاردا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇسى ھېسابلىنىدىغان چىن سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىققا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلۇپ، قىز-يىگىتلىرىمىزنى ئۆزئارا مېھرى-مۇھەببەت، ساداقەت ۋاپا بىلەن ياشاشقا چاقىرغان. بۇ خىلدىكى شېئىرلاردىن «گۈزەل ئەستىلىك»، «تۇرساڭ»، «ئەگەر بولساڭ قېشىمدا»، «بىر كەل»، «سۆيگۈ ئارخىپى»، «مەن بار »، « ئازماڭلار» قاتارلىق شېئىرلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

كېتەي قانداق سېنى تاشلاپ كېيىكتەك ئۈز قاراپ تۇرساڭ،
كېچەي سەندىن نېچۈن؟ قەلبىم كۆزىگە بەك ياراپ تۇرساڭ.
جىمى شادلىقلىرىم سەنسىز، كۆيۈپ كۈل بولغۇسى جەزمەن،
ئىچەي زەمزەم نېچۈن چاڭقاپ؟ ئۆزۈڭ شەربەت، شاراپ تۇرساڭ.
ۋاپا ھىممەتلىرىڭ سۇلتان-خاقان ئەتتى مېنى كاتتا،

بولاي چۆللۈك نېچۈن؟ ئىشقىم ئوتىدا سەن كاۋاپ تۇرساڭ.
( «تۇرساڭ»ناملىق شېئىردىن )

ئىجتىمائىي ئەخلاقتا دائىر ئەنئەنىۋىي تېما يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كەڭ مەزمۇننى ئىگىلىدى. خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان خۇنۇك، رەزىل ئىجتىمائىي قاراشلارغا قارىمۇ- قارشى ياراتقان ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىلىرى ۋە گۈزەل پەزىلەتلىرى دەۋرىمىز كىشىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بىباھا مەنىۋىي خەزىنە. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۆۋەتتە، ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، يالغانچىلىق، رىياكارلىق، ھەسەتخورلۇق، پىتنەخورلۇق، ئەمەلپەرەسلىك، ئىچىشۋازلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ناچار، رەزىل ئىللەتلەر بەزىلىرىمىز ۋۇجۇدىدا ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بەلكى خۇددى كومپيۇتېر ۋىرۇسلىرىدەك بارا-بارا ۋۇجۇدىمىزغا يامراپ كەتتى. بۇ خىل ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش، شۈبھىسىزكى، دەۋرىمىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى. شۇڭا شېئىرىيىتىمىزدىمۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىمىزنى بۇلغايدىغان بۇنداق ناچار، رەزىل ئىللەتلەرگە قارىتا ئۆتكۈر تىغ ئۇرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. جۈملىدىن شائىر مۇساجان يۇنۇس«ئەمەلپەرەس ناخشىسى »،«ھەسەتخور ناخشىسى »،«خوشامەتچى ناخشىسى »،«ئىككى يۈزلىمچى ناخشىسى »،«يالغانچى ناخشىسى »،« ئۆزگىچە»،«دوست ئىككىمىز »،«پۇل تېپىپ»، «يالغان»،«ئەمەل تۇتقان دوستۇمغا»،«تۇرمىسام»، «تويدىمۇ » قاتارلىق بىر بۆلۈك ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىرلىرى ئارقىلىق ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ساختىپەزلىك، مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق چاكىنا-رەزىللىكلەرنى كۈچلۈك لەنەتلەپ، خەلقىمىزنى بۇنداق قىلمىشلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەتكە ئىگە بولۇشقا ئۈندىدى. شائىر«ئەمەلپەرەس ناخشىسى» ناملىق شېئىرىدا:

ئەمەل قۇشى قونسا بېشىمغا،
لەززەت بولسا يېگەن ئېشىمدا.
نازىنىنلار تۇرسا قېشىمدا،
مىڭ غاز ئۆلسە بىر تال تېشىمدا،
دەپ دىلىمغا قىمدىمىم ئارمان.

ئەمەل بىلەن كۆكلىسەم، كۈلسەم،
ھالاۋەتنىڭ پەيزىنى سۈرسەم،
جاھاندا مەن ئۆزۈم دەپ يۈرسەم،

قۇت-ئامەتنىڭ باغرىغا چۈمسەم،
دېگەن ھېسلار ماڭا بولدى نان.

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئەمەلپەرەسلەرنى ئاچچىق مەسخىرە ئاستىغا ئالىدۇ ۋە ئەمەلپەرەسلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ.

ھەسەتخورلۇق ياكى كۆرەلمەسلىك دەپ ئاتالغان بۇ قېرى رەزىل ئىللەت تارىختا سانسىزلىغان يىرگىنىشلىك، پاجىئەلىك ئىزلارنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، بىزنىڭ يېڭى جەمئىيىتىمىزگىمۇ سۇرۇلۇپ كىرىپ، خەلقىمىزگە نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىقلارنى سالدى. ھەسەتخورلارنىڭ خۇسۇسىيتى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا ھېچقانداق ياخشىلىقنى، ھېچقانداق مەنپەئەتنى راۋا كۆرمەيدۇ. كۆرەلمەسلىك، قىزغىنىش ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس سائادىتى. شۇڭا ئۇنداقلار كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغانلىقى ھەر قانداق نەرسىدىن مەيلى نەپ ئالسۇن- ئالالمىسۇن ھامان ھەسەت قىلىدۇ. شائىر مۇساجان يۇنۇس«ھەسەتخور ناخشىسى» ناملىق شېئىدا بۇ خىل ناچار ئىللەتلەرگە زەردە بىلەن مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

نىچۈن ساڭا باشقىلار ئامراق،
خوتۇن بىلەن سەن نېچۈن ئامراق،
ھەي، پەرزەنتنىڭ نېمانچە ئوماق،
سەن نېمىشقا تاپسەن روناق،
مېنىڭ كۆڭلۈم قاچان شادلىنار.

مەزكۇر توپلامدىكى شېئىرلار ئىچىدە«ناخشا توۋلاپ ئۆتتۇڭ مەلەمدىن»،«ياشاش دېگەن ئەنە شۇ» قاتارلىق تەقلىد قىلىپ يېزىلغان شېئىرلارمۇ بار بولۇپ، بۇ شېئىرلاردىن شائىرنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى گۈزەل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئەل سۆيگەن شائىرلىرىمىزغا بولغان سۆيۈنۈش، ئۇلاردىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى، كونىسىدىن يېڭىسىنى يارىتىش يولىدا ئىزدىنىشۋاتقان روھىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

يېڭى دەۋر شېئىيىتىمىزدە بىر قەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېما — ۋەتەنپەرۋەرلىك بولدى. بايروننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا:«كىم ئۆز يۇرتىنى سۆيمىسە، ئۇ ھېچنېمىنى سۆيەلمەيدۇ». دەرۋەقە، شېئىرىيىتىمىزدە بۇ مۇھىم تېمىغا ياندىشىپ ئۆتمىگەن بىرمۇ شائىر يوق دېيىشكە بولىدۇ.شائىر مۇساجان يۇنۇسمۇ «سەن قېنىمغا ئۇيۇغان شەھەر » ناملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان شېئىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھرىگە باغلانغان ئوتلۇق مېھرى-مۇھەببىتىنى ، گۈزەل ئەستىلىكلىرىنى ئىزھار

قىلغان.

شائىر شېئىرلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە كۈچلۈك مېھرى- مۇھەببەت ئەكس ئەتكەن شېئىرلارنىڭمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى ئاتا-ئانا قېرىنداشلار-ھەر بىر ئىنسان چىن ئىخلاسى بىلەن قەدىرلەشكە ئەبەدىي قەرزدار بىر يۈكسەك مەسئۇلىيەت، كۈچلۈك مەجبۇرىيەت ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتىمىزدىن ئىزچىل ھالدا مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ تېمىنىڭ مۇساجان يۈنۈس لىرىكىلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شائىر «جېنىم ئانا، كەتمىگىن»،« ئۆتتۈنۈش»،«ئۆتۈپتىمەن بىلمەي خۇدۇمنى»،«بولدى ئەمدى غېمىمنى يېمە»،«تاتلىققىنە كۈلدۈڭمۇ »،«نېمە قىلدىم دۇئا ئالغۇدەك »،«يايرىۋالسۇن يۈرىكىڭ راسا »،« مەن ئالدىڭدا يۈكۈندۈم ئانا »،«رەھمەت ئاتا » قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرى ئارقىلىق ئاتا-ئانا، قېرىنداشلارغا ساداقەت، مېھرى-ۋاپا ئەيلەپ، چىن ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ، دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەزىلەت- ئۈگۈتلىرىنى ئىش-ھەرىكەت ۋە بارلىق پائالىيەتلىرىمىزدە ئۈرنەك-ئەنداز قىلىپ، تەۋەررۈك ئاتا- ئانا، قېرىنداشلارنىڭ ئەنئەنىۋىي گۈزەل ئەخلاقىنى، ئەۋلادلار قەلبىدە ئەبەدىيلىك يىلتىز تارتقۇزۇشقا چاقىرغان.

شائىر كىشىلىك ھاياتنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىدىغان چىن دوستلۇق-ئىناقلىقتىن، ساداقەتمەن پاك ئىنسانلاردىن سۆيۈنۈش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلاردىن پەخىرلىنىش تېمىسىدىكى شېئىرلاردا دوستلۇق قەدرىگە يېتىدىغان، دوستلار شادلىقىدىن سۆيۈنۈشنىمۇ، دوستلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىششنىمۇ بىلىدىغان پەزىلەت ئىگىلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن سەممىي ھۆرمەتتە تىلغا ئالىدۇ. شائىرنىڭ «دوستلارغا ئىلتىماس»،«كۆرۈپ تۇراي چېھرىڭدە كۈلكە »،«ئەيىبىمنى كۆرسەتكىن ئاداش » قاتارلىق شېئىرلىرى مانا مۇشۇ خىل تېمىلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم ئەھمىيەتلىك يېزىلغان ئەسەرلەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شائىر «سەنسىز دۇنيا بولىدۇ يېتىم»،«دېھقانىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇڭلار »، «سالام سىلەرگە قەدىردانلىرىم» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر يۈرۈش شېئىرلىرىدا مىننەتسىز مېھنىتى بىلەن ئەۋلادلار بەختى ئۈچۈن جان پىدا قىلىۋاتقان ئۇستازلارغا، تەبىئەت ئالمىگە گۈزەللىك، بارچە جانلىققا ئوزۇق-تۈلۈك، مەئىشەت ئاتا قىلىۋاتقان ساخاۋەتلىك ئىنسان-دېھقانلارغا بولغان سۆيۈنۈشنى، ھەر بىر ئائىلىدىكى تەۋەررۈك بوۋا-موما، قەدىردان ئاتا- ئانا، ئائىلىنىڭ زىننەتى ۋاپادار قىز-يىگىت-پەرزەنتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مېھرى-مۇھەببەت، ئۆز ئارا دوستانە رىشتىدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈپ، گۈزەل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا بولغان گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا: «مەي بىلەن دوستلاشقىنىڭ-ئەقىل بىلەن خوشلاشقىنىڭ»، «تامنىڭ

يقىلىشى زەيدىن، ئەرنىڭ يقىلىشى مەيدىن» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار.«قابۇسنامە»دە مۇنداق بىر ھېكمەت بار:«قەدەھۋاز دوستلىرىڭنى دوست دېمە، چۈنكى ئۇلار ساڭا ئەمەس، قەدەھلىرىڭە دوست». دەرۋەقە، نۆۋەتتە، قارايدىغان بولساق، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن دېگۈدەك ئىچىشۋازلىققا بېرىلىپ كەتتۇق. شادلانساقمۇ ئىچىمىز، قايغۇرساقمۇ ئىچىمىز، يالغۇزمۇ ئىچىمىز، توپلۇشۇپمۇ ئىچىمىز، تاۋاقتىمۇ ئىچىمىز، قاۋاقتىمۇ ئىچىمىز، كوچىدىمۇ ئىچىمىز، رېستۇراندىمۇ ئىچىمىز، ئىپتىدائىي ئاڭدىكى مەخلۇقلار ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلسىمۇ ئىچمەيدىغان شۇ نىجىسنى ئىچىپ، ئەس-ھۇشۇمىزنى يوقىتىپ، كوچا-كويلاردا سۇنايلىنىپ ياتىمىز...قايسى بىر دانىشمەن:« ھاراقكەشلەرنىڭ خۇددى ۋىسكى بوتۇلكىسىغا ئوخشاش بوينى ۋە قۇرسىقىلا بولىدۇ، كاللىسى بولمايدۇ» دەپتىكەن. بىزدە ئىچىشۋازلىق يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، تالايلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى،ئىناق ئائىلىسى ۋەيران بولدى،ئەنە شۇ ئىپلاس بىلەن بۇلغىنىپ قاراڭغۇ زىندانلارغا مەھكۇم بولدۇق،ئەزىز جاندىن ئايرىلدۇق. ئەمما بۇ ئاچچىق قىسمەتلەر بىزگە ساۋاق بولمىدى. مۇساجان يۇنۇس شېئىرىيەت ئىجادىيتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان مەسئۇلىيەتچان شائىر. شۇڭا ئۇ ئىجادىيتى داۋامىدا رېئال ئىجتىمائىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، كۈچلۈك تەنقىدىي رېئاللىزىملىق روھ بىلەن جەمئىيەتنى ئەتراپلىق كۈزىتىپ، ئادەملەرنى تەھلىل قىلىپ،«ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەيدۇ»غانلىقىنى ھەقىقىي تۇردە تونۇپ يېتىپ، خەلقىمىزنىڭ دەۋرگە ماس ھالدىكى تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تۇسالغۇ بولۇۋاتقان روھىيىتىدىكى خۇنۇكلۇك، چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىكتىن ئىبارەت ھەر خىل ئىللەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى مىللىي ئەنئەنە، گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، چىن ئىنسانغا خاس ساپا-سالاھىيەت بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن يۈكسىلىشكە قاراپئىلگىرلەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ يولدا توختىماي ئىزدەندى. مۇساجان يۇنۇس ئىجادىيتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر يېرىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. شائىرنىڭ بۇ خىل ئەھمىيەتلىك قاراشلىرى ئۇنىڭ «ئىچمىدىم»،«خوش مەيخانا، خوش شاراب» ناملىق شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

خوش، مەستلىكتە سۆيگەن گۈزەللەر،

خوش، بىخۇدلۇق ئىكلىتۈرگەن كۈنلەر،

خوش مەجنۇن بوپئېيتقان غەزەللەر،

خوش، پەرىشان بىچارە كۈنلەر.

.........................................

خوش مەيخانا، ئەلۋىدا شاراب،

خوش مەپۇرۇش، خوش جېنىم ساقىي.

خوش تېتمسز زاكۇسكا-كاۋاپ،
خوش كۆڭلۈمنىڭ مەرەز پىراقى.
(«خوش مەيخانا، خوش شاراب» ناملىق شېئىردىن )
شائىر «ئىچمىدىم» ناملىق شېئىرىدا:
زورلىما ساقىي بۇرادەر، تاشلىدىم مەي، ئىچمىدىم،
قىلما سۇلھى، قىلما كاجلىق قايتا بىر دەي، ئىچمىدىم.

دەپ يېزىش ئارقىلىق كۈللىي بالا-قازانىڭ مەنبەئىي بولغان ئىچىملىككە بېرىلىپ كېتىۋاتقانلارغا كۈچلۈك سىگنال بەرگەن، ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

يازغۇچى- سەنئەتكارلار جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى بەدئىي ئوبرازلار ئارقىلىق پاش ۋە تەنقىد قىلىپ خەلقنى تەربىيەلەيدۇ. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت رېئاللىقنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، مەنۋىيتىنى زەئىپلىك، بىخۇدلۇق، مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە ھەشەمەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن خەلقنى مەنۋىي پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقنى تونۇپ، تىلنى ۋاستە، شېئىرنى قورال قىلىپ، رېئاللىقتىكى ھەرخىل ئىللەتلەرنى مەردانىلىق بىلەن ئېچىپ كۆرستىپ، خەلقنى ئادەمگە خاس پەزىلەت بىلەن ياشاشقا چاقىرىدۇ. سۆزىمىزنى شائىرنىڭ « رەڭلىك ئولتۇرۇش»ناملىق شېئىرى بىلەن دەلىللەپ باقايلى:

كۆڭۈللەرنى مانان قىلدىڭ رەڭلىك ئولتۇرۇش،
چىرايلارنى سامان قىلدىڭ رەڭلىك ئولتۇرۇش،
گۈل-باغلارنى خازان قىلدىڭ رەڭلىك ئولتۇرۇش،
قوزىلارنى قاۋان قىلدىڭ رەڭلىك ئولتۇرۇش،
ياخشىلارنى يامان قىلدىڭ رەڭلىك ئولتۇرۇش.

ئۆلتۈرۈلدى نومۇس، ھايا، ئۇيات،پەدىشەپ،
بەتبۇيىنى چاپتى ياراپ ھەزلچى كاپ-كاپ،
ئەر-ئايالنىڭ پەرقى نەدە، قالدى نەدە تاپ،
لاۋزىلارغا جۇر بولمىغان ئاتالدى ناباب
رەسۋالىقنى ئايان قىلدىڭ رەڭلىك ئولتۇرۇش.

بۇ مەنىدىن ئالغاندا، شائىر مۇساجان يۇنۇس شېئىرلىرىدىكى تەنقىدىي رېئالىزىملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان شەمشەردەك ئۆتكۈر مىسرالار دەل خەلقىمىز ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن مەنۋىي قاششاقلىق

بخلىرنى تۆپ يىلتىزىدىن كېسىپ تاشلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئوبرازلىق قويۇلغان ماۋزۇ ۋە ئىخچام سۇرەتلەنگەن يارقىن كارتىنا

ماۋزۇنى شېئىرنىڭ گۈلتاجىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور ئۆزىگە بىۋاستە تەسىر قىلغان، قەلبىنى لەرزىگە سالغان ۋە تاللاش-تاۋلاشتىن ئۆتكەن ۋەقە، ھادىسە ياكى ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، شېئىرغا قويۇلىدىغان ماۋزۇ چوقۇم يىغى، ئىخچام ، جەلپ قىلارلىق بولۇشى ھەم شېئىردا ئىپادىلىمەكچى بولغان مۇددىئانى ئىپادىلىيەلىشى كېرەك. مۇساجان يۈنۈس شېئىرلىرى ئىچىدە ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلارمۇ، بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارمۇ، قىسقا يېزىلغان شېئىرلارمۇ، ئۇزۇنراق يېزىلغان شىئىرلارمۇ بار. شۇنداقتىمۇ ھەر بىر شېئىرنىڭ ماۋزۇسى دىيگۈدەك ئىخچام ۋە جەلپ قىلارلىق قويۇلغان بولۇپ، ئۇزۇن، مۇجمەل ۋە چۈشىنىكسىزلىكتىن خالىي بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەردە ماۋزۇنى كۆرۈپلا شېئىرنى ئوقۇپ چىقىش ئىستىكى قوزغىلىدۇ. مۇساجان يۈنۈس شېئىرلىرىدا «مەن شۇنداق ياشىدىم»، «ياراتمايمەن»، «سۆيگۈ ئارخىپى»، «ئەسكىمۇ»،«ئايرىن رەقىبلەر»... دېگەنگە ئوخشاش قاراتمىلىقى ئېنىق سۆز-ئىبارىلەر تاللاپ ماۋزۇ قويۇلغان بولغاچقا، بۇنداق جەلپكار ماۋزۇلار شېئىرنىڭ بەدئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئادەملەر، ھەي، ئادەملەر

يالماۋۇزدەك يالماشقا ئېتىلماڭلار ئادەملەر،
تۆت پۇتلۇقلار تويىغا قېتىلماڭلار ئادەملەر.
.........................................

ئادەملەر، ھەي ئادەملەر، دوست يىغلىتىپ ئېتسا، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئېيتىدۇ. شۇ تاپتا مېنىڭمۇ ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى يۈرەك سۆزلىرىگە قەلب سۆزلىرىمنى جۈر قىلىپ، بىز ئىنسانلارغا شۇنداق خىتابلارنى قىلغۇم بار: ھەي ئادەملەر، ھەممىمىز بىلىمىز: ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئادەمىيلىك پەزىلىتى، يۈكسەك ئادەمىيلىك مەسئۇلىيىتى، كۈچلۈك ئادەمىيلىك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان تولىمۇ چەكلىك ئۆمرىنى چىن ۋىجدان-غۇرۇرى، ھالال تەر-مېھنىتى ئارقىلىق ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇشۇپ مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، ھاياتلىق گۈلشەنىنى رەڭدار گۈل-چېچەكلەرگە، ئۆمۈر بېغىنى شېرىن مېۋىلەرگە تولدۇرۇپ، زاماندىشلارغا ، ئەۋلادلارغا پەزىلەت گۈلىستانىدىن خۇشپۇراق گۈلدەستىلەرنى تەقدىم ئېتىش مەنزىلى ئۈچۈن دوستانە قەدەملىرىمىزنى بىرلىكتە باسالايدىغان پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىمىزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ.

شۇڭا بىز مەنۋىيىتىمىزنى پەزىلەت مايسىلىرى بىلەن زىننەتلەپ، ھەر بىر باسقان قەدەملىرىمىزدىن ئەجدادلار ئۈمىدىنىڭ گۈل-چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرالىساق، ئەنە شۇ چاغدا، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچبىر مەۋجۇداتمۇ بىز ئادەملەردىن ئۆكۈنۈپ، تولىمۇ يىرگىنىشلىك تۈيغۇلار بىلەن «ئادەملەر، ھەي ئادەملەر...»دەپ بىزدىن ئەپسۇسلانمايدىغان، بىزگە لەنەتلەر ياغدۇرمايدىغان، ئەكسىچە، بىز-ئادەملەردىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىدىغان، بىز- ئادەملەردىن چەكسىز سۆيۈنىدىغان، بىز-ئادەملەرنى ھەر ۋاقىت مانا مۇشۇنداق تەرىپلەيدىغان، بىز-ئادەملەردىن ھەر ۋاقىت مانا مۇشۇنداق مىننەتدار بولىدىغان بولىدۇ: «ئادەملەر، ھەي ئادەملەر»!سىلەر «ئىنسان» دېگەن ئەڭ بۈيۈك نامغا ھەقىقىي مۇناسىپ ھالدا چىن ساداقەت، چىن مېھرى-ۋاپا، چىن ئىنسانىي پەزىلەت نۇرلىرىنى قەلبلەر ساماسىدا خۇددىي زەر قۇياشتەك پارلاتتىڭلار. سىلەر ئادەمىيلىك ئېسىل خىسلەتتىڭلار، ئىنسانىيلىق گۈزەل پەزىلەتتىڭلار بىلەن پۈتكۈل ئالەمگە گۈزەللىك ئاتا قىلدىڭلار. شۇڭا پۈتۈن جاھاننىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆرمىتى پەقەت سىلەر-ئادەملەرگىلا تالىق! شۇنداق:

ۋىجدان دېمەك-جان دېمەك، غۇرۇر دېمەك-قان دېمەك،
كىملا ئالاي دەپ قويسا سېتىلماڭلار ئادەملەر.
ھالال مېھنەت، پاك ئەجىر ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى،
لالما ئىتنىڭ ئورنىدا بېقىلماڭلار ئادەملەر.
ياخشىلىقتىن ئەل كۈلەر، ئىزگۈلۈكتىن جان كۈلەر،
رەزىللىككە، پەسلىككە چېتىلماڭلار ئادەملەر.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1.ھەزرەتئەلى ئەلى:« شېئىردىكى سۆيگۈنىڭ قىممىتى»، «شېئىر قانىتىغا يېزىلغان ئويلار»، شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى
2.مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم يۈكسەل: «شېئىردىكى بەش مۇھىم ئامىل ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر» ناملىق ماقالىسى

2013-يىل16-ئىيۇن

( مەزكۇر ماقالە شائىر مۇساجان يۈنۈسنىڭ «ئەي، ئادەملەر»ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان )

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

ئىلاۋە:

مەن بۇ ماقالەمنى مەرھۇم قەدىرلىك ئانام نۇرنىسا ئابدۇرېھىمنىڭ ئەبەدىيلىك خاتىرىسى ئۈچۈن بېغىشلايمەن. مەن ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ مېھرىبان ئانام، ماڭا ئىنسانلىقنى، ئىنسانىيەتنى جۈملىدىن ئۆز قوۋمنى سۆيۈشنى ئۆگىتىپ، ئەقىل-ئىدرىكىمنى ئاچقان بىرىنچى ئۇستازىم 5-ئاينىڭ 22-كۈنى، مەزكۇر ماقالەمنى يېزىۋاتقان، كېچە-كېچىلەپ، ماتېرىياللار دۆۋىسىدىن مەنبەلەر ۋە ئۇچۇرلار ئىزدەۋاتقان كۈنلىرىمدە بىز بىلەن ۋىدالاشتى. مەن بۇ خەۋەرنى يىراق ئوكيان قىرغىقىدىن ئاڭلىغىنىمدا زور ئىلھاملار بىلەن خەت بېسىۋاتقان بارماقلىرىم بىردىنلا ئىشتىن توختىدى ، كۆزلىرىم خىرەلەشتى، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى، ئانامنىڭ مېھرىبان سىماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، ھەر بىر ئىلھامبەخش سۆزلىرى قۇلۇقىم تۈۋىدە قايتىدىن جاراڭلىدى، مەن ئۆز-ئۆزۈمگە سوئاللار قويدۇم ھەم جاۋاب تاپتىم، ئاخىرى كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ، يېزىۋاتقان مەزكۇر ماقالەمنى تاماملاپ، تېزراق ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ھوزۇرىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چاڭقىغان قەلبلىرىنى ئازراق بولسىمۇ سۇغۇراي دېگەن قارارغا كەلدىم.

مېھرىبان ئانامغا ! جۈملىدىن دۇنيادىكى بارلىق ئانىلارغا ئەڭ ئالىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن!

*** *** ***

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تەۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگە جايلاشقان . بۇلاردىن باشقا يەنە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاندا ئانچە كۆپ بولمىغان ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدۇ .ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىكى قولايلىق شارائىت تۈپەيلىدىن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە ئەڭ كۆپ تارقالغان . بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇسىيە، تۈركمەنىستان ، تاجىكىستان، ئۇكرائىنىيە ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ ئاز ساندا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلانسىمۇ، بىراق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن ئۆزلىرى ياشىغان جۇمھۇرىيەتلەرگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسيادىكى يېقىنقى ئىككى ئەسىرلىك تارىخى قوقەنت خانلىقى، چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردىن ئىبارە مەركىزىي ئاسيانىڭ سىياسىي داۋالغۇشلىرى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتى مانا شۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياستى بىلەن زىچ باغلانغان ئىدى.

ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسيا ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشىغان دۆلەتلىرى ۋە تۈزۈملىرى ئايرىم بولسىمۇ، بىراق ئورتاق ئۇيغۇر مەدەنىيەت گەۋدىسىگە مەنسۇپتۇر. ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن باشلىغان ئۆز ئالدىغا مىللىي كىملىك تىكلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ۋە مىللىي روھىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. مەزكۇر ماقالىدە ئۇلارنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت-مائارىپ تەرەققىيات مۇساپىلىرى، شۇنىڭدەك قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەققىدە قىسقىچە ئومۇمىي بايان بېرىش ئاساسىي نۇقتا قىلىنىدۇ.

**.1ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى**

ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەسمىي ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈنلەردە قازاقىستان ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 2012-يىلىدىكى ئىستاتېستىكىسى بويىچە ،بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇرلار 237532 نەپەر[1].

ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 2012-يىلىدىكى قىرغىزىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىستاتېستىكىسى بويىچە ئالغاندا، ئۇيغۇرلار 50 مىڭ نەپەر[2].

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 2000-يىلىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتىدا 19526نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن، بىراق ھازىرغىچە يېڭى سانلىق مەلۇمات ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بۇ جۇمھۇرىيەتتە 60مىڭ ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان[3] . ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ مەزكۇر ئۇچۇرلاردىن بىر قانچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك غەيرى-رەسمىي پەرەزلەر مەۋجۇت.

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق . 1890-يىلى، 270 ئائىلە، يەنى 1307 نەپەر ئۇيغۇر يەتتەسۇدىن تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇلارنىڭ سانى 1990-يىلى 1392 نەپەر، 2010-يىلى، 2000 نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغان. 1928-1929-يىللىرى ، تۈركمەنىستاننىڭ بايرام - ئالى رايونىدا ئىككى ئۇيغۇر كولخوزى قۇرۇلغان ئىدى [4]. ئەمما ، تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇس ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. بۇ جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاز جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىكىستاننىڭ 1926-يىلىدىن تاكى 2009-يىلىغىچە بولغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئىستاتېستىكىسى تەركىبىگە ئۇيغۇرلار كىرگۈزۈلمىگەن.

رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ توپلىشىپ ئورۇنلاشقان جايلىرى يوق. مەزكۇر دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلار تارقاق ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى موسكۋا ۋە سانكتپېتېربۇرگ شەھەرلىرىگە مەركەزلەشكەن. رۇسىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ 2010-يىلىدىكى نوپۇسى 3690 نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن[5].

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەيلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئىشەنچ قىلماسلىق ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەلۇماتلىرى مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل-دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت [6].

ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا تاكى **20**ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن "قەشقەرلىكلەر" دەپ ئاتالغان ئىدى.

پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پائالىيەت قىلغان رايونلاردۇر. بۇ رايونلار بىلەن تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىنىڭ زىچ تارىخىي باغلىنىشى مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زاماندا بۇ ۋادىلارغا كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى **1759**ـ يىلىدىن كېيىن باشلانغان مانجۇر-چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرى ۋە قىرغىنچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. **19**ـ ئەسىردىكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۆپ ساندىكى قەشقەرىيە ئاھالىسى تۇركۇملەپ، پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەن ئىدى. قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، **19**ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا پەرغانە ۋادىسىغا **300** مىڭدىن ئارتۇق قەشقەرلىكلەر ماكانلاشقان[7]. شۇ دەۋرلەردىكى پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ۋە نوپۇسى ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن گ.ئىسھاقوف، ئا.م. رېشېتوۋ ، ئا. ن. سېدلوۋسكايا، س. س گۇبايېۋا ، ئى.ۋ. زاخاروۋا، غ.سادۋاقاسوف ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

س. س. گۇبايېۋا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرى ئاساسىدا **19**ـ ئەسىرنىڭ **60**ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدا **300** مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[8].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت سادۋاقاسوف، پەرغانە ۋادىسىدا چوقان ۋەلىخانوف قەيت قىلغان **9** مىڭ نوپۇس دولانلىقلارنى قوشۇپ، **324** مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[9].

ئى. ۋ. زاخوروۋانىڭ قارىشىچە، **1860**ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقەنت خانلىقى تەۋەسىدە **200**ـ**250** مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان[10].

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئەسلىدىن بىر-بىرى بىلەن ئېتنىك پەرقى بولماسلىقى، تىل، دىن، سەنئەت ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە باشقا كۆپ تەرەپلەردىكى

ئوخشاشلىقلار قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ خەلققە سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبگە ئايلاندى.

يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئەسلىدىن بار بولغان ۋە 1881-يىلى رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى « ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ چېگرا ئايرىغاندىن كېيىن قورغاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئىلى تەۋەسىدىن رۇسىيە تەۋەسگە كۆچكەن 45مىڭ تارانچى[11] ، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى شۇنىڭدەك 1955-1962-يىللىرى ئارىسىدا ئىلى ۋە باشقا شىمالىي رايونلاردىن كۆچكەنلەردۇر.

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تىل جەھەتتىن ئالغاندا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولۇپ ، پەقەت ئايرىم شۇبلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە خالاس. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ، يەنى بۇرۇنقى قەشقەرلىكلەر قەشقەر شۇېسىنى ئاساس قىلغان. يەتتە سۇ رايونىدىكىلەر بولسا ئىلى شۇېسىنى ئاساس قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا »قەشقەرلىق» ۋە «تارانچى» دېگەن ئىككى خىل نام بىلەن بىر-بىرىنى پەرقلەندۇرگەن ھەم يەرلىك ئاھالىلار ۋە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شۇنداق ئاتالغان ئىدى-1921 .يىلىدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيى نەتىجىسىدە « ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» بۇ خىل ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر نامى قەدەممۇ-قەدەم پەرغانە ۋە يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق مىللىي نامى بولدى. قەشقەرلىق ۋە تارانچى ئاتالغۇسى پەقەت بىر مىللەتنىڭ ئىككى جۇغراپىيىلىك رايونغا جايلاشقان قىسىملىرىنىڭ ئايرىم ناملىرى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئېتنىك نام ئەمەس ئىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە تۈرلۈك ئۇچۇرلار مەۋجۇت. ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1923-يىلى، پۈتۈن turkئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە ئائىت سانلىق مەلۇماتنى turk كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا مەلۇم قىلغان[12]. ئەنە شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بۇرھان قاسىموف پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مىليون ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقىنى يازغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى پەرغانە ۋادىسىغا تارقالغان ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كېيىنرەك پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى 500-700 مىڭ ئەتراپىدا دەپ يازغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت ئىدى.

بىراق، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بۇنىڭدىن زور دەرىجىدە تۆۋەن بولۇپ، **1924**-يىلى، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرغانە ۋادىسىدىكى زور ساندىكى قەشقەرلىق ئۇيغۇرلار ئۆزبېك سۈپىتىدە تىزىمغا ئېلىنغان. رۇسىيە ئالىمى سېرگېيى ئاباشىنىڭ قاراشلىرىغا تايانغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ زور ساندىكى «قەشقەرلىقلەر» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ **1924**-يىلى باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش سىياسىتى نەتىجىسىدە ئۆزبېك ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇۋېتىلىپ، يېڭى ئۆزبېك مىللىتىنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىدى . بىراق، **1926**-يىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە، ئۇيغۇر مىللىتى » قەشقەرلىق»، «تارانچى» ۋە « ئۇيغۇر» دېگەن ئۈچ خىل نام بىلەن تىزىمغا ئېلىنغان .ئەمما، **1937**-يىلدىكى تەكشۈرۈشتە پەقەت ئۇيغۇر نامىلا ئىشلىتىلگەن[13]. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىدا ئىزچىل ئاز كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ تۈرلۈك سەۋەب-ئامىللىرى بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدە مىللىي سىياسەت ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى ئېتنىك پەرقنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە **1932-1933**-يىللىرىدىكى ئاچارچىلىق، **1937**-يىللىرىدىكى تازىلاش ۋە **1941-1945**-يىللىرىدىكى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر. مەسىلەن، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانى **1947**-يىلى، قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى جۇمابايې شاياخمەتوف قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش ھەققىدە موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا 27 مىڭ دەپ مەلۇم قىلىنغان بولۇپ، **1937**-يىلدىكىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئەلۋەتتە ،قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب،**1932-1933**-يىللىرىدىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىدە زور ساندىكى ئۇيغۇرلار يەتتەسۇدىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ۋەتىنىگە قايتمىغان ئىدى. ئەنە شۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ **1950**-يىللاردىكى سانلىق مەلۇماتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسى ئاران **100** مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايتىدىن تېز كۆپىيىشى **1954-1962**-يىللىرىدىكى كۆچۈش نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇ گۇرۇپپىسى تەركىبىگە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، ئاتۇش ۋە باشقا جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلدى. تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە ئىلى تەۋەسىدىن كەلگەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىمۇ قوشۇلدى.

**2.**ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك تەرەققىياتى

**1954**ـ **1962**ـ يىللىردىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىراقلا ئاشتى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، سەنئىتى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي كىملىكلىرى كۈچەيدى ھەم راۋاجلاندى.

**1962**ـ**1954**ـيىللىردىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى كۆپلىگەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، قىرغىزىستاننىڭ ئوش، جالال ئاباد، فرۇنزې، قاراقول ، توقماق قاتارلىق جايلىرىدىكى ئەسلىدىن بار بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۇ چاغدا مىللىي كىملىكىنى ئۆزبېككە ئۆزگەرتىپ، ئۆزبېكلىشىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ، سانى ناھايىتى ئاز قالغان ئىدى. ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى ساقلىغان ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى بىردىنلا كۆپەيدى . ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرى بۇ چاغلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزبېكلىشىپ، ئۆز مىللىي كىملىكىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىپ قويغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئېتنىك كىملىكىنى يوقاتمىغانلار يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى رەسمىي شەكىلدە قايتىدىن پەيدا بولدى ھەمدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى.

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار كولخوزلار، يېزا-قىشلاقلار ۋە شەھەرلەرگە توپلىشىپ، زىچ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز مىللىي كىملىكى، مائارىپى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلىشى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ياخشى ئىدى. **1950**ـيىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىلا سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى »، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى « سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئۇلاردىن چىققان ئالىملار « سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئورتاق «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان بىر گەۋدە يوقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ ئايرىم تەرەققىيات يولىغا مېڭىشقا باشلىدى.

گەرچە، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە رايونىدىكى مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت جۇمھۇرىيەتكە تارقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم دىئاسپورىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان پەرغانە گۇرۇپپىسى بۈگۈنكى كۈنلەردە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى ھەمدە بۇ رايوندىكى قالدۇق ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرى داۋاملىق تۈردە سىڭىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. گەرچە ئەنجان قاتارلىق رايونلاردا ھازىرمۇ مەلۇم ساندا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنۇتقان ، تىل ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىك جەھەتلەردىن ئۆزبېكلەردىن پەرقسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ پەقەت 1955-يىلىدىن 1962-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر دىيارىدىن كۆچۈپ كەلگەن تەركىب ۋە قازاقىستاندىن بۇ جۇمھۇرىيەتكە خىزمەت يۈزىسىدىن بېرىپ يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى تاشكەنت شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەۋلادلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى قەدەممۇ-قەدەم ئاجىزلاش شۇنىڭدەك داۋاملىق ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى بولسا ئۆز مىللى كىملىكى، مىللىي مەدەنىي-مائارىپى ، ئەدەبىيات-سەنئىتى، مۇزىكىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە ياخشى ساقلاپ قالدى شۇنىڭدەك بۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر پارچىسىلىق رولىنى ئوينىماقتا. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشى ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈلمىدى. بىراق، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم. ئەلۋەتتە، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1954-1962-يىللىرى ئارىسىدا كۆچۈپ كەلگەنلىرى تەركىبىدە يەنە كۆپ ساندا ئەسلى قەشقەر ۋە ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ چىققانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەشۇ جايلاردىن ئالدىن بىلەن ئىلى ۋادىسىغا، كېيىن ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتكەنلەر ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزلىرىنى تارانچىلار، ۋە ياكى يەتتەسۇلۇقلاردىن پەرقلەندۈرۈش خاھىشىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ھازىر مۇنداق خاھىشلار ئاساسەن دېگۈدەك تۈگىگەن.

### 3.ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى دۆلەت تۈزۈلمىسى بويىچە چار رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردىن ئىبارەت ئۈچ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بويىچە ئۈچ دەۋرگە ئايرىش مۇمكىن. بۇ ئۈچ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ، خۇسۇسىيەتلىرى ، تەرەققىيات يۆنىلىش ۋە مۇساپىسى مەۋجۇت.

**بىرىنچى دەۋر: چار رۇسىيە دەۋرى: (1878-1917-يىللىرى)**

1878-يىلى، چار رۇسىيە پۈتۈن turk رايونىنى تولۇق ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان turk گېنېرال گۇبېرناتورلۇقىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇري باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ئىدارە قىلدى. تاكى 1917-يىلى،پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ھاكىمىيەتلەر بولشېۋىكلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈچىگە بولغان ئارىلىقتا چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا كىچىك كۆلەمدىكى يېنىك سانائەت بازىلىرىنى قۇردى ھەمدە تۆمۈر يول ياساپ، ئىچكىرى رۇسىيە بىلەن تۇتاشتۇرۇشقا كىرىشتى. رۇسىيە سودا-سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ turk خام ئەشياسىغا بولغان ئېھتىياجى ئۇلارنى تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگە زامانىۋى ياۋروپا مەدەنىيىتى، سانائەت ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە، ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يەرلىك خەلق پەرزەنتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەربىيىلەشكە مەجبۇر قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يەرلىك سودا گۇرۇھى ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ رۇسىيىنىڭ پېتىربۇرگ، موسكۋا، ئورىنبۇرگ ۋە باشقا شەھەرلىرىگە بېرىپ سودا قىلىش ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە نىسبەتەن چوڭ مىللەتچىلىك ۋە كەمسىتىش سىياستى يۈرگۈزسىمۇ بىراق، يەرلىك خەلقلەر مەلۇم رەۋىشتە ئىلغارلىقلار ۋە تەرەققىياتلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. لېكىن، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە قارىتا ھېچقانداق ئومۇميۈزلۈك مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتلەردىن گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ مەدەنىي-مائارىپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش سىياستى يۈرگۈزۈپ، بۇ ساھە ئۈچۈن مەبلەغ سالمىدى. يەرلىك خەلقلەر پەقەت ئۆزلىرىدىن چىققان خەلقپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر كىشلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولدى.

رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئايرىمچىلىقى ۋە مۇستەملىكچىلىك سىياستى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ساۋاتسىزلىق ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ

بار بولۇپ، مەيلى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ۋە ياكى يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇميۈزلۈك ئارقىدا قالغان ئىدى.ئۇيغۇرلاردىمۇ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئوخشاشلا يۇقىرى بولدى. زامانىۋى مەكتەپ ئېچىش، مەدەنىي ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. 1917-يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي ئويغىنىش، مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى ئەۋجى ئالدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز جەمئىيەتلىرى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىگە ئاتلاندى. بۇ جەھەتتە « تارانچى كومىتېتى» ئۆز ئالدىغا بىر قاتار پروگراممىلارنى قويغان ئىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتىن گۈللىنىشىنى چاقىرىق قىلىپ، بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلدى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ چار رۇسىيىگە قارشى تۇرۇشى ۋە ئاخىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرۇشىدىكى ئامىللارنىڭ بىر ئالدىنقىسىنىڭ مىللىي كەمسىتىش سىياستى يۈرگۈزۈشى، كېيىنكىسىنىڭ مىللىي كەمستىشنى بىكار قىلىپ، مىللىي ،مەدەنىي-مائارىپ جەھەتلەردىن گۈللىنىش ۋەدىلىرىنى بېرىشىگە باغلىق ئىدى.

يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى 1883-يىلىدىن كېيىن رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى 1918-يىلىغىچە بولغان 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇلاردا مەدەنىيەت جەھەتلەردىن كۆرۈنەرلىك گۈللىنىش مەنزىرىسى كۆرۈلمىگەن ئىدى، پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى رۇس تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ھەمدە زاۋۇت-فابرىكىلاردا ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە بولدى. يەنە بىر قىسمى بولسا، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق جايلاردىكى تاتارلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئارقىلىق يېڭىچە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى تەرەققى قىلدۇردى.

چار رۇسىيە دەۋرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق گۈللىنىش ئېلىپ كەلمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىي-مائارىپىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىش ۋە گۈللىنىشى سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا ئىشقا ئاشتى. يەتتەسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ، ئومۇمەن ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى، ساۋاتسىزلىقنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، بۇرھان قاسىموف قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىدە كۆپ تەكىتلەنگەن ئىدى. بۇرھان قاسىموف يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ ، »خەلقىمىزنىڭ 100دىن بىرى بولمىسا، قالغانلىرى يېزىشنى بىلمەيدۇ. ساۋاتسىزلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش چارىلىرى بىزدە تېخى كۆرۈلمىدى. كامچىللىك كۆپ،مىڭدىن بىرىنىمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئىنقىلابتا

پۈتۈن رۇسىيەدىكى ئايماقلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئېزىلگىنى بىز.ئاۋال ھەم، ھازىرقى كۈندە ئەڭ تۆۋەن،نادان سانالغىنى بىز، ئېغىرلىقنى، خورلۇقنى ئەڭ كۆپ تارتقان بىز ئۇيغۇر خەلقى»[14] دەپ يازغان.

ئىككىنچى دەۋر: سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرى: ( 1918 ـ 1991 ـ يىللىرى)

ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ستالىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن باسقۇچ ۋە ستالىندىن كېيىنكى باسقۇچ ھەم سوۋېت- جۇڭگو رەقىبلىك باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىبارەت ئۈچ مەزگىلگە ئايرىش مۇمكىن. ستالىن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەنە 1937 ـ 1938 ـ يىللىرىدىكى چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى ۋە سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىنى چېگرا قىلىپ، ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن .بىرىنچى باسقۇچ 1918 ـ 1941 ـ يىللىرى بولۇپ، بۇ 20 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ھەر ساھەلەر بويىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر زامانىۋى مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئەدەبىياتى يوقلۇقتىن بار بولۇپ، شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

بىرىنچى باسقۇچتا يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەنزىرىسى ـ1938 ـ 1937يىللىرى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن بىتچىت قىلىنغان بولسا، 1941 ـ يىلى، سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تامامەن تۈگەشتى.

20 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1945 ـ يىلىدىن تاكى ستالىن ئۆلۈپ خرۇشېۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنگىچە بولغان باسقۇچتۇر. مەزكۇر باسقۇچتا ئۇيغۇر خەلقى بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىگىلىكىنى قايتىدىن قۇرۇش ھەم كۈچەيتىشكە ئاتلاندى. ستالىن ھۆكۈمىتى 1943 ـ يىلىدىن كېيىن شەكىللەنگەن تىنچ ئوكيان ـ ئاسىيا رايونى ۋەزىيىتى، دۇنيا ۋەزىيىتى جۈملىدىن جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر ئېلى ۋەزىيىتىگە كۆرە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېلى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىدىمۇ يېڭى ئىستراتېگىيە بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ دەل ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ھەم ياردەم بېرىشتە ئىپادىلەندى. 1949 ـ يىلىدىن كېيىن بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قوللاش ئارقىلىق غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرىنى كۈچەيتتى. ئەنە شۇ بىر قاتار سەۋەب ـ ئامىللار تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ـ1938يىللىرى تاقىۋېتىلگەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئېچىلىشقا، ئۇيغۇر

مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەنئەت ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى ئەسلىگە كېلىش ھەم يېڭىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تەرەققى قىلغان، گۈللەنگەن « سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» نى مودېل قىلىپ كۆرسىتىش ۋە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ماھىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى.

ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، نىكىتا خرۇشېۋنىڭ شەخسكە سېغىنىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە ستالىننىڭ خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ستالىن دەۋرىدىكى گۇلاگلارنى بىكار قىلىپ، گۇلاگ تۇتقۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىدا يېڭى تەرەققىيات يولى باشلاندى.

سوۋېت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى سوۋېت ـ جۇڭگو رەقىبلىك باسقۇچى بولۇپ، بۇ **1961** ـ يىللىرىدىن **1989** ـ يىللىرىغىچە بولغان **30** يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا نىكىتا خرۇشېۋ، لېئونىد برېژنېۋ ۋە مىخايىل گورباچېۋتىن ئىبارە ئۈچ شەخس مۇقىم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ھۆكۈم سۈردى. برېژنېۋ بىلەن گورباچېۋ دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

### ئۈچىنچى دەۋر: مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرى (1991 ـ يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە)

**1991** ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە **15** مۇستەقىل دۆلەت مەيدانغا كەلدى شۇنىڭدەك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى غەرب دۇنياسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىقىلىشى دۇنيانى ئۆزگەرتتى، جۇملىدىن مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىق مۇناسىۋەتلەردە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بۇ **20** يىل ئىچىدە قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆز مىللىي ۋە دۆلەت كىملىكىنى تىكلەش يولىنى تۇتۇپ، ھاكىمىيەت ئۇستىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ـ قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تۈركمەنلەرنىڭ دۆلەتچىلىك، مىللەتچىلىك ئىدىيولوگىيىسىنى كۈچەيتىلدى. بۇ **20** نەچچە يىل ئىچىدە سابىق چار رۇسىيە، كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ياشىغان مەزكۇر خەلقلەر مۇستەقىل دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنى كۈچەيتىش،ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇش ۋە مىللىي ئېڭىنى ئۇيغىتىش ۋە مىللىي ئىپتىخارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تۈرلۈك پروگراممىلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز دۆلەتلىرىدە كۆپ مىللەت ياشىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك مىللىي كىملىك ئىدىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا » قىرغىزىستان بىزنىڭ ئورتاق ئۆيىمىز» ، « قازاقىستان بىزنىڭ ئورتاق ئۆيىمىز «دېگەندىن

ئىبارەت « ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئەسلىدىن ئورتاق مەدەنىيەت ۋە تارىخ كىملىكىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما تۈرك قېرىنداشلىقى ۋە تۈرك بىرلىكى شوئارىنى ئاشكارا ۋە رەسمىي رەۋىشتە يولغا قويۇلمىدى .ئەكسىچە يەنىلا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلى بويىچە مىللىي سىياسەت قوللاندى.

ئىبارەت « ئورتاق ۋەتەن» ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەم قېرىنداشلىقىنى تەكىتلىدى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئەسلىدىن ئورتاق مەدەنىيەت ۋە

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قازاقىستاننى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى، مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئىگە بولۇشىدەك ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن قازاقىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش سىياستىنى چەتكە قاقمىدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ زور كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىش سىياستىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تەشۋىقات ، تەتقىقات، مائارىپ ئورۇنلىرىغا قارىتا مەبلەغنى قىسقارتىش ئارقىلىق، بۇ ئورۇنلارنىڭ گورباچېۋ دەۋرىدىكىدەك ئالاھىدە سالاھىيىتىگە چەك قويدى، بەزىلىرىنى توختاتتى، بەزىلىرىنى بولسا قىسقارتتى. بازار ئىگىلىكى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەبلەغ سېلىشقا ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، قازاقىستان ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاش پوزىتسىيىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى. قىرغىزىستاندا بولسا، ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق قازاقىستانغا ئوخشاش سىستېمىلىق مىللىي مائارىپقا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇ جايدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پەقەت ئاممىۋى تۈس ئالدى. ئۆزبېكىستان بولسا، تامامەن باشقىچە بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئۆزبېكلىشىشى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىي مائارىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاشلا ئاممىۋى تۈس ئالغان بولۇپ، قازاقىستاندىكى ئوخشاشا جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىدىكى تىياتىرلارغا ، مەدەنىيەت -مائارىپ ئورۇنلىرىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولمىدى.

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ مىللەتچىلىك بېسىمى، سىياسىي ئىدىيىۋى بېسىمىدىن قۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىدىيە جەھەتتىن ئەركىن تەرەققى قىلىش، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى كۈچەيتىش ھەم تەرغىپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىياسىي رامكىدىن قۇتۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئانا ۋەتىنىدىكى ئومۇمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش ۋە يۇغۇرۇلۇش ئىستىقبالىنى كۆردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دىگەن سىياسىي ئېتىنىك چۈشەنچىسى

يوقلىپ، ئۆزلىرىنى روھى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئانا ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تەقدىرداش ھېسابلاش خاھىشى كۈچەيدى .سوۋېت دەۋرىدە ئەسلىدىن بۇ زېمىندا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى« يەرلىك» ياكى » سوۋېتلىك» دەپ ، **1954ـ1962**ـيىللىرى كۆچۈپ كەلگەنلەرنى « كۆچمەنلەر» ، «ختايلىقلار» دەپ ئايرىشتەك قىسمەن مەھەللىۋازلىق ئىللەتلىرى زاۋاللىققا دۇچ كەلدى » .يەرلىك ئۇيغۇرلار» دىكى ئۆزلىرىنى « ئۇلۇغ سوۋېت خەلقى» دەپ ئۇستۇن كۆرىدىغان خاھىشلىرىگە خاتىمە بېرىلدى. ئومۇمەن، مۇستەقىللىق دەۋرىدە «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى «ئايرىم جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئورتاق « سوۋەتلىك» ئىدىيىسى ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتىنىدىكى يادرولۇق توپلۇق، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسي قىسمى بىلەن ئۆزىنى باغلاش، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي ئىدىيىسى ئالمىشىپ، تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى پىكىردىكى ئەركىنلىك، ئۇسۇلدىكى ئەركىنلىك بولۇپ، قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دېموكراتىك تۈزۈملىرىدىن نەپ ئېلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى قانۇنىي تۈزۈملەرگە بويسۇنۇش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش يولىغا كىردى .ئەلۋەتتە، قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى مۇھىم بىر تېما. ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ ھازىر قانداق يېڭى مەسىلىلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى؟ دېگەن سوئاللار قويۇلۇشى تەبئىي. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىشىدىكى ئاساسلىق نۇقتا مەزكۇر رايونلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كەلگۈسىدە ئەشۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاساسلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت گەۋدىسى ئىچىگە سىڭىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ سىڭىش ئورتاق تۈرك قېرىنداشلىقى نەزەرىيىسى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ياكى باشقىچە يولدىمۇ؟ ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرى بۇنداق رېئاللىقنىڭ مودېلىنى ئاللىقاچقان كۆرسەتكەن بولۇپ، قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىرى قانداق شەكىلدە بولۇشى مۇمكىن؟مانا بۇ ، مۇرەككەپ سواللاردۇر. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسى مەۋجۇتلۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ يادرولۇق قىسمى بولغان ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسي گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تارماقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەمما، نۇرسۇلتان نازارباييېف قازاقىستان تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا نىسبەتەن « قوش تىللىق» سىياسەت يۈرگۈزمىگەن بولۇپ، نازارباييېفنىڭ ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مىللىي مائارىپىنى تولۇق رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساقلىنىپ ۋە قوغدىلىپ قېلىنىش ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن ھەسسە قوشۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ۋە شەرەپلىك ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىشى ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى بولغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىككى دەۋرگە قارىغاندا ئەركىن تەرەققى قىلىش يولىغا كىرگەن، ئانا ۋەتىنى بىلەن تەقدىرداشلىقى ئاشقان ،ئەمما كۆچلۈك ۋە مۇرەككەپ ئىستىقبال مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن دەۋردۇر.

## 4. 1930-1920- يىللاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى

مەزكۇر تېما ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ 1918-1941- يىللىرىدىكى باسقۇچىغا مەنسۇپتۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قازاقىستاندا ئەڭ دەسلەپ 1918-يىلى، « سادايى تارانچى» گېزىتى نەشر قىلىنىپ، بىر مەزگىل تارقىتىلدى. گېزىتنىڭ ئىگىلىرى ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسوف قاتارلىقلار »تارانچى كومىتېتى»غا يېتەكچىلىك قىلىپ، مەدەنىي ئاقارتىش ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن بۇ گېزىت تارقىتىۋېتىلدى[15]. 1919-يىلى، ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار « ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نى قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پروگراممىسى يەنىلا مەدەنىي ئاقارتىش بولغان ئىدى.
1919-يىلى ئالمۇتىدا تۇنجى قېتىم 4 سىنىپلىق ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ 1925-يىلدىن كېيىن 9 يىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلىنىپ سوپى زارۋات نامى بېرىلىدۇ شۇنىڭدەك تۇنجى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ قالىدۇ.
« ئۇيغۇر جەمئىيىتى» يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەكتەپ ئېچىش، مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى يەنە «كۆك كۆينەكلەر» دەپ ئاتالغان سەنئەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر دراممىلىرىنى ئوينىدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئا. روزىباقىيېفنىڭ « مەنسەپپەرەسلەر» دراممىسى بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇر تىياتىر گۇرۇپپىسى يەنە نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ » نۇزۇگۇم» دراممىسىنى ۋە كېيىن « ئانارخان » دراممىلىرىنى ئوينىدى. يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دراما تىياتىرى تېز سۈرەتتە تەرەققى قىلىش بىلەن دەسلەپكى ئۇيغۇر دراما رېجىسسورلىرى ۋە كەسپىي ئارتىستلىرى قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى.
1923-يىلىغا كەلگەندە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ باشچىلىقىدا « ئۇيغۇر بىلىك ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، بۇنىڭ تەركىبىگە نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، بۇرھان قاسىموف، ئىسمايىل تاھىروف قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى كىردى[16]. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پروگراممىسى ئۇيغۇر تىل، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىدى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە

1920-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەتتەسۇنىڭ ئۇيغۇرلار جايلاشقان بارلىق يېزىلىرىدا مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىپ بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

بۇرھان قاسىموف ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تېز تەرەققى قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ئىزچىل تەكىتلىگەن بولۇپ، گەرچە 1921-1925-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار رايونىدا خېلى كۆپ ساندا مەكتەپلەر ئەچىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا بۇنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتىنىڭ داۋاملىق يۇقىرىلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۆزىنىڭ 1925-يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مەكتەپ ۋە مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ، گەرچە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي-مائارىپىدا كورۇنەرلىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە كۆپ ساندا ئۇيغۇر ياشلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ بىراق، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەچىلغان مەكتەپلەرنىڭ يەنىلا ئازلىقىنى شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان:

»ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇرلۇك جۇمھۇرىيەتلەردە ياشايدىغان 500-700 مىڭ ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى ئۇچۇن يولغا قويۇلغان مەكتەپلەرنىڭ سانى ئاران20-25تىن ئاشمايدۇ.بۇنىڭ تولىسى يەتتەسۇدا.مەكتەپلەرنىڭ تەمىناتى ناچار» [17].

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئىزچىل تۇردە سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن ئۇيغۇرلارمىڭ مەدەنىي-مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى، ياشلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەشنى، مەكتەپلەرنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدە 1925-يىلى، يەتتەسۇ ئوبلاستى بويىچە ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى كېڭىشى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، رەسمىي كېڭەش تەسىس قىلىنغان ھەمدە شۇ يىلى يەتتەسۇدىكى 17 ئۇيغۇر مەكتىپى ھۆكۈمەتنىڭ ھېسابىغا ئۆتۈپ، بارلىق تەمىناتىنى ھۆكۈمەت زىممىسىگە ئالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپى بۇرۇن باشلانغانلىقى ئۇچۇن ئۇلار ئارىسىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىلا كۆپ ساندىكى ياشلار، موسكۋا، لېنىنگراد، تاشكەنت، باكۇ، قازان، ئالمۇتا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىلا ئۇيغۇرلاردىن كۆپ ساندا ياشلار ئالىي مەلۇماتلىق بولغان. ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە 1921-يىلى قازاق ۋە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە تەلىم ئالغان 30-40 يېقىن ئۇيغۇر ياش تاشكەنت ۋە موسكۋادىكى تۇرلۇك مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلگەن بولسا ، 1922-يىلى ، يەنە 80 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا ۋە تاشكەنتتىكى ئوقۇش ئورۇنلىرىغا يولغا سېلىنغان»[18].

1923-يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا، لېنىنگراد، تاشكەنت، باكۇ ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە»[19] ، بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.

ئۇيغۇر مەكتەپلىرى 1924-1925-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئايرىم جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن تېز كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، 1925-1926-يىللىرىغا كەلگەندە پۈتۈن ئالمۇتا ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ سانى 32 گە يېتىپ، ئۇنىڭدا 3490 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان . 1928-1929-يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ سانى 42گە يېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ئاشقان [20].

بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاممىۋى يوسۇندا ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، مەدەنىيەت ئاقارتىش پائالىيەتلىرىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، تۈرلۈك ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى سەنئەت، مەدەنىيەت گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى. ئالمۇتىدا سوپى زارۋات نامىدىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى 1920-يىللاردىكى تۇنجى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى سۈپىتىدە كۆپلىگەن ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىدى.

ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ۋەزىيەت باشقىچە بولۇپ، 1920-يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېك مەكتەپلىرىگە بارغان ئىدى. بىراق، 1930-يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان، تاشكەنت ۋە باشقا جايلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەر، تېخنىكوملار، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى ھەم گېزىتلەر ئىش ئېلىپ باردى . 1933-يىلى قۇرۇلغان ئەنجاندىكى ئۇيغۇر دراما ۋە ناخشا- ئۇسۇل ئانسامبىلى ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ئۆزبېكىستاندا 1934-يىلى، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار ھەققىدە « جانانخان» ناملىق كىنو فىلمى ئىشلەنگەن ئىدى. ئەنجاندىكى ئۇيغۇر دراما ۋە ناخشا -ئۇسۇل تىياتىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە خېلى داڭ چىقىرىپ ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىك تىياتىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەيسار ئىبرايىموف ( 1910-1986) غەنجان تاشمەتوف ( 1913-) ، جالال ئاسىموف (1907-1968) قاتارلىقلار دەسلەپكى داڭلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىدى. غەنجان تاشمەتوف ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئۆزبەكىستاننىڭ « مۇقىمى» تىياتىرى، ئەنجاندىكى ئۇيغۇر تىياتىرى ۋە 1966-يىلىدىن كېيىن ئۆزبېكىستان رادىئوسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسۇل ئانسامبىلىنى باشقۇردى [21].

ئەيسار ئىبرايىموف بولسا، ئۆزۈن مەزگىل ئۆزبەكىستاننىڭ يولداش ئاخۇنبابايەۋ تىياتىرىدا خىزمەت قىلىپ، 1930-يىللاردىن ئېتىبارەن « لەيلە-مەجنۇن» دراممىسىدا مەجنۇننىڭ رولىنى ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ رولنى 1100 قېتىم ئويناش بىلەن ئۆزبېكىستان دراما تارىخىغا يېزىلغان [22].

قازاقىستان ئۇيغۇر تىياتىرى 1934-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، غولام جەلىلوف (1995-1901 ) ، ئەخمەت شەمىيېۋ (1908-1983)، ئەسقەرجان ئەكبەروۋ ( 1910-1981)، مىرخەلىل زەيناۋىدىنوۋ ( 1911-1978)، ئەخمەتجان سوپىيېۋ ( 1916-2000)، مەخپىر باقىيېۋ ، ئاياللاردىن خەلىچەم ئېلىيېۋا ( 1911-1997)، رۇشەنگۇل ئېلاخۇنوۋا ( 1920- 2000)، سەلىمە ساتتاروۋا ( 1920-1985) ۋە باشقىلار دەسلەپكى ئۇيغۇر كەسپىي دراما ئارتىستلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەم دراما ئارتىسلىق ھەم ناخشىچىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تالانتى بىلەن قازاقىستان خەلق ئارتىستلىرى نامىغا بۇرۇنلا ئېرىشكەن ئىدى.

تاشكەنت 1920-1938-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ شەھەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى .تاشكەنتتە، 1921-يىلى، « كەمبەغەللەر ئاۋازى»، « ياش ئۇيغۇر » ژۇرنىلى چىققان» .كەمبەغەللەر ئاۋازى » كېيىن ئالمۇتىغا يۆتكەلگەن.
1927-يىلدىن ئېتىبارەن پىشپەكتە «قۇتۇلۇش» گېزىتى چىقىرىلىپ 1928-يىلى دېكابىردا سەمەرقەنتكە يۆتكەلگەن، 1930-يىلدىن كېيىن تاشكەنتكە يۆتكىلىپ، « كۆن چىقىش ھەقىقتى» گە ئۆزگەرتىلىپ ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىت سۈپىتىدە 1936-يىلى « شەرق ھەقىقتى»گە ئۆزگەرتىلىپ، كۆپ تىراژ بىلەن چىقىرىلغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا پەقەت بىر ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىلا 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر كولخوزى ئىش ئېلىپ بارغان . ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان ئىدى[23].

تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى 1927-يىلدىن تارتىپ ، «ئىنقىلابچى شەرق» ناملىق ئەدەبىي، ئىجتىمائىي-سىياسىي ژۇرنال چىقاردى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، بۇرھان قاسىموف ۋە باشقىلار قىلدى. مەزكۇر ژۇرنال تاكى 1933-يىلغىچە نەشر قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا يەنە قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى سۈپىتىدە « قىزىل تاڭ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، تاكى 1933-يىلغىچە داۋاملاشتى. ئالمۇتىدا « قىزىل تۇغ» گېزىتى نەشر قىلىنىشقا

باشلىدى.

بىراق، ئۆزبەكىستاندىكى « قۇتۇلۇش»،يەنى كېيىنكى« شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى بىلەن «ئىنقىلابچى شەرق» ژۇرنىلى ۋە « قىزىل تۇغ» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەتبۇئات بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «قۇتۇلۇش»، كېيىنكى « شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى بىلەن » كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەزكۇر گېزىت ۋە ژۇرناللار ئۇيغۇر خەلقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتى ھەم سىياسەت-تۈزۈملىرى ھەققىدە بىلىمگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى چەتئەللەردىكى ئەھۋاللار، خەلقئارا ھەم ئىچكى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىدى شۇنىڭدەك يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي-سىياسىي،ئىقتىسادىي، تىل-ئىملا ۋە باشقا تۈرلۈك مەسىلىلىرى ھەققىدىمۇ ھەر خىل مەلۇماتلار، ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇردى. بۇ گېزىت-جۇرناللار يەنە ئۇيغۇر ياش ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ زېمىن ھازىرلىغان ئىدى.

تاشكەنتتىكى ئاز مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە باشقا ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا -1920يىللىرىدىلا كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدى بىلەن ئىشچىلار فاكۇلتېتىغا كىرىپ تەييارلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرگە رەسمىي ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئىدى. دەسلەپكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالدى بىلەن تاشكەنتتە ئالغان ئىدى.

سابىق چار رۇسىيە **turk** ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان تاشكەنت **1918-1924**-يىللىرى **turk**سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى، **1930**-يىلدىن كېيىن ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان . سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شەرق ۋە ئاسىيا ئەللىرىگە قاراتقان سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تاشكەنتنى مۇھىم بازا قىلىپ بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن تاشكەنتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ساھەلىرىنى تېز سۈرەتتە راۋاجلاندۇرغان ئىدى .شۇڭا **1930**-يىللىرىغا كەلگەندە تاشكەنت مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەھەرگە ئايلانغان . شۇڭا تاشكەنتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مەدەنىيەت مەركىزىي ئايلىنىشى تەبىئىي ئىدى.

پۈتۈن **turk** ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ( **1918-1924**) تەۋەسىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئاممۋى -سىياسى تەشكىلاتى « ئالتىشەھەر-جۇڭغار مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» **1921**-يىلى، **3**-**9**-ئىيۇن كۈنلىرى تاشكەنتتە قۇرۇلتاي چاقىرغان بولۇپ، ئۇيغۇر

مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق پروگراممىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىدى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەركىزى تاشكەنت شەھرىگە جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن turk تەۋەسىدە ئۇنىڭ تارماقلىرى بار ئىدى.

تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت ئوتتۇرا ئاسىيا ياشلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، 1934ـ1938ـ يىللىرى ئارىسىدا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا پەقەت ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەلگەن 150 گە يېقىن ئۇيغۇر ياش ئالى مەلۇماتلىق بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھەم باشقا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى يۇقىرى مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئىدى. تۇنجى ئۇيغۇر پروفېسسورلىرى بۇرھان قاسىموف (1901ـ1937) ، ئۆمەر قاسىمى(1938ـ ) ، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى(1901ـ1937) ۋە باشقىلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم باشقا ئالىي مەكتەپلەردە دەرس بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان « دولقۇنلار ئارىسىدا » مۆمىن ھەمرايېۋ تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1930ـ يىللاردا تاشكەنتتە نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست « نۇزۇگۇم» نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف (1951ـ1998 (تەرىپىدىن يېزىلىپ 1921ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى.نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ـ1920يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تارىشۇناسلىقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مىللىي كىملىكى ۋە باشقا مەسىلىلىرى ھەققىدە كىتاب ۋە ماقالىلارنى دائىم ئېلان قىلىپ، بوشلۇقنى تولدۇرغان ئىدى.

1930ـ يىللاردا مۆمىن ھەمرايېۋ ( 1907ـ1956) ،نۇر ئىسرائىلوف، (1910ـ1937) تۇردى ھەسەن) ، (1909ـ1937 ئۆمەر مۇھەممىدى(1906ـ1931)، ھېزىم ئىسكەندوروف (1906ـ1970) ۋە باشقىلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، تاشكەنت شەھرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. 1930ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گۈللىنىش مەنزىرىسى پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىر قانچە پوۋېستلىرى ئارقىمۇـئارقىدىن نەشر قىلىندى. مەسىلەن، مۆمۈن ھەمرايېفنىڭ « ئېغىر كۈنلەردە1931ـ ) «يىلى)، نۇر ئىسرائىلوفنىڭ « كۈنلەر» (1934ـ يىلى)، « قىزىل تۇغ نىشانى1935ـ) «يىلى)، تۇردى ھەسەننىڭ « زۇلۇم ئوچىغى» (1934ـ يىلى) ناملىق پوۋېستلىرى ۋەكىل خاراكتېرلىقتۇر. 1920ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 1930ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنە شۇ ئىسمى ئاتالغان ئەدىبلەردىن باشقا يەنە

ئۆمەر مۇھەممەدى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، ئا.خۇدايقۇلوف، م.ئادىلوف ( ئىلدىرىم) باشقىلار كۆپلىگەن ھىكايىلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. 1930ـيىللار پروزىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسى ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي زۇلۇم ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى يورىتىش بولغان ئىدى. پروزادىن باشقا يەنە يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەدىبلە ۋە ھېزىم ئىسكەندوروف، ھېبىب زاكىرىي ۋە باشقىلار مەخسۇس شېرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ داستانلىرى ۋە ئايرىم شەئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى[24].

پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى ئەنە شۇ تاشكەنتتىكى «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى تەرىپىدىن تەييارلاندى. 1930ـ1938ـيىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر سىياستى مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ، موسكۋا شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇپ، خوجا نىياز ھاجى قاتارلىقلارنى شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دىيارىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى ئۆلكىگە ئايلاندۇرغان ئىدى .شېڭ شىسەي سوۋېتپەرەس سىياسەت يۈرگۈزدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۆلكىدىكى تەسىرى كۈچەيدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى تىكلەش، ئۇيغۇر خەلقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل روھ بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ 1920ـ1930ـيىللىرى ئارىسىدا تەربىيىلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىي-مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايىش قىلغان ئىدى.

1920ـ1930ـيىللاردا يەنە ئالمۇتىدا « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، « قىزىل تۇغ»ۋە « قىزىل تاڭ» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ 1938ـيىل پۈتۈنلەي يوق قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگىكا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، يەنى ئاكادېمىك نامزاتى ، پروفېسسور مەرھۇم مۇرات ھەمرايېفنىڭ تەكشۈرۈشچە، سابىق سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ـ1930يىللاردا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان، ساۋاتسىزلىق پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈگىتىلگەن ئىدى. 1930ـيىللاردا ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ گۈللىنىش پەللىسى يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما 1937ـيىلىدىكى ستالىنىنىڭ «خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتىدىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى زەربىگە ئۇچرىدى. ستالىنىنىڭ تازىلاش ھەرىكىتىدە بۇ ئەدىبلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈرمىگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق دۈشمەنلىرى ئاتالدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت

ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىمۇ تاقىۋېتىلگەن ئىدى[25]. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇ جۇمھۇرىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدا گېزىت چىقىرىلمىدى. ئەمما، 1943-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو سىياستىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسى بيوروسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش قارارىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، 1943-1949-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقتى» ژۇرنىلى چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ ژۇرنال سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئېلىنى مۇددىئا قىلغان ئىدى. ئالمۇتىدا بولسا، « قازاق ئېلى» ژۇرنىلى چىقىرىلدى. 1949-يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يەنە شۇ جۇڭگو سىياستىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىر مەزگىل« شەرق ھەقىقتى» ژۇرنىلى قارمىقىدا «شەرق ھەقىقتى نەشرىياتى»نى قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈپ ، ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچە يۈز پارچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومان -پوۋېستلىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى شۇنىڭدەك دەرسلىك، قوللانما ۋە باشقا ئىلمىي ساھەگە مەنسۇپ كىتابلارنى نەشر قىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارىغا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ خىزمەتلەرگە 1937-يىلىدىكى تازىلاشتىن ۋە سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن ئامان قالغان تۇرسۇن رەھىموف، ئەرشىدىن ھىدايەتوف، ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف، ئايشەم شەمىيېۋا، قادىر ھەسەنوف قاتارلىق بىر قىسىم ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر ئالىملىرى رەھبەرلىك قىلدى.

## 5.ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە مەدەنىي-مائارىپى

1937-يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى تاشكەنتتىن ئالمۇتىغا يۆتكىلىپ، بۇ شەھەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىشقا يۈزلەندۈرۈلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر سىياستىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1950-يىللاردىن كېيىن، 1938-يىللىرىدا پۈتۈنلەي خاراب قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى قايتىدىن تەرەققى قىلىش يولىغا كىردى.

سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن كېيىن، قازاقىستان ئىرچىل تۇردە ئۇيغۇر مائارىپ ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1950-90-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى نەشر قىلىنىپ، قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن « ئۇيغۇر ئاۋازى»غا ئۆزگەرتىلدى. 1990-يىللاردا يەنە « يېڭى ھايات «، »يېڭى زامان» ، «پەرۋاز»، « ئارزۇ» قاتارلىق گېزىتلەر ۋە بىر قىسىم ژۇرناللار نەشر قىلىنىدى.

قازاقىستاندىكى ئىزچىل تۇردە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆز ئانا تىلدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ھەتتا ئالى مەكتەپ مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى، مەسىلەن « قازاقىستان«،  »يازغۇچى» « نائۇكا»، « مەكتەپ» ۋە باشقىلار ئۇزۇن مەزگىل ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، نۆۋەتتە، بۇ جۇمھۇرىيەتىكى ئۇيغۇر مائارىپى، نەشرىياتچىلىقى، سەنئىتى ۋە باشقىلار ئۆز پائالىيىتىنى سىستېمىلىق تۇردە داۋاملاشتۇرماقتا. بولۇپمۇ، خۇسۇسىيلار ئاچقان « ناش مىر» نەشرىياتى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلماقتا. قازاقىستاندىكى بۇنداق ئۆز ئانا تىلدا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ئىمكانىيىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر قانچە ئەۋلاد ئۆز ئانا تىلدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچى-شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان ئىدى.

قازاقىستاندا 1950-2000-يىللىرى ئارىسىدا جامال بوساقوف ( 1918-1987)، خىزمەت ئابدۇللىن (1925-1986)، قادىر ھەسەنوف ( 1912-1976)، زىيا سەمەدى ( 1914-2000) ، ئىلىيا بەختىيا ( 1932-1987) ، دولقۇن ياسىن (1938-2005)، مەسىمجان زۇلپىقاروف (2012-1925 )، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوف (1940-؟)، تۇرغان توختاموف ( 1940-؟) پاتىگۈل سابىتوۋا (1936-؟)، يۈسۈپبېك مۇخلىسوف (1920-2004)، خەلىل ھەمرايېف ( 1928-1993(، شايىم شاۋايېف (1938-؟)، رەھىمجان روزىيېف (1938-2013) ،ئابدۇكېرىم غەنىيېف ، ئابدۇمېجىت دۆلەتوف ، ئەخمەتجان ھاشىروف، پاتىگۈل مەقسەتوۋا ۋە باشقا يۈزلىگەن ئەدىبلەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى ھەم يېڭى ئەۋلاد ئەدىبلەر ھازىرمۇ داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا. زىيا سەمەدى ۋە خىزمەت ئابدۇللىن قاتارلىقلارنىڭ نامى ھازىرقى زامان ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى.

قىرغىزىستاندا بولسا، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر سىنىپلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ بۆلۈمى خېلى ئۇزۇنغىچە ئىش ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ جۇمھۇرىيەتتە سىستېمىلىق ئۇيغۇر مائارىپى مەۋجۇت ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما ئاممىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى« ئىتتىپاق» نامىدا گېزىت چىقارماقتا. بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچى شائىرلىرى قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنى تەسىس قىلغان. ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئىسرائىل ئىبرايىموف ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىردىن-بىر رۇس تىلدا رومانلارنى يېزىپ نەشر قىلىپ، رۇس يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئاتاقلىق يازغۇچىدۇر. ئۇ، قىرغىزىستان تەۋەسىدە چىڭگىز ئايتماتوفقا ئوخشاش رۇس تىلدا رومانلارنى يازغان

رۇس تىللىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كۈچلۈك پەلسەپۋىلىك روھ سىڭدۈرۈلگەن ئىدى.

**1990**-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئاساسلىقى تاشكەنتكە توپلانغان بولۇپ، ئاتاقلىق ئەدىبلەردىن ئوسمان مەمەتاخۇنوۋ ( **1925-1981 -؟** )، روزى قادىرى (**1925-2001**)، ئىمىن ئوسمان، سېيتجان سىتىشىپ ۋە باشقىلار كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىمىن ئوسمان بىلەن روزى قادىرنىڭ نامى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. پېشقەدەم ئەدىب روزى قادىرى **1940-1950**-يىللىرىدىلا ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە دۆلەتنىڭ رۇس تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە زور ساندىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى رۇس تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان بولۇپ، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر ياش ئەۋلادلىرىنىڭ رۇس تىلىنى قوللىنىش نىسبىتى داۋاملىق يۇقىرى بولغان ئىدى. بۇلار ئاساسلىقى شەھەرلەرگە جايلاشقان. ئەمما يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى يېزا قىشلاقلاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، يەركەتتىن تارتىپ، ئالمۇتىغىچە بولغان جايلاردىكى **60** ئەتراپىدىكى تولۇق ۋە ئارىلاش ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆز ئانا تىلىدا تەربىيە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماقتا. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى قازاقىستان ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردىكى ئەڭ چوڭ مىللىي مائارىپ ۋە مىللىي مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلىشى پەقەت ئاممۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشى بۇ جەھەتتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان. يەرلىك خەلققە سىڭىش ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىزچىل كۆپىيەلمىگەن .ئەمما، ئۇلارنىڭ **1920**-يىللاردىكى ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، ئاز نوپۇسلۇق تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىدىن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىري شەخسلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەللەردە تۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتلىرى ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىققان ئىدى. مەسىلەن، دىپلومات ۋە مىنىستىرلىق ۋەزىپىلىرنى ئاتقۇرغان مەرۇپ مەمەتوۋ ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورلۇق ئىلمي دەرىجىسىنى ئالغان بولسا ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر قىزى ئوخشاشلا ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستاندا تونۇلغان ئالىملاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بىرى ساۋۇت موللاۋۇتوۋ ئەنە شۇ تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى.

1930 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئەلۋەتتە ئالىي مەلۇماتلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر دىيارىدىن بىۋاستە كەلگەنلەرمۇ بولغان ئىدى. مەسىلەن، 1920ـيىللاردا موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلاردىن 1932ـ1934ـيىلدىكى كۇچار ۋە قەشقەردىكى قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلغان ھەمدە تۆمۈر ئېلگە مەسلىھەتچى بولغان نىزامىدىن ئەپەندى[26]، 1944ـ1949ـيىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن بىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بار ئىدى. سۋېردلوۋ ئالىي كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلەر ئارىسىدا 1935ـ1937ـيىللىرى قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خىزمەت قىلغان قادىر ھاجى ۋە قازاقىستان دۆلەت رەھبەرلىرىدىن بىرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تۇرپانلىق ياش تىلشۇناس قادىر ھوشۇروپنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتا ياخشى تونۇلغان بولۇپ، ئۇ 1937ـيىلى ئالمۇتىدا ئېچىلغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا مەسىلىلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئەدەبىي تىل مەسىلىسى ھەققىدە لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىلشۇناسلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

6 . ئاز مىللەتتىن چىققان مەشھۇر سىياسىي شەخسلەر

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا داڭلىق بولغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر سىياسىي رەھبەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. قەشقەرلىق ئۇيغۇر باي ئائىلىدە مەرغىلاندا تۇغۇلغان يولداش ئاخۇنبابايېۋ ( 1885ـ1943) ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى رەھبىرى سۈپىتىدە 1925ـ1938ـيىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، 1938ـ1943ـيىللىرى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئالى كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىدى[27]. ئەلۋەتتە يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ مىللىتىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار بار. ئۆزبېكلەر ئۇنىڭ ئۆزبېك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ . لېكىن ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكىمۇ كونا تېمىدۇر. رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق جۇرنالىستى فېدور راززاكوف ئۆزىنىڭ ئارخىپ ھۆججەتلىرى ئاساسىدا يازغان ئەسىرىدە يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ قەشقەرلىق ئۇيغۇر كۆچمەن ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم ئۆچۈر

مەنبەلىرىدىمۇ ئاخۇنبابايېفنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ ئەسلى ئىسمى يولداش ئاخۇن بابا ئىدى.

يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە رەسمىي يوسۇندا مەخپىي تۇتۇلغان بولۇپ، خۇددى ۋىلادىمىر ئىلىچ لېنىن ۋە باشقا كۆپلىگەن سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكى مەخپىي تۇتۇلغاندەك، سوۋېت ھۆكۈمىتى يولداش ئاخۇنبابايېفنى « ئۆزبېك خەلقىنىڭ شەرەپلىك ئوغلى» دەپ تەشۋىق قىلغان. ئەسلى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن پەرغانىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ھېسابلانمىغان قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇر پەرزەندىنىڭ 1925-يىلى، ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشى موسكۋانىڭ سىياسىي ئويۇنىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، موسكۋانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرى رەسمىي مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خارەزىم خەلق جۇمھۇرىيىتى شۇنىڭدەك موسكۋانىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىدىكى turkسوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ، تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ۋە تاجىكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ھەم قاراقىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى تەسىس قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بارلىق قەشقەرلىقلەر، قىپچاقلار، سارتلار دەپ ئاتالغان خەلقلەرنى ئۆزبېك ئېتنىك كىملىكى ئاستىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

يولداش ئاخۇنباي ئوغلى ئاخۇنبابايېف 1916-يىلى، مەرغىلاندىكى چار رۇسىيىگە قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1921-يىلى، بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى مۇستەقىل ھەرىكەتلىرىنى باشتۇرۇش جەڭلىرىدە ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، مەرغىلاندىكى » قوشچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى بولغان.

ئۇ 1925-يىلى، ئۆزبېكىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1-قېتىملىق قۇرۇلۇش يىغىنىغا مەرغىلانى ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتناشقاندا، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي بىيورو ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ھەم ئۆزبېكىستاننىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە بېكىتىلگەن. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن 1938-يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە پارتىيە رەھبەرلىك ئورنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا رۇس مىللىتىدىن ۋلادىمىر ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف بېكىتىلگەن. ئۆزبېكىستان

سوۋېت سوتسيالىستىك ئىتتىپاقىداش جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرىلار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە سابىق بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ئۆزبېكلەردىن كېلىپ چىققان فەيزۇللا خوجايېۋ بېكىتىلگەن. مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ھوقۇقى يەنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئەمەلىي ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە يولداش ئاخۇن بابا بەكىتىلگەن شۇنىڭدەك يولداش ئاخۇن بابايېفنىڭ سىنىپى كېلىپ چىقىشى « يوقسۇل» دەپ بېكىتىلىپ، يوقسۇللارنىڭ ئۆزبېكىستاننى ئىدارە قىلىش سالاھىتى بارلىقى ئۈچۈن سىمۋول قىلىنغان. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاز نوپۇسلۇق كۆچمەن ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىگە سادىق بىر كىشىنى ئۇنىڭ مىللەت تەركىبىنى يوشۇرۇپ ۋە ياكى ئۆزگەرتىپ كۆپ سانلىق مىللەتنىڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلىشى ئۇيغۇر دىيارىدا ئەسلى تاتارلاردىن كېلىپ چىققان بۇرھان شەھىدىنىڭ **1949**-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرغا ئايلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشى ئۈچۈن تەجرىبە بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ تەجرىبىنىمۇ ستالىن ئىستراتېگىيىچىلىرى جۇڭگو ئىستراتېگىيىچىلىرىگې ئۆگەتكەن ئىدى.

سابىق بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان فەيزۇللا خوجايېف بولسا، تۈركچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە، ئەسلى ياش بۇخارالىقلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، كومپارتىيىگە ئەزا بولمىغان ئەرباب ئىدى. ئۇنىڭ بۇخارا ۋە پۈتۈن ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىدە يۇقىرى ئابرويى بار بولۇپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن يېڭى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتا فەيزۇللا خوجايېفنى چەتكە قېقىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موسكۋا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنى تەسىس قىلىشتا ئەڭ يۇقىرى پارتىيە ۋە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى كوممۇنىست رۇس ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى بولغان ئۇيغۇرغا تۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆزبېكىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىنى، قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ۋە مىللەتچىلىك ئېقىمىغا مەنسۇپ كۈچلەرگە ئۇنۇملۇك زەربە بېرىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

يولداش ئاخۇنبابايېف نامدا ھوقۇقى بار، ئەمەلىيىتى يوق شەخس بولۇپ، باشتىن ئاخىرى سىمۋوللۇق سۈپىتىدە تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلانغان. بارلىق ئەمەلىي ھوقۇق كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئىۋانوۋنىڭ قولىدا ئىدى. يولداش ئاخۇن بابانىڭ ھاكىمىيەتتىكى ۋاقتى دەل **1931**-**1937**-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار دىيارىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋجى ئالغان ، سوۋېت ھوكۇمىتى شېڭ شىسەينى يۆلەپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدىكى « **17**- ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت « ھالىغا كەلتۈرگەن ۋاقىتلار ئىدى. ستالىن ھۆكۈمىتى ئۆزبېكىستاننى قوشنا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىشنى قولغا كەلتۈرىشىدە ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن. كۆپلىگەن مەسلىھەتچىلەرغ مەسلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى گارىگىن ئاپرېسسېۋ ۋە ئۇيغۇر سوۋېت يارەمچى خادىملىرى ، مەسلەن مەشۇر روزىيېۋ )مەنسۇر ئەپەندى ( قادىر ھاجى ۋە باشقىلار بىۋاستە ئۆزبېكىستاندىن ئېۋەتىلگەن ئىدى. ئاخۇنبابايېۋ رەھبەرلىكىدىكى ئۆزبېكىستان 1934ـ1937ـيىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋەزىيەتتىن بىخەۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخۇنبابايېۋ 1937ـ1938ـيىللىرىدىكى ستالىنىنىڭ تازىلىشىدىن ساق قېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزبېكىستان مىللىي رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ، مەسلەن فەيزۇللا خوجايېۋ، ئەكمەل ئىكراموۋ ۋە باشقىلار ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاخۇنبابايېۋ 1943ـيىلىغىچە ياشاپ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلدى. يېقىنقى يىللاردا ئۆزبېكىستاندىكى ئاخۇنبابايېۋ نامى بېرىلگەن بەزى ئورۇنلارنىڭناملىرى بىكار قىلىنىپ، يېڭى ئىسىم قويۇلىنىش، ئۇنىڭغا تەنقىدىي باھا بېرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى.

قازاقىستانلىق ئىسمايىل يۇسۇپوۋ ( 1914ـ2005) ، 1962ـ1964ـيىللىرى ئارىسىدا قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى سۈپىتىدە ئىككى يىل بۇ جۇمھۇرىيەتكە رەھبەرلىك قىلدى [26]. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يولداش ئاخۇنبابايېۋتىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ئەڭ چوڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي رەھبىرلىك ، يەنى كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرىتارلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بىردىن-بىر ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قازاقىستانغا رەھبەرلىك قىلىشى 1964ـيىلى، خرۇشېۋنىڭ يىقىلىشى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى[28]. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خرۇشېۋنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن لېئونىد برېژنېۋ تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، تاتار ئارىلاش قازاق پەرزەنتى دىن مۇھەممەد قۇنايېفقا بېرىلگەن ئىدى.

ئىسمايىل يۇسۇپوفنىڭ جۇڭگو بىلەن، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا قازاقىستان ئىتتىپاقداشلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرلىك ۋەزىپىسگە تەيىنلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى نىكىتا خرۇشېۋ بىلەن ماۋ زېدوڭ ئارىسىدىكى 1959ـيىلى، ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ جېدەل بىلەن ئاخىرلىشىپ، خرۇشېۋ ماۋغا ئاتوم بومبىسى تېخنىكىسىنى بېرىشنى رەت قىلىشى ۋە سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ «شېرىن ئاي»دەۋرى ئاخىرلىشىپ، رەقىبلىك دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1962ـيىلى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى رەسمىي بۇزۇلۇش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت پۇقرالىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ مەزگىلدە يەنە 1944ـ1949ـيىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە ـ1959ـ1950يىللىرى ئارىسىدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا يۇقىرى رەھبىرىي خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن بىر قىسىم

ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت زىيالىيلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. نىكىتا خرۇشېۋ مانا مۇشۇنداق پەيتتە ئۇيغۇرلاردىن ئىسمائىل يۈسۈپوفقا قازاقىستانغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىغە ئىشىنىدىغانلىقى ھەتتا مانا مۇشۇنداق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلىرىنىڭمۇ ئاز سانلىق مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقىنى كۆز-كۆز قىلغان ئىدى. ھەقىقەتەن، بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىق ۋەزىپىسى تېخى ئۇيغۇرلارغا نېسىپ بولمىغان ئىدى. ئەمما، ئىسمائىل يۈسۈپوفنىڭ ئىككى يىل قازاقىستانغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسگە تەيىنلىنىشى قازاقلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قازاقىستان زېمىنلىرىنى ئۆزبېكىستانغا بېرىۋەتكەنلىكى ئەيىبلەندى . ئىسمائىل يۈسۈپوف 90 ياشقا كىرگەندە بۇ ئەيىبلەشنى ئىنكار قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن سىياسەت ۋە قارارنىڭ موسكۋادىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، « مېنىڭ قازاقىستان خەلقى ئالدىدىكى ۋىجدانىم پاكىز» دەپ جاكارلىغان ئىدى[29]. ئىسمائىل يۈسۈپوف ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ۋەزىپىلىرىنى تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋە 1966-يىلدىن كېيىن تاكى پېنسىيىگە چىققىچە قازاقىستان ئۈزۈمزارلىق ئىگىلىكلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئابدۇكېرىم غەنىيېۋ ئىسمايىل يۈسۈپوف ھەققىدە مەخسۇس ھۆججەتلىك پوۋېست يېزىپ نەشر قىلدۇرغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەزكۇر ئەرباب ئۇزۇن يىللار خىلۋەت ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، يەنە 13يىل ياشىغان ئىسمائىل يۈسۈپوفنىڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن مەزگىللەردە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى شۇنىڭدەك ئۇ ۋاپات بولغاندا يەنىلا شۇ ئۇيغۇرلار جەم بولۇپ، ئۇنى دەپنە قىلغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلار قازاقىستانلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن شەخس بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل **turk** ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە كېيىنكى قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتارىدا يۇقىرى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ ھەتتا موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى بويىچە يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئاتقۇردى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1937-يىلى، ستالىن ن ك ۋ د سى تەرىپىدىن « مىللەتچىلىك»، « خەلق دۈشمىنى» دېگەندەك ئەيىبلەشلەر قولغا ئېلىنىپ ، 1938-يىلى ئېتىپ تاشلاندى. ئەلۋەتتە، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ سوۋېت كوممۇنىست ئۇيغۇر رەھبىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر مىللىتى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازادلىق غايىلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇ ئىش ئۈچۈن كۈرەشكەن ئىدى.

قازاقستانلىق ئۇيغۇر ئۇسمان ئەلىيېۋ 1936ـ1937ـيىللىرى قازاقستان ئالىي سوۋېتىنىڭ مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلغان ، ئۇ 1937ـيىلى، ستالىنىنىڭ تازىلىشىغا دۇچ كېلىپ ئېتىپ تاشلاندى.

ياقۇپ روزىن (1905ـ1978) 1927ـيىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي پارتىيە مەكتىپى كروپسكايا نامىدىكى كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزبېكستانغا ئەۋەتىلىپ، 1929ـ1931ـيىللىرى ئۆزبېكستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولدى. 1931ـ1937ـيىللىرى ئارىسىدا موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا رەھبەرلىك خىزمىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدىبلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ژۇرنىلى ھېسابلىنىدىغان « سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئۇ 1938ـ1953ـيىللىرى سىبىرىيىدىكى گۇلاگدا 15 يىل يۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن موسكۋا شەھرى يېنىدىكى بىر كولخوزنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى[30].

قازاقستانلىق ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا نىيازوۋ ( 1908ـ1971) 1935 ـ يىلى لېنىنگراد ھەربىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزبېكستانغا ئەۋەتىلىپ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدا رەھبىرى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى ۋە ـ1943يىلى، ئۆزبېكستان دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، 1950ـيىلى، ئۆزبېكستان ئىجتمائىي پاراۋانلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولدى.

تۈركمەنىستانلىق ئۇيغۇر مەرۇپ مەمەتوف (1901ـ؟) 1940ـ1951ـيىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، 1937ـ1940ـيىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكستان ئالىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكى ۋە 1951ـ1955ـيىللىرى ئۆزبېكستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى.

قازاقستاندا يەنە ئابدۇللا ئىزباقىيېفنىڭ نامىمۇ مەشھۇر بولۇپ، ئۇ 1955ـيىلىدىن ئېتىبارەن ئۇزۇن مەزگىل قازاقستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى.

خېلەم خۇدابەردىيېۋ ـ1960ـ1980 (1918ـ2004)يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى

رەتلەش ۋە لېنىنغا ئېلىش ئىشلىرىغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. خېلەم خۇدابەردىيېۋ 1947-يىلى، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۈسۈپوۋ تەرىپىدىن ئىلىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، « ئېلاخۇن» ئىسمىنى قوللىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئىشخانىسى ۋە گېنېرال ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ شتابىدا مايور ئۇنۋانى بىلەن تاكى 1949-يىلىغىچە مەسلىھەتچى بولغان ئىدى. 1950-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتىلىپ، نەشرىيات ساھەسىدە ئىشلىگەن ئىدى.

قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى دەۋردە، تېخى يېقىنغىچە بولغان ئارىلىقتا كەرىم مەسىموۋ ئۇزۇن مەزگىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاقتۇرغان بولۇپ، ئۆتكەن يىلى ئۇ قازاقىستان پرېزىدېنت مەمۇرىيىتىنىڭ رەھبىرلىك ۋەزىپىسگە يۆتكەلدى. بىراق، ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى قازاقىستان تارىخىدا ئەڭ كۆپ تالاش-تارتىش قوزغىغان مەسىلە بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى رەسمىي شەكىلدە قازاق دەپ تونۇشتۇردى.

قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىدىن ئەخمەتجان شاردىنوۋ يېقىنقى يىللاردا قازاقىستان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسنى ئاتقۇردى. ئاتاقلىق سەنئەتكار مۇرات ئەخمەدى قازاقىستان پارلامېنتىنىڭ يۇقىرى پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

دەسلەپكى سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىري شەخسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1937-1938-يىللىرى ستالىنىنىڭ تازىلاش ھەرىكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ياكى تۈرمىلەرگە تاشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمائىل تاھىروۋ، ياقۇپ روزىن ، ئەلىيېۋ، ئىسىيېۋ ۋە باشقىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بەزى ئېنىقسىز ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1937-1938-يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە 3800 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر زىيالىيسى « ئۇيغۇر مىللىي ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جازالانغان[31] .بىر ئالمۇتا ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر رەھبىري كادىر ۋە زىيالىي تازىلاشا ئۇچرىغان. قازاقىستاندا 1997-يىلى نەشر قىلىنغان 1937-1938-يىللىرىدا ئېتىپ تاشلانغان كىشىلەرگە ئائىت « ماتەم كىتابى»غا 1668ئادەمنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 97 ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى خاتىرىگە ئېلىنغان. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت ئېنىقلاپ چىقىلىپ ئىسىملىرى تۇرغۇزۇلغانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تىزىملىكلەر داۋاملىق كۆپەيگەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئاپەت پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا كەلگەن ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە مىللەت تازىلاش ۋە تەقىبلەش ئوبيېكتى بولغان ئىدى. شۇ قېتىملىق تازىلاشتا ھەتتا 1921-يىلى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك رەقىبلىرىدىن بىرى، يەتتەسۇدىكى كوممۇنىستلارغا قارشى ئاقلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى گېنېرال لېيتېنانت ئالېكساندىر دۇتوۋنى سۈيدۈڭدە مەخپىي ئۆلتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك كومىسسارى دېرژىنسكىي تەرىپىدىن ئالتۇن سائەت

بىلەن تەقدىرلەنگەن قىزىل ئارمىيە رازۋېتكا خادىمى ( ۋە ياكى جاسۇسى) ماخمۇت خوجامىياروفمۇ 1938ـيىلى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا، ماخمۇت خوجامىراروفنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ئاتامان دۇتوۋنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈپ، قىساس ئېلىشقا ئۇچرىغان ئىدى.

شۇ قېتىملىق تازىلاشتا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ يەتتەسۇ رايونىدا مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. قىزىق يېرى شۇكى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن مەزكۇر ئۇيغۇرلارغا « خەلق دۈشمىنى» جىنائىيىتىدىن باشقا يەنە «مىللەتچىلىك » جىنايىتىنىمۇ ئارتقان ئىدى .ئەلۋەتتە 1937ـ1938ـيىللاردىكى تازىلاش ھەرىكىتىدە پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى رەھبىري شەخسلەر، قىزىل ئارمىيە گېنېراللىرى، ئالىملار، زىيالىيلار، ئارتىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر ساھەگە، ھەر مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر جازالاش ئوبېكتى بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ تازىلاشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قىسمىدا ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئالىي پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك جازالاندى. ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاجىك ، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تاتار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئەربابلىرى، مىللەتپەرۋەرلىرى يوق قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزبېكلەرنىڭ فەيزۇللا خوجايېف، ئەكمەل ئىكراموف، ئابدۇللا قادىرى، قازاقلارنىڭ تۇرار رىسقۇلوف، ئالىخان بۆكېيخانوف، سەكەن سەيفۇللىن، قىرغىزلارنىڭ يۈسۈپ ئابدۇراخمانوف ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمايىل تاھىروف، بۇرھان قاسىموف، تۇڭگانلارنىڭ ماگازى ماسانچى ۋە باشقا يۈزلىگەن كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. قىسقىسى ستالىن پۈتۈن سوۋېت مەركىزىي ھاكىمىيىتى ۋە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق ئەربابلارنى تازىلاش ئوبېكتى قىلغان ئىدى. بۇ قېتىملىق تازىلاشتا 1917ـ1924ـيىللىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدا ئايرىم مىللىي دۆلەت قۇرۇش ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش تەشەببۇسىدا بولغان ھەمدە مىللىي ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئىتتىپاداش جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىلىرىنى قوبۇل قىلغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ داھىيلىرىمۇ بىراقلا جازالاندى. ئالاش ئوردا ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى ئالىخان بۆكېيخانوف، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى فەيزۇللا خوجايېف، turkئاپتونون جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى تۇرار رىسقۇلوف، تاتارلاردىن مىرسەيىد سۇلتان غالىيېف ۋە باشقىلارنى مىسسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

1937ـ1938ـيىللىرى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا جۇمھۇرىيەت

سالاهيىتىگە ئىگە ئاساسىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ خاراپ بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلار ئاز سانلىق مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچرىغان زەربىسى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىرراق بولدى.ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاراب بولۇش دەرىجىسى بەكلا كۆرۈنەرلىك بولدى، چۈنكى سوۋېت ھۆكۈمىتى باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىللىي مەكتەپلىرىنى توختىتىش، مىللىي نەشرىيات ئورۇنلىرىنى تاقاش سىياستى قوللانمىغان ئىدى.

7.سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار

1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور ئاپەت بولدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ 20 يىللار ئىچىدە ياراتقان نەتىجىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلاپ، 1950-1960-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردىن يەنە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان مۇزىكانتلار، دىرىژورلار، كىنو ئارتىستلىرى، ناخشا چولپانلىرى، تەنتەربىيە چېمپىيونلىرى ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. ئاتاقلىق دىرىژور ۋە كومپوزىتورى ئەزىز دۇگاشېف ( 1917-؟) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، 1959-يىللىرىدىلا موسكۋادىكى دۇنياغا داڭلىق چوڭ تىياتىر « بولشوي تىياتىر «نىڭ دىرىژورى بولۇپ، كۆپلىگەن كلاسسىك ۋە زامانىۋى ئوپېرالارغا ھەم سىمفونىيىلەرگە دىرىژورلۇق قىلدى. ئۇ، 30 دىن ئارتۇق ئوپېرانىڭ ئوركېستىرىغا دىرىژورلۇق قىلدى .كېيىنكى ۋاقىتلاردا موسكۋا كونسىرۋاتورىيىسىدە پروفېسسور بولۇپ ئىشلىدى.[32]

قۇددۇس غوجامياروف ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىكى ياش مۇزىكانتلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، سىمفونىيە يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ، مىخايىل گورباچېۋنىڭ ئىمزا قويۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بولغان. قۇددۇس غوجامياروف قازاقىستاندىكى دۆلەت مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئۇنى ئۆزى باشقۇرۇپ، كۆپلىگەن ھەر مىللەت مۇزىكانتلىرىنى تەربىيىلىگەن بولۇپ، 1955-1959-يىللىرى قازاقىستان كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىك ، 1957-1966-يىللىرى قازاقىستان دۆلەت كونسورۋاتورىيىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە « رىزۋانگۈل»(1950-يىلى)، « نۇزۇگۇم»( 1956-يىلى)، «سادىر پالۋان» (1958-يىلى)ۋە باشقا سىمفونىيە ۋە ئوپېرالار مەنسۇپتۇر[33].

بولۇپمۇ، ئاتا-ئانىسى -1950يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئېلىدىن ئالمۇتىغا كۆچۈپ چىققاندىن

كېيىن 1969-يىلى ئالمۇتىدا دۇنياغا كەلگەن مۇرات ناسىروۋ مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى ئەڭ داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نامى كەڭ تونۇلدى. مۇرات ئىسمائىل ئوغلى ناسىروۋ ( 1969-2007) ئالمۇتىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1991-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە يالتادا ئۆتكۈزۈلگەن ياش تالانتلارنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەڭ تونۇلۇش يولى ئېچىلغان. مۇرات ناسىروۋ موسكۋادىكى گىنېسىن مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1997-2004-يىللىرى ئارىسىدا پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇلغان ناخشا چولپىنىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ، -2000-1997يىلى ئارىسى ئۇنىڭ ئەڭ دەۋر سۈرگەن پەيتىدۇر. ئۇ، رۇسىيىنىڭ مەشھۇر چولپانلىرى ئاللا پۇگاچېۋا، فىللىپ كىركوروۋ، ئالىيونا ئاپىنا، ئولېگ گازمانوۋ ۋە باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا مەشھۇر ئارتىستلاردىن سانالغان . ئەلۋەتتە، ھازىرغىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى تەۋەسىدە مۇرات ناسىروۋ رۇس ئەمەس مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ تونۇلغان چولپان سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئىدى. مۇرات ناسىروۋ 2007-يىلى ، نامەلۇم سەۋەب بىلەن موسكۋادىكى ئۆيى يېنىدا قازا قىلدى. ئۇ بەش ناخشا ئالبومى نەشر قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى پلاستىنكىسى « قالدىم يالغۇز» پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ناخشىلار ئىدى. مۇرات ناسىروۋ بەلكى دۇنيادىكى ئۇيغۇر ناخشا چولپانلىرى ئارىسىدا بىر رايون ۋە بىر مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئەڭ كەڭ تونۇلغان شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تونۇلغان ناخشا چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ دادىسىنىڭ ئەسلى قەشقەردىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم. بىراق، ئۇ ئۆزىنى رەسمىي شەكىلدە « ئۆزبېك قىزى» دەپ ھېسابلايدۇ ھەم دادا تەرەپتىن ئۇيغۇر قېنى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىنو ئارتىستلىرىدىن ئايتۇرغان تېمىروۋا، ئابدۇرېشىت ئابدۇللايېف، مەقسۇت مەنسۇروۋ ، ۋېنېرا نىغمەتۇللىنا ۋە باشقىلارنىڭ نامى كەڭ تونۇشلۇقتۇر. ناخشىچىلار دىلناز ئەخمەدىيېۋا، مۇرات ئەخمەدى ۋە باشقىلارنىڭ نامى شۇنىڭدەك «دەرۋىش » ئانسامبىلىنىڭ نامى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ياخشى تونۇشلۇق.

كىنو ئارتىستلىرىدىن مەقسۇت مەنسۇروۋ ئۆزبېكىستان كىنو ستۇدىيىسىنىڭ داڭلىق ئارتىستلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن فىلىملاردا رول ئالغان ھەمدە كۆپلىگەن چەتئەل كىنو ستۇدىيىلىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان. ئايتۇرغان تېمىروۋا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئاياللار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى تونۇلغان كىنو ئارتىستى بولۇپ، ئۇ چىڭگىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىگە ئائىت فىلىملەردە باش رول ئالغاندىن سىرت يەنە قازاقىستان كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىكى قەھرىمان قازاق قىزى ئالىيا مولداگالىيېۋاغا ئائىت فىلىمدە باش رول ئوينىغان ئىدى.

40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خەلق ئارتىسى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسى ئۇنۋانلىرىغا سازاۋەر بولغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇددۇس غوجامىياروف، ئابدۇرېھىم ئەخمەدى، مۇرات ئەخمەدى، گۇلۋىرە رازىيېۋا، خالىسقان قادىرووۋا، رۇشەنگۇل ئېلاخۇنوۋا، ئەزىز دۇگاشېۋ ، غەنىجان تاشمەتوف ۋە باشقىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن قازاقىستان ئۇسسۇلچىلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۇيغۇر يىگىتى، ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرىنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولغان كامال بەردىيېۋ ئاتقۇرماقتا.

قازاقىستاندا جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرى 80 يىلدىن بۇيان پائالىيەت قىلىۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر تىياتىر كۆپلىگەن دراممىلارنى ئوينىدى. يېقىندا يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىروفنىڭ « ئىدىقۇت» تارىخى رومانى ئاساسىدا »ئىدىقۇت»دراممىسنى تەييارلاپ، سەھنىلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى .قازاقىستان ھۆكۈمىتى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر تارىخي شەخسلىرىگە ئائىت تارىخي دراممىلارنى ئىشلەپ، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىغا كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلغان.

رەسساملىق سەنئىتى جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ « مىڭ ئۆي» ناملىق ئۇيۇشمىسى ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇيغۇر رەسساملىرىدىن ئۆزبېكىستاندا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان لېكىم ئىبرايىموف، سانكتپېتېربۇرگدا ياشايدىغان ئازات مەمەدىنوف، قىرغىزىستاندا ياشايدىغان تەلەت مىر رەھىموف بىلەن سابىق باباجانوف، قازاقىستاندا ئىجاد قىلىۋاتقان ئەخمەت ئاخاتباقىيېۋ ۋە باشقىلارنىڭ نامى كەڭ تونۇشلۇقتۇر. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر بىناكارلىرى لايىھىلىگەن قۇرۇلۇش لايىھىلىرى دۆلەتلىك مۇھىم قۇرۇلۇش پىلانلىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئىشقا ئاشۇرۇلغان .

8 .ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئىلىم-پەن ساھەسىدىمۇ ئۇيغۇر ئالىملىرى قوشۇنى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدا ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى تارىخ، بىئولوگىيە ، ماتېماتىكا، فىزىكا، تىل-ئەدەبىيات، ئارخېئولوگىيە ۋە باشقا ساھەلەردىكى دوكتورلىرى يېتىشىپ چىققان ئىدى. تۇنجى ئۇيغۇر دوتسېنتى بۇرھان قاسىموف ، تۇنجى تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئەرشىدىن ھىدايەتوف (1906-1951)، تۇنجى بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ (1910-1998)، تۇنجى فىلولوگىيە پەنلىرى

دوكتورى ئايشەم شەمىيېۋا(1910ـ1978)، تۇنجى ئارخېئولوگىيە ئىلمى دوكتورى ئەخمەت كىبىروف (ـ1951)، مالىك كەبىروف (1996ـ1995) ۋە باشقىلار تۇنجى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىدى. ئايشەم شەمىيېۋا ( 1912ـ1978) 1940ـيىللاردا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، 20ـئەسىردىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئالىمەسى شۇنىڭدەك تۇنجى ئۇيغۇر ئايال تىلشۇناسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ تۈزگەن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى هازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. ئەخمەت كىبىروف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسى ۋە ئارخېئولوگى ئا. ن. بېرنشتامنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بېرنىشتام بىلەن بىرگە تەڭرى تاغ رايونىدىكى، جۇملىدىن ئىسسىق كۆلى ئەتراپى ۋە باشقا جايلاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان ئىدى.

تەخمىنەن پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىن هازىرغىچە تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق پەن دوكتورى ۋە دوكتور نامزاتلىرى، پروفېسسور هەم دوتسېنتلار يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىملىرى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملارغا ئايلانغان ئىدى. مەسلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خادىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى بويىچە باشلامچى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى، 1943ـ1949ـيىللىرى ئارىسىدا ستالىننىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللاش پروگراممىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقان هەمدە تاشكەنتتە « شەرق هەقىقىتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا مەسئۇل بولغان تۇرسۇن رەهىموفنىڭ ئوغلى پروفېسسور ئالېكساندىر ( ئىسكەندەر (رەهىموف، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يادرو فىزىكىسى ئىنستىتۇتىنىڭ يېتەكچى مۇتەخەسسىسى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە هازىرقى رۇسىيىدىكى داڭلىق ئاتوم فىزىكىسى ئالىمدۇر. ئالېكساندىر ( ئىسكەندەر ) رەهىموف هازىر موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى يادرو فىزىكىسى ئىلمىي ـتەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى پلازما فىزىكىسى ۋە مىكرو ئېلېكترونلارنىڭ فىزىكىلىق ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىش لابوراتورىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.ئۇ يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم فىزىكىسى ، پلازما فىزىكىسى ۋە مىكرو ئېلېكترون كافېدراسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئاتقۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ رەهبەرلىكىدە 1 ئاكادېمىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 پروفېسسور، 5 دوتسېنت ۋە 15دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى هەم خىزمەتچى ئىشلىمەكتە. مەزكۇر كافېدرادا 15 ئەتراپىدا ئاتوم فىزىكىسى ساهەسىدىكى دوكتور ئاسپىرانتلىرى تەربىيىلىنىدۇ [34].

پ.ئى.بارانوۋ نامىدىكى رۇسىيە مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە موتورلىرى قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ( 1935ـيىلى تۇغۇلغان) تېلمان كەرىمبايېف ئۇزۇن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە هازىرقى رۇسىيىنىڭ هاۋا ماتورلىرى ساهەسىنىڭ مەخسۇس ئالەم كېمىسى ۋە رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنىڭ ماتورلىرىنى ياساش تەتقىقاتلىرىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىنىڭ ئالەم تېخنىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. تېخنىكا

پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور تېلمان كەرىمبايېۋ هازىرمۇ ئۆز ساھەسىدە ئىشلىمەكتە ۋە ئۆز ساھەسى بويىچە 30دىن ئارتۇق دوكتور تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن[35]. ئۇ، رۇسىيىنىڭ ئاۋئىئاتسىيە ماتورلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى يېتەكچى ئالىملاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسسى كاملجان كەرىمبايېفمۇ تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى بولۇپ، ئاكىسى بىلەن ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە بۇ ساھەدىكى تونۇلغان ئالىملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ كۆپ قېتىم ياۋروپا مەملىكەتلىرى ۋە جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىنغان. فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ، پروفېسسور دەمىر ساتتاروف، ئۇزۇن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى ( كېيىنكى رۇسىيە ) پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوپتىكا تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنى باشقۇرۇپ ، ئوپتىكا ساھەسىدە باشلامچى مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇ، ئوپتىكا ساھەسىدىكى يېتەكچى ئالىملاردىن ھېسابلىناتتى.

ئاكادېمىك يارمۇھەممەد مۇبارەكوف(1999ـ1944 ) ، پروفېسسور ئابلەخەت خوجايېۋ، پروفېسسور ئابدۇرېشىت ئېلىيېۋ ،پروفېسسور ئابدۇلەزىز ھاشىموف، پروفېسسور مۇرات ھەمرايېۋ (1936ـ1983) ۋە باشقىلار ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملىرى ئىدى.

ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېۋ (1925ـيىلى تۇغۇلغان ) ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ياخشى تونۇلغان پەلسەپەشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپە دەرسىنى سابىق قىرغىزىستان رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن رەھبىرى شەخسلەر ۋە ئالىملار ئاڭلىغان.

ماتېماتىكا پروفېسسورى ناتالىيا تۇرسۇن رەھىموف قىزى موسكۋادا مەخسۇس پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ياشلارنى تەربىيلەش مەكتىپى ئاچقان بولۇپ، رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالىغان .ئۇ خەلقئارالىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى،2003ـيىللىق خەلقئارا ئۇچۇر مۇكاپاتىنىڭ ئىرىشكۈچىسى، رۇسىيە ۋە موسكۋا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىرىنىڭ ساھىبىدۇر .ناتالىيا تۇرسۇن قىزى موسكۋا 1501 ـنومۇرلۇق پەن-تېنكا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، مەزكۇر مەكتەپتە مەخسۇس ياش پەن-تېخنىكا تالانتلىرى تەربىيلىنىدۇ.

ئالمۇتىلىق ئۇيغۇر يىگىتى شۆھرەت مۇتەللىپوف 1994ـيىلى، موسكۋادا گېنېتىكا ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن، 1998ـيىللىرىغا قەدەر موسكۋادىكى تىمرىيازېۋ نامىدىكى يەزا-ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە باشقا گېنېتىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىلمي تەتقىقات قىلغان بولۇپ، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ، ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئورېگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىمەكتە ۋە غول ھۇجەيرە تەتقىقاتىغا ئورنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، غول ھۇجەيرە تەتقىقاتى ساھەسىدە دۇنياۋى يېڭى بۆسۈشلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى مايسەم مۇتەللىپوۋامۇ شۇ ساھەدە دوكتورلۇق ئالغان ۋە

ئىككىسى موسكۋادا بىرگە ئىشلىگەن، مايسەم مۇتەللىپوۋا ھازىر ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ماساچۇستىس تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور بولۇپ ئىشلىمەكتە.

قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇرەخىم ئايتباييېۋ قازاقىستاندا ماتېماتىكا ساھەسىدە كاندىدات دوكتورلۇق ئالغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇپ، ھازىر يېڭى مېكسىكا شتاتىدىكى يېڭى مېكسىكا تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا پروفېسسورى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

پروفېسسور مۇرات ھەمراييېف فىلولوگىيە ساھەسى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تونۇلغان ياش ئالىمغا ئايلانغان ئىدى .قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى غوجاخمەت سادۋاقاسوف(1929ـ1991 ) ، مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ساھىپجامال قارىباييېۋا، ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى ، پوفېسسور ئاۋۇتوف ۋە باشقىلار قازاقىستانغا كەڭ تونۇلغان ئالىملاردۇر. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ۋە ھازىرمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئالىملارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرـبىرلەپ كۆرسىتىش ھاجەتسىز.

9 . داڭلىق ھەربىي شەخسلەر

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي خادىملار ۋە دۆلەت دەرىجىلىك قەھرىمانلارمۇ يېتىشىپ چىققان بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلاردىن مەسۇم ياقۇپوف(1914ـ1974 ) ،داداش باباجانوف (1922ـ1985)، سۇلھى لۇتفۇللىن (1923ـ1986) قاتارلىق ئۈچ كىشىگە سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، مۆردىن تېيىپوفقا (1918ـ1999) قازاقىستان خەلق قەھرىمانى نامى بېرىلگەن. ئۇزۇن مەزگىل پولشا پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ تۆھپە ياراتقان ئۇيغۇر جەڭچىسى قاھار شەرىپوفقا پولشانىڭ ئەڭ ئالىي قەھرىمانلىق « ئالتۇن كرېست» ئوردېنى بېرىلىپ، پولشا قەھرىمانى قاتارىدا سانالغان.

ئۇيغۇرلاردىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئاقلارغا قارشى ئىچكى ئۇرۇشىدا گراجدانلار ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى قاتارىدا سانالغان ماخمۇت خوجامىياروفنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىنىڭ ھەربىي-سىياسى تارىخىغا يەزىلغان. ماخمۇت خوجامىياروف بولشېۋىكلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشى جەريانىدا بولشېۋىكلارغا قارشى كۆچلەرنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ، سىۋىدۇڭ شەھىرىنى بازا قىلغان گېنېرال لېيتېنانت ئالېكساندىر دۇتوۋنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن ئالىي مۇكاپاتقا سازاۋەر بولغان. ھازىرقى زامان رۇسىيە تارىخچىلىرى ماخمۇت خوجامىياروفنى

رۇسيىنىڭ 20-ئەسىر تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ پاجىئەلىك مەخپىي ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى ئورۇندىغۇچى شەخس سۇپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. شۇنىڭدەك ئاتامان دۇتوۋنى كوممۇنىستلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قەھرىمان رەھبەرلىرىدىن بىرى قاتارىدا باھا بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قارىلايدۇ.

2- جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش پاجىئەسىگە يولۇققان بولۇپ، 17ياشتىن يۇقىرى 50 ياشتىن تۆۋەن ئەركەكلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىنقى سەپلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋە ئارقا سەپلەردىكى ئىشلارغا سېلىنغان. ھەتتا زور ساندىكى ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاكى بېرلىننى ئىشغال قىلىشقىچە بولغان 4 يىللىق ئۇرۇش مۇساپىسىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان.

ئۇرۇش دەۋرىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى برېست، موسكۋا، لېنىنگراد،ستالىنگراد ، كىيېۋ ۋە باشقا جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن سىرت يەنە ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرى ھەتتا مانجۇرىيىدىكى ياپونىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بولغان.

ھازىرغىچە زادى قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ 2-جاھان ئۇرۇشىغا قاتناشانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ئارىسىدا، 200 مىڭ، 100 مىڭ، 30 مىڭ دېگەندەك تۈرلۈك ئۇچۇرلار مەۋجۇت ، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا غەيرى رەسمىي مەلۇملاتلاردىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، ئۆزبەكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىدىن بارغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزبېك كىملىكى بىلەن ئاتىلىپ قالغانلىقى، بۇلارنى قوشقاندا ھەقىقەتەن ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلا يېتىشىپ چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى دىۋىزىيە سىياسىي كومىسسارى، پولك ۋە باتالىيون ، روتا كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1979-1981-يىللىرى ئارىسىدا مەخسۇس ئۇيغۇرلاردىن « مۇسۇلمان باتالىيونى» قۇرغان بولۇپ، موسكۋا مەزكۇر باتالىيوننى ئالاھىدە قىسىم سۇپىتىدە مەشقتىن ئۆتكۈزۈپ قاتتىق چېنىقتۇرغاندىن كېيىن ، ئافغانىستانغا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ باتالىيون سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، مۇتلەپ مەخپىيەتلىك ئىچىدە تەييارلانغان مەزكۇر « مۇسۇلمان باتالىيونى»غا ئائىت سىرلار نۆۋەتتە بىر-بىرلاپ ئېلان قىلىنماقتا.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان گېنېرال مايور، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك ۋە مايور دەرىجىلىك يۇقىرى سالاھىيەتلىك كوماندىرلارنىڭ سانىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلماقتا .

ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە مۇھىم ساھەلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىدى. قازاقىستاندا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان « 20-ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇرلار» ماۋزۇلۇق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى، رۇسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە ، دۆلەت بىخەتەرلىك ۋە ئىچكى ئىشلار قىسىملىرىنىڭ 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پولكوۋنىكى بولغان. ئەلۋەتتە، بۇلار پەقەت مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەنلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەنە كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ بۇ كىتابتىن ئورۇن ئالماي قېلىشى تەبىئىي.

مەسىلەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ گېنېرالى، چىلەكتە تۇرغۇلغان راۋىل تۇرسونوفنىڭ (1936-2005) نامى مەشھۇر بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇزۇن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك ساھەسىدە خىزمەت قىلىپ، گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

كىتابقا كىرگۈزۈلمەي قالغانلاردىن غالجات يېزىسىدا تۇغۇلغان نۇرەخمەت راخمانخۇنوف، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى رۇسىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان خەلقلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم شىمالىي قۇتۇپنى كېسىپ ئۆتكەن ئۈچقۇچى ئىدى. ئۇ، شىمالىي مۇز ئوكيانىنى تۆت قېتىم كېسىپ ئۆتكەن ۋە 15 سائەت رازۋېتكا ئايروپىلانىنى قوندۇرماي ھەيدەپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسى تارىخىدا رېكورت ياراتقان. ئۇ جەمئىي 14750 سائەت شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ئۇچۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-رۇسىيە ھاۋا ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى شۇنىڭدەك پەن-تېخنىكا ساھەسىنى كۆپ مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. نۇرەخمەت راخماخۇنوف ياقۇتىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە لېنىنگرادتا (سانكتپېتېربۇرگدا) خىزمەت قىلغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە كەتمەن يېزىسىدا تۇغۇلغان ئەخمەت دارايېف دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماگادانىدىكى ھەربىي ئاۋىئاتسىيە ئورنىنىڭ ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇپ-چۈشۈشى ۋە يول خەرىتىلىرىنى بەلگىلەش ئىشلىرى بويىچە باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قارا دېڭىز پىلوتىنىڭ ئاۋىئاماتكىسىدا پولكوۋنىك ئۇنۋانىدا ھۇجۇمچى ئايروپىلانلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى بولغان .نۇراخمەت راخمانخۇنوف ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالى ۋە دوستى ھاۋا ئارمىيە پولكوۋنىكى ئەخمەت دارايېفنىڭ ئەھۋالىنى مەن بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن ھەم سۆھبەت خاتىرىسى قالدۇرىۋالغان ئىدىم.

ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن ۋىلىيام سادىقوف سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ يادرولۇق سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ 3-دەرىجىلىك كاپىتانى سۈپىتىدە يادرولۇق سۇ ئاستى پاراخوتىغا

قوماندانلىق قىلىپ، پېنسىيىگە چىققان . ئۇ ھازىر موسكۋادا ياشايدۇ ۋە شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرولۇق سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ كوماندىرى بولۇش يېگانە ئىشتۇر.

ئاتاقلىق دىپلوماتىيە خادىمى روبېرت تۇردىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە كېيىنكى رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان دىپلومات بولۇپ، ئۇ كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كوسىگىن بىلەن ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى رەھبەرلىرى ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلغان ۋە بۇ دۆلەتلەردە ۋەكىل بولۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنىستا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولۇپ ئىشلىگەن شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى لېئونىد برېژنېۋ بىلەن پەلەستىن رەھبىرى ياسىر ئارافات ئارىسىدىكى ئالاقىلاردا ھەم سۆھبەتلەردە رول ئوينىغان ۋە تەرجىمانلىق قىلغان ئىدى[36].

**10 . تەنھەرىكەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر**

تەنھەرىكەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھەدۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تەنھەرىكەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا ھەم دۇنيا چېمپىيونلىرى بولغانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى دۆلەتلىك كوماندىلارنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى سۈپىتىدە ھەر خىل مۇساقىبىلەرگە قاتناشقان . مەسىلەن، ماخمۇت ئۆمەروف 1950-يىللاردا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە قارغا ئېتىش چېمپىيونى بولغان ھەمدە 1956-يىلى، مېلبورنىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئەڭ يۇكسەك ئورۇننى ئىگىلەپ رېكورد ياراتقان ، 1960-يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغان.

ماخمۇت ئۆمەروف 1956-يىلدىن 1961-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قارىغا ئېتىش بويىچە ئالتە قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى چېمپىيونى، ياۋروپا چېمپىيونى، دۇنيا چېمپىيونى بولغان. ئۇ، 1955-1961-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىغا ئېتىش ساھەسى بويىچە چېمپىيونلۇق سالاھىيىتىنى ساقلىغان بولۇپ، پەقەت ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا چېمپىيونلۇق شەرىپى باشقىلارغا مەنسۇپ بولغان ئىدى. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى، ماخمۇت ئۆمەروف سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولۇپ، قارىغا ئېتىش ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇ لېنىنگراد ھەربىي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولۇپ، شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دوتسېنتى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىدى. ئالمۇتا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ماخمۇت ئۆمەروف ئۇستا سازەندە بولۇپ، دۇتار چېلىپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقىمۇ ماھىر بولغان ئىدى.[37].

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى دۇنيا چېمپىيونى ۋە تۇنجى مېدىتسىنا دوكتورى ھەم پروفېسسورلىرىدىن بىرى ماخمۇت ئۆمەروف 1961-يىلى، 37 يېشىدا تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك تىقىلمىسى بىلەن لېنىنگراد ، يەنى ھازىرقى سانكتپېتەربۇرگ شەھىرىدە ھاياتتىن خوشلاشقان. ئۇنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىنىڭ ئولىمىك ۋە دۇنيا چېمپىيونلىرى ئۇچۇن ھازىرلانغان كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىدىن ئورۇن ئالغان.

ئابدۇرېشىت ئابدۇللايېۋ 1970-يىللاردا كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ياۋروپانىڭ بوكس چېمپىيونى بولغان ھەمدە 1969-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئامېرىكىغا كېلىپ، «ئامېرىكا -سوۋېت ئىتتىپاقى» بوكس مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. ئۇ، داڭلىق بوكس ماھىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى كۆپلىگەن ئۇرۇش فىلىملىرىدە باش رول ئوينىغان داڭلىق ئارتىست سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى. غۇلجىدا تۇغۇلغان تۇيغۇن ناسىروف 1990-يىلى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە چاڭغا بىلەن ئېگىزلىكتىن سەكرەش تۈرى بويىچە چېمپىيون بولغان. ئۇ قازاقىستاننىڭ مەزكۇر ساھەدىكى ئاتاقلىق ترېنېرى ھېسابلىنىدۇ. غۇلجىدا تۇغۇلغان يەنە بىر نەپەر قازاقىستانلىق ئۇيغۇر خەمىت بارايېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تەنتەربىيە ماھىرى نامىغا سازاۋەر بولغان بولۇپ، ئۇ ھازىر قازاقىستاننىڭ خەلقارا دەرىجىلىك بوكس مۇسابىقىسى رېپېرى سۈپىتىدە خەلقئارالىق مۇسابىقىلاردا رېپېرلىق قىلماقتا. ئۇ، ئىلگىرى -كېيىن قازاقىستانغا ۋەكىل بولۇپ، پولشا، جۇڭگو، ھىندىستان، تۈركىيە ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسابىقىلەرگە رېپېرلىق قىلغان.

سابىرجان روزىيېۋ قىلىچۋازلىق بويىچە ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى چېمپىيونى، ئۈچ قېتىم دۇنيا چېمپىيونى، ئۈچ قېتىم ياۋروپا چېمپىيونى بولغان. ئۇ 22-قېتىملىق دۇنيا ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قىلىچۋازلىق بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن. سابىرجان روزىيېۋ 1992-1995-يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان تەنتەربىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىق ۋە 1995-2003-يىللىرى ئۆزبېكىستان ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. سابىرجان روزىيېفقا ئۆزبېكىستان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن زاكىر توختىيېۋ كاراتە تۈرى بويىچە دۇنيا چېمپىيونى ، ھىمىد توختاخۇنوف ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا چامباشچىلىق مۇسابىقىسىدا دۇنيا چېمپىيونى، ۋېتنامدا ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق-ساندا مۇسابىقىسىدە ئاسىيا چېمپىيونى بولدى. ئەخمەت جەلىلوف تايلاندچە مۇشتلىشىش ۋە ساندا بويىچە ئاسىيا چېمپىيونى ، كىكبوكس بويىچە دۇنيا چېمپىيونى بولدى.

ئەركىن ئىمنوف ئامېرىكىدا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بويىچە دۇنيا چېمپىيونلۇق شەرىپىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا يەنە باشقا مىساللارنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە يەنە باشقا ئۇنلىغان جۇمھۇرىيەت چېمپىيونلىرى ۋە باشقىلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ كۆرسەتمىدۇق. ئۇيغۇر

يىگىتى رۇسلان پالتىيېۋ رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق پۇتبولچىسى بولۇپ، ئۇ «موسكۋا» كاماندىسىنىڭ ئاساسلىق ماھىرى ئىدى. ھازىرقى رۇسىيىنىڭ داڭلىق پۇتبولچىسى، رۇسىيە ياشلار « زېنىت» كوماندىسىنىڭ 4-نومۇرلۇق مۇداپىئەچىسى جامالىدىن خوجانىيازوفنىڭ نامى پۈتۈن رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىنىڭ پۇتبول مەستانىلىرىغا ناھايىتى تونۇش. ئۇ رۇسىيىنىڭ ياشلار كوماندىسىغا قاتنىشىپ، ياۋروپا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىدە ئىتالىيە كوماندىسىنى يېڭىپ چېمپىيون بولغان. ئۇ رۇسىيىنىڭ « زېنىت « كوماندىسى بىلەن ئۈچ يىللىق توختام تۈزگەن. جامالىدىن رۇسىيىدىكى ئەڭ ياش فۇتبول ماھىرى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. تۈركمەنىستاننىڭ كونا ئۇيغۇر يۇرتى بايرام ئالىدە ئۇيغۇر ئائىلىسىدە 1996-يىلى دۇنياغا كەلگەن جامالىدىن خوجانىيازوف رۇسىيە جۇرنالىستى م.لاپىننىڭ « زېنىت» كوماندىسى ھەققىدە يازغان ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، جامالىدىن خوجانىيازوف رۇسىيە مۇخبىرىغا « مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر، ئانامنىڭ يېرىمى رۇس» دەپ چۈشەنچە بەرگەن[38]. مەزكۇر ماقالىدە جامالىدىن خوجانىيازوفقا ئەڭ ئىستىقباللىق پۇتبولچى دەپ باھا بېرىلگەن.

خۇلاسە

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى يېقىنقى بىر ئەسىر ئىچىدە چار رۇسىيىنىڭ مۇنارخىزىملىق ھاكىمىيەت سىستېمىسى، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىكتاتورلۇق تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دۆلەت تۈزۈمىدە ياشاش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. بۇ بىر ئەسىر جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللي كىملىكى ، مىللي مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى .ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىگە دۇچ كېلىپ، مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھالاك بولدى. مىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ستالىننىڭ 1937-1938-يىللىرىدىكى تازىلىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر زامانىۋى مىللي مەدەنىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللي سىياسىتىنىڭ پايدىسىغا ئېرىشىپ، گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە بولسىمۇ، بىراق ئوخشاشلا ستالىن تۈزۈمىنىڭ خاراپ قىلىشىغا دۇچ كەلدى. نىكىتا خرۇشېۋ ، لېئونىد برېجنېۋ ۋە مىخايىل گورباچېۋ دەۋرلىرىدىكى سوۋېت-جۇڭگو دۈشمەنلىك ۋە رىقابەت دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنى ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى »قەرتە» سۈپىتىدە پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز

سانلىق مىللەت بولسىمۇ، بىراق موسكۋانىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى « گېئوستراتېگىيىلىك» مىللەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋە رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. ستالىن ۋە كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرق ۋە جۇڭگو ئىستراتېگىيىسىدە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ـ1980ـ1960يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 1986ـيىلى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا مەخسۇس ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قۇرۇپ، 70 گە يېقىن ئۇيغۇر ئالىملىرىنى يىغىپ ئۇيغۇر تەتقىقاتىنى تەرەققى قىلدۇرغان ئىدى. قازاقىستان دۆلەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيىسى ئىدارىسى قارمىقىدا «ئالاتاۋ» پروگراممىسى تەسىس قىلىپ، ھەر كۈنى 1 سائەت ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پروگراممىسى تارقىتىلدى. قازاقىستاندىكى ئاباي نامىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قارمىقىدا مەخسۇس ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كافېدراسى، قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدا جۇرنالىستىكا ساھەسى بويىچە ئۇيغۇر سىنىپلىرى، قازاقىستاندىكى ھەر قايسى نەشرىياتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىش ئېلىپ باردى. ھەتتا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي ئاخبارات جۇرنىلى رۇس، قازاق ۋە ئۇيغۇر ئۈچ تىلدا چىقىرىلدى. يۇقىرىقىدەك بۇنداق سالاھىيەتلەر باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بېرىلمىگەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ـ1960يىللاردا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى تاشكەنتكە توپلاپ، ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسۇل ئانسامبلى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، تاشكەنت رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى پروگراممىلىرى كۈچەيتىلدى. تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئانسامبلى تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى .موسكۋا مانا بۇ بىر قاتار «غەمخورلۇقلىرى » ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانداق ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقىنى نامايىش قىلدى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ « گېئوستراتېگىيىلىك » مىللەتلىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئادەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ھالىتىگە قايتىپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بېرىلگەن بۇ ئىمتىيازلار قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلدىن قالدى. نۆۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ماددى قوللىشى بىلەن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىنى دۆلەت مەبلىغى ۋە پروگراممىسى بىلەن قوللىماقتا. ھەر يىلى دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلىپ،

بىر قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈشىنى قوللىماقتا. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە نىسبەتتە ئۆز مىللىي تىلىدا دەرس ئۆتۈش، قازاقچە، رۇسچە تىللارنى مۇھىم دەرس سۈپىتىدە ئۆگىنىش سىياسىتى قوللانغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى پۈتۈن دەرسلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا ئۆگىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى زوردۇر. ئەلۋەتتە، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىمۇ ئۆزۈن مەزگىل دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدا ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئىش ئېلىپ بېرىشىنى قوللىدى ۋە دۆلەت تېلېۋىزىيە ھەم رادىئو كومىتېتىدا ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنىڭ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بىراق، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي سانىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە تارقاقلىقى تۈپەيلىدىن مىللىي مەكتەپ مائارىپىنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى، ئەمما مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ ساقلىنىشى ھەم تەشەببۇس قىلىنىشى داۋاملىق قوللاشقا ئېرىشىپ كېلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان يەنە 20-ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرىنىڭ ۋەتىنى بولدى. 1944-1946-يىللىرى ئارىسىدا« شەرقىي turk جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى بولغان مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەلىخان تۆرە ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى ئىۋان پولىنوۋ، مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇسابايېف ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى مەمەتجان يۈسۈپوف، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكلىرىدىن غاپپارخان تۆرە، رەسۇلوف ۋە باشقىلار تاشكەنتتە ياشىدى. ش ت ج ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىبى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبرايىمى، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى ۋە كېيىنكى جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى زۇنۇن تېيىپوف، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى ۋە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى مەرغۇپ ئىسھاقوف ، خەلق قەھرىمانى غەنى باتۇر ۋە فاتىخ باتۇر ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى ۋە كېيىنكى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازىرى زىيا سەمەدى ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ماۋاروۋ ، 5-كورپۇس قوماندانى فاتىي لېسكىن، موڭغۇل ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى ئېردە بۇلغۇنوف، ش ئۇ ئا ر ياشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان باتۇر ئەرشىدىنوف ۋە ھاشىر ۋاھىدى، شۇ ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ چۆچەكتىكى كادىرلىرىدىن بىرى ، يازغۇچى يۈسۈپبېك مۇخلىسى ، مىللىي ئارمىيە پولك كومادىرى ئايتوغان يۇنۇچى ۋە مىللىي ئارمىيە زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىڭ كوماندىرى ئەسەت تېيىپوف قاتارلىق يۈزلىگەن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي ئەربابلار ئالمۇتىدا ياشىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ 1946-يىلىدىن كېيىنكى باشلىقى ، 1949-يىلى، سەيفىدىن ئەزىز بېيجىڭغا ماڭغاندا پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغان پولكوۋنىك نەبىجان يۈسۈپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى ئالاھىدە مەخپىي ۋەكىلى

هاكىم جاپپار، غۇلجا گارنىزون كوماندىرى ۋە ئاقسۇغا چۈشكەن ئەترەتنىڭ شتاب باشلىقى ھۆسەيىن غازىيېۋ ، مىللىي ئارمىيە پولك ۋە شتابى كوماندىرلىرىدىن خەمىت ئابباسوۋ، قېيۇم سابىر ھاجى، زاكىروۋ، خەمىت كەنجىبايېۋ ۋە ئابدۇرېيىم كەنجىيېۋ قاتارلىق يۈزلىگەن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي كادىرلار بىشكەك شەھرىدە ياشىدى.

سودا-ئىقتىساد جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەتتىكى ئىقتىدارى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ياخشى تونۇشلۇق، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىر قىسىم مەشھۇر سودا-سانائەتچىلەر يېتىشىپ چىققان بولۇپ، فوربېس جۇرنىلىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگەن مىلياردېر باي ئەلىبېك ئىبرايىموۋ بىلەن سودا-سانائەتچى ئالىمجان توختاخۇنوفنىڭ نامى رۇسىيە ۋە پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇلغان. ئۇلار بىر قىسىم مەبلەغلىرىنى سەنئەت، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ ئىشلىتىپ، مەزكۇر ساھەنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ئۈلۈش قوشقان ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا چىقتى، ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئەنە شۇنداق قابىلىيەتلىك ئەربابلار مەيدانغا كەلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىۋاستە سوۋېت دۆلىتى ۋە كېيىنكى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى، ئىلىم-پەنى ، سەنئىتى ۋە باشقىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە تەۋە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىدى ھەم ھەر ۋاقىت ئەسكەرتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز خىزمەت ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشۇشقا تىرىشتى. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى، قابىلىيىتى، تالانتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىدە ھەممە ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. بۇلار مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرى ۋە قابىلىيىتى ھەم تالانتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشتا ئىلھام بۇلاقلىرىنىڭ بىر تامچىسى بولۇپ قالغۇسى!. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى ئۈچۈن پىداكار بولغان ھەر قانداق ئوغلانىنى قەدىرلەيدۇ، ئەسلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە يازغىنىم مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىغىلا مەنسۇپتۇر ئەلۋەتتە.!

مېنىڭ بۇ يەردە بۇ بىر قاتار ئەھۋاللارنى يېزىشىم پەقەت تارىخچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، تارىخىي شەخسلەر ۋە قەھرىمانلارغا خەلق ئۆزى باھا بېرىدۇ!

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكىلەر قىسقىچە ئومۇمىي باياندىن ئىبارەت بولۇپ، بىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى چوڭ ۋە مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكتۇر .

ئىزاھاتلار


[1] . **Агентство Республики Казахстан по статистике. Численность населения Республики Казахстан по отдельным этносам на 1 января 2012 года.**

**[2].Национальный статистический комитет Кыргызской Республики. Национальный состав населения (оценка 1 января 2012 года)**

**[3] . Этнический атлас Узбекистана. . Институт “Открытое Общество” ـ 2002. Стр.217 ،Фонд содействия ـ Узбекистан**

**[4]. К 100 летию переселения уйгуров в Туркменистан.http://hamrajan.narod.ru/index.html**

. [5]رۇسيه فېدەراتسىيىسىنىڭ 2010ـيىللىق نوپۇس تەكشۈرۈش خۇلاسىسى.

**Гожахмет . Алматы:2005.،[6] . Избранные труды / Садвакасов**

**،[7] . Валиханов Ч.Ч. Избранные произведения. Наука 1986. Алматы.**

**[8] . Губаева С.С. Уйгуры и дунгане Ферганской долины // Современное 1992. ،развитие этнических групп Средней Азии и Казахстана. Ч. 2. М. 121.س**

**،Гожахмет. ،[9] . Избранные труды / Садвакасов 55.س2000.**

**[10] . Захарова И.В. Указ. Соч. С. 223ـ224.**

..[11] . Румянцев П.П. Уезды Жетысу.Алматы2000

[12]. ئا.روزىباقىيېۋ م.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى .ئالمۇتا، قازاقستان .1987-يىلى، 48-بەت

[13] . نەبىجان تۇرسۇن. پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار .تۈركىيە هاجى تەپپە ئۇنىۋېرسىتەتىنىڭ ئىلمي ماقالىلار توپلىمى. 2013.-يىلى، ئەنقەرە.

[14] .بۇرهان قاسىموف . ئۇيغۇر خەلقلىرىدە مائارىپ ئىشلىرى » .كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1922 -يىلى.17-ئاۋغۇست.

[15] مۇنىر ئەرزىن. يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى گېزىتى. « ئەسىرلەر سىرى» . «مىر» ئالماتي، 2012 -يىلى، 244-245-بەتلەر.

[16] ئا.روزىباقىيېۋ م.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى .ئالمۇتا، قازاقستان. 1987-يىلى51-بەت

[17] ئابدۇللا روزىباقىيېف. گېزەك مۇئەللىملەرنىڭ. « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1925-يىلى، 18-ئىيۇل سانى. ئابدۇللا روزىباقىيېف ماقالىلىرى توپلىمى>> .خەلقىم ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك1997 . << -يىلى، ئالمۇتا. جازۇشى نەشرىياتى 78-بەت

[18] . «بۇرهان قاسىموف . ئۇيغۇر خەلقلىرىدە مائارىپ ئىشلىرى. « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1922-يىلى.17-ئاۋغۇست

19 .ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف. تەڭرىقۇل قۇتلۇق. « پەرۋاز» ، ئالمۇتا، 1991-يىلى، -7بەت.

[20] .مەشۇر روزىيېف. قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. « قازاقستان» نەشرىياتى-1976 .يىلى. ئالمۇتا. رۇسچە نەشرى .189-190-بەتلەر

[21]. 20 -ئەسىردىكى داڭلىق ئۇيغۇرلار. ئۆزبېكستان، قازاقستان، قىرغىزىستان ، تۈركمەنىستان. ئالماتي، 2005-يىلى،192-197-بەتلەر ( رۇسچە)

[22] . شۇ ئەسەر، 195-بەت

[23] . نەبىجان تۇرسۇن. پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار .تۈركىيە ھاجى تەپپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى. 2013.-يىلى، ئەنقەرە.

[24] . سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى. ئالمۇتا ،ناۋكا . 1986-يىلى،35-51-بەتلەر

[25] . خېلەم خۇدابەردىيېۋ. زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ ( خاتىرىلەر .(تاشكەنت.2003-يىلى، 99-106-بەتلەر

[26]بارنائۇل. . Бармин В.А. Советский Союз и Синьцзян 1918-1941 . 1998.

[27. Коррупция в Политбюро: Дело «красного узбека». Федор Раззаков.». سىياسىي بىيورودىكى چىرىكلىك: قىزىل ئۆزبېك دېلوسى) . 2009-يىلى، ئىنتېرنېت نۇسخىسى]

[28] . http://www.biografia.kz/partiynyie-deyateli/yusupov-ismail.html.

[29] -20 . ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. روند . ئالماتا 2005.

[30] . Галия ШИМЫРБАЕВА، Исмаил Юсупов: Моя совесть перед народом Казахстана чиста "Казахстанская правда"، 21 апреля

[31] -20 . ئەسىردىكى داڭلىق ئۇيغۇرلار. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ، تۈركمەنىستان. ئالماتى، 2005-يىلى،2-17-بەتلەر ( رۇسچە)
[32] ».يېڭى ھايات»گېزىتى، 1997-يىلى،15-فېۋرال .ئالمۇتا.

[33] . 20 -ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. روند . ئالماتا 2005.

[34] .ئاتوم فىزىكىسى ، پلازما فىزىكىسى ۋە مىكروئېلېكترون كافېدراسىنىڭ پروفېسسورلار تەركىبى ) /http://www.affp.mics.msu.su/sost. .(رۇسچە)

[35] . 20-ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. روند . ئالماتا .2005

**[36] . 20ـئەسر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. روند . ئالماتا .2005**

**[37] 20ـ ئەسردىكى داڭلىق ئۇيغۇرلار. ئۆزبېكستان، قازاقستان، قىرغىزىستان ، تۈركمەنىستان. ئالماتي، 2005ـيىلى، ( رۇسچە)**

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇستىدە قايتا ئويلىنىش

## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپاتىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

### مەخمۇت ئېلى ئاتتىلا

1. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

تالانتلىق شائىر، ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى، مىللەت سۆيەر جەڭچى ئابدۇخالىق ئابدۇرەھمان ئوغلى ئۇيغۇر 1901-يىلى -2ئاينىڭ 9-كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ باغرى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسىنىڭ تەسىرىدە بەش يېشىدىلا ساۋادىنى چىقىرۋالغان. كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 12 يېشىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. 1916-يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودا ئىشلىرى بىلەن روسىيەگە بارغاندا بىرگە بېرىپ، روسىيەنىڭ شەمەي (ھازىرقى قازاقىستاندا (شەھىرىدە رۇس تىلى ئۆگەنگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قارىشەھەرگە بېرىپ موڭغۇل تىل-يېزىقىنى ئۆگەنگەن. كېيىن يۇرتىدا شۆتاڭغا كىرىپ خەن تىلىنى ئۆگەنگەن ھەم زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1920-يىلدىن باشلاپ، تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي، يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئابدۇللا رۇزى باقىيېۋ ۋە نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) لەرنىڭ تەسىرىدە، ئىنقىلاب قىلىشتا بىرىنچى ئامىل خەلقنى ئىدىيە جەھەتتىن ئويغۇتۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلەمنى قورال قىلىپ، «ئۇيغۇر» تەخەللۇسى بىلەن «ئىستىمەس»، «باردۇر»، «ئويغان«، »ھار» قاتارلىق ئىنقىلابىي چاقىرىق كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلانى يېزىپ، خەلق ئارىسىغا تارقىتىشقا باشلىغان. شۇڭا ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كۆزدىن يوقۇتۇش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن، ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن كىشىلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن 192ـ3يىلى بىر قىسىم دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا چىقىپ كەتكەن ھەم ئۇ يەردە كەڭ تارقالغان مەرىپەتچىلىك ۋە تەرەققىيات ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغاندىن كېيىن، يۇرتىنى ۋە خەلقىنى ئويغۇتۇپ، ئۆز ئىدىيىسىدىكى يېڭى ماكانىنى قۇرۇش مەقسىدىدە يەنە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن بۇرۇنقىدىنمۇ يۇقىرى

جاسارەت بىلەن قەلەمنى قورال قىلىپ خەلقنى ئويغىتىش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەرىپەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭىچە باسما زاۋۇدى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەكسىيەتچى مىللەتارىست ياڭ زىڭشىڭنىڭ توسقۇنلىقى سەۋەبىدىن ئىشقا ئاشمىغان .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، باسما زاۋۇدى قۇرۇش ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن يەنە ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچمەي، قەتئىي ئىرادىلىك ئىنقىلابىي جەڭچىگە ھەم ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك زىيالىسىغا خاس روھ بىلەن، زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك بايلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئىسكەندەر خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ئاستىدا، 1927-يىلى »ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا بىر مەرىپەت جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقتىن يىغىلغان ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەردە بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى ئاق سارايدا «ھۆرىيەت مەكتىپى»، كونشەھەردە يەنە بىر مەكتەپ قۇرۇپ چىققان. 1931-يىلى قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتى كۆتۈرۈلۈش ھارپىسىدا «ئاچىل» ناملىق مەشھۇر شېئىرنى يېزىپ، كۈچلۈك زىلزىلە قوزغىغان. بۇ شېئىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنقىلاب مارشى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرگەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىر يېزىشىنى چەكلەش بىلەن بىرگە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشىنى مەنئىي قىلغان.

ئۆز غايىسى يولىدا ئۆلۈمدىنمۇ باش تارتمايدىغان بۇ ئوت يۈرەك ئەزىمەت ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەھدىت ۋە توسۇشلىرىغا قارىماي، 1932-يىلى «ئويغان «ۋە «ئاچىل» ناملىق شېئىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان. 1932-يىلى 12-ئاينىڭ بېشىدا تۇرپاندا دېھقانلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن ھەم مىللەتارىست جىن شۇرېننىڭ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇب قىلغان. بۇ جەرياندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قوزغىلاڭنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، كەڭ تۇردە جامائەت تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغان.

1933-يىلىنىڭ بېشىدا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن قاتتىق دەككىسىنى يېگەن جاللات شىڭ شىسەي تۇرپانغا كەلگەن ھەم يەرلىك خەلقتىن ئۈچ ئېلىشقا باشلىغان. ئۇ رۇزى موللا قاتارلىق بىر قىسىم يەرلىك غالچىلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەزىمەتلەرنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنبەيى تەرغىباتچىلىرى دەپ قاراپ تۇتقۇن قىلىپ، قاتتىق سوراق قىلغان. بىراق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى ئەزىمەتلەر ئاخىرغىچە باش ئەگمەي قارشىلىق كۆرسەتكەن. نەتىجىدە شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى جاللات شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۆز سەبداشلىرى بىلەن بىرگە تۇرپان شەھرىنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلغاندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆلۈم ئالدىدىمۇ مەرت ئەزىمەتلەرگە خاس روھ بىلەن قىلچە قورقۇپ قالماستىن «ياشىسۇن ئەركىنلىك!»، «ياشىسۇن ئازادلىق «!دەپ شوئار توۋلاپ، ئۆزى سۆيگەن ۋەتىنى ۋە خەلقى بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالىشىدۇ.

**2.ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى قوللىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى.**

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دەۋر، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك جۇغراپىيىلىك ماكان ۋە ئېتنىك توپتا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتقان، ئۇلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملەردە بولۇش بىلەن ئايرىم ئېتنىك گۇرھلارغا بۆلۈنىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن جىددىي ئىزدىنىۋاتقان بىر دەۋردۇر .بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

‹**1**›  بۇ دەۋردە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھامىيسى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيسى (**1298-1923**)، دۇنيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەسلىسىنى ئۆزىنىڭ مەسلىسى دەپ قاراپ، دۇنيادىكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن، تۈركىي مىللەتلەر توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرلۈك ياردەملەردە بولىۋاتقان، ئورتاق تۈركچىلىك غايىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان دەۋر.

يەنى، بۇ دەۋردە، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيسى بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىغا ئەخمەت كامالغا ئوخشاش بىر تۈركۈم مائارىپ-مەدەنىيەت ۋە ئاخبارات خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆز مەسلىسىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشىغا ياردەملەردە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي قوماندان ۋە مۇتەخەسسلەرنى، جۈملىدىن ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىش ھەم غەرب تەرەپتىن ئەرمەنلەرگە قاتتىق تەھدىت سېلىش ھەم قورallıق ھۇجۇم قوزغاش ئارقىلىق، رۇسىيە بىلەن ئىراننىڭ ئەرمەنلەرنىڭ داشناق پارتىيسىنى كۈشكۈرتۈپ شىمالىي ئەزەربەيجان دۆلىتىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش غەرىزىنى ئۇنۇملۇك توسۇپ قالغان. تۈركىيە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مەشھۇر ھەربىي قومىناندانى گېنىرال ئەنۋەر پاشا **1918**-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش غايىلىرىگە زور ياردەملەرنى بەرگەن، شۇنداقلا، ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تەشكىللەپ، سوۋېت بولشېۋىك ئارمىيسى بىلەن ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە ئۇرۇش قىلغان .سۇلتانلىق ھاكىمىيتى يەنە بالقان ۋە باشقا جايلاردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەسلىسىگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. شۇ سەۋەبتىن دۇنيادا ئورتاق تۈركچىلىك غايىسى باش كۆتەرگەن.

‹2› بۇ دەۋردە، موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتىراپىدىكى جايلاردىن بىر تۈركۈم ئابىدىلەر تېپىلىشى ھەمدە دانىيە ئالىمى تومسىن ۋە روسىيە تۈركىلوگى رادلوف تەرىپىدىن يېشىپ ئوقۇلۇپ، «ئۇرخۇن ئابىدىلىرى» دېگەن ئومومىي نام بىلەن دۇنياغا تونۇشتۇرۇلىشى؛ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنىۋىي ئەڭگۈشتەرى تېپىلىپ، دۇنيا تۈركىلوگىيە ساھەسىنى ۋە پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى لەرزىگە سېلىشى؛ دۇنيا تۈركىلوگىيە ساھەسىدىكى يىتۈك ئالىم، رۇس

تارىخشۇناسى بارتولدى، تۈركىيەلىك مەشھۇر ئالىم ھەم جامائەت ئەربابى زىيا كۆك ئالىپ، مەشھۇر تاتار تۈركولوگى ئا.زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ تارىخشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق تۈركولوگىيەنىڭ نازۇك ساھەلىرىدە زور مۇۋاپپىقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىشى تۈركىي مىللەتلىرىدىكى مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ھەم مىللىيلىككە قايتىش ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتەرگەن.

‹3› بۇ دەۋردە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى، روسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە دۆلەتلىرىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزى ھەم ئەرەبلەرنىڭ ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا توختىماي خەلىپىلىككە قارشى چىقىشى، ئەرمەنلەر رۇسلارنىڭ ياردىمى ۋە داشناق پارتىيىسىنىڭ باشچىلىقىدا توختىماي ئىسيان كۆتۈرىشى ئارقىسىدا تەدرىجى ئاجىزلاپ، تارىخ سەھنىسىدىن يىمىرىلگەن، ئورنىغا مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى يېڭى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان.

‹4› يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن مۇستاپا كامال ھاكىمىيىتى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە باشلىنىپ، يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئىسلاھاتچىلىق ۋە گۈللىنىش ھەرىكىتىگە باشچىلىق قىلىپ، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن؛ پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئافغانىستانلىق جامالىدىن ئافغانى (1839-يىلدىن 1893-يىلغىچە ياشىغان ئافغانىستانلىق مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ھەم مۇسۇلمان دۇنياسىدا باش كۆتەرگەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە ئىسلام مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى تۆت خەلىپىنىڭ بىرى بولغان ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيۇللاھۇ ئەنھۇ ۋە دىنىمىزنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللامغا تۇتىشىدۇ. دېمەك ئۇ ئافغانلاشقان ئەرەب بولۇپ، پەيغەمبەر جەمەتىدىن) ۋە مىسىرلىق مۇھەممەد ئابدۇ (1849-يىلدىن 1905-يىلغىچە ياشىغان. مىسىرلىق مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ھەم ئىسلاھاتچىسى، جامالىدىن ئافغانىنىڭ شاگىرتى) لارنىڭ باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى گۈللىنىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا كېڭەيگەن؛ مۇسا جارۇللا، غاسپىرالى، ئابدۇللا توقاي قاتارلىق بىر تۈركۈم تاتار زىيالىلىرى ياۋروپا تەرەققىيات ئەندىزىسى بىلەن جامالىدىن ئافغانى ۋە مۇھەممەد ئابدۇلارنىڭ ئىسلام گۈللىنىش چاقىرىقىنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈن تۈركىي ھەم مۇسۇلمان دۇنياسىغا تارقىتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتقان، جۈملىدىن، تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدا جەدىتچىلىك (ئىسلاھاتچىلىق) ۋە يېڭى مەرىپەتچىلىك، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى باش كۆتۈرۈپ، يېڭى مەكتەپلەر بىنا قىلىنغان، مىللىي ئاڭ ئويغىنىشى كۈچەيگەن ئىدى.

‹5› يەتتە سۇنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا تاتار زىيالىلىرىنىڭ تەسىرى تېز تارقىلىشقا باشلىغان. ئابدۇلا توقاي، ھادى تاقتاش قاتارلىق بىر قىسىم تاتار

شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى دىيارىمىزغا كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مۇھىتىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرگەن .بولۇپمۇ ئابدۇللا توقاينىڭ نۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى ياش ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. بىر قىسىم تاتار زىيالىلىرى چېگرا ئاتلاپ دىيارىمىزغا كېلىپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، خەلقىمىزگە تۈركى خەلقلەرنىڭ شانلىق تارىخىنى تونۇتقان .بۇلارنىڭ ئىچىدە چۆچەكتە تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر تارىخچى مۇرات ئەپەندى، تۇرپاندا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان گۈلەندەم ئاۋۇستاي (موللاچا) خەلقىمىزگە بىر قەدەر تونۇشلۇقتۇر.

‹6› يەتتە سۇ ۋە ئىلى-تارىم ۋادىسى ھەم قۇمۇل-تۇرپان بوستانلىقىدىكى تىل شېۋىسى ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىدىكى تۈركىي توپ «يەتتە شەلىكلەر»، «ئالتە شەلىكلەر»، «قەشقەرىيەلىكلەر«، »جۇڭغارىيىلىكلەر، «ئىلىلىقلار»، «تارانچىلار» دېگەندەك يۇرت ناملىرى بىلەن بۆلۈنۈپ ياشاۋاتقان ياكى «چەنتۇلار»، «چەنتۇخۇيلار»، «زىۋازىلار» دېگەندەك باشقىلار قويۇپ بەرگەن ھاقارەت نامنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامى دەپ قاراپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن؛ بۇ ناملارنى سۇيئىستىمال قىلىپ، يېڭى ئېتنىك مىللىي بۆلۈنمىلەرنى ياساپ چىقىش ئارقىلىق پارچىلاپ باشقۇرۇش ۋە مىللىي ئاسسىملاتسىيە قىلىش كويىدا بولىۋاتقان بىر قىسىم يامان غەرەزلىك رۇس مىللەتچىلىرى (ئاتاقلىق رۇس تارىخشۇناسى بارتولدى بۇ خىل خاھىشقا باشتىن-ئاخىرىغىچە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، تۈركى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى سىياسىدىن خالى بىر رەۋىشتە تەتقىق قىلغان ھەم رۇس مىللەتچىلىكىنى تەنقىد قىلغان .تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، تۈرك تارىخىغا دائىر لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ، ئۇلارغا بولغان دوستانىلىقىنى بىلدۈرگەن) ۋە يەرلىك غالچىلار ھەممىلا يەردە قۇتراۋاتقان ئىدى.

‹7›ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىغا تاجاۋۇزچىلىق قارا قولىنى سوزغان سوۋېت بولشېۋىك ئارمىيىسىنىڭ ئۇۋان مامىنتوۋ، مۇرايېۋ باشچىلىقىدىكى قىسىملىرى **1918**-يىلى **5**-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇملىدىن، دۇنيانى زىل-زىلىگە سالغان »ئاتۇ پاجىئەسى» نى پەيدا قىلىپ، ئالمۇتىدىن غالجاتقىچە بولغان ئۇيغۇر رايونىدىكى **25**مىڭ ئۇيغۇرنى قىرغىن قىلىپ، يەتتە سۇ رايونىدىكى ئىگىسىز قالغان خەلقىمىز ئۇستىدىن خالىغانچە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. شۇڭا، بۇ يۇرتلاردىكى تۈركىي توپ »ئۇيغۇر» نامى ئاستىدا، ئۆز ئالدىغا يادرو ھاسىل قىلالايدىغان بىر ئېتنىك ۋە سىياسىي توپقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان.

‹8› ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئويغانغان، تارىختىن خەۋەردار زىيالىلىرىمىز قەلەمنى قورال قىلىپ، خەلققە ھەقىقىي رېئاللىقنى ۋە تارىخنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ئىزدىنىشكە باشلىغان. ئۆز مىللىي نامىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئۇستىدە ئىزدەنگەن. ئۇلارنىڭ تەسىرى چېگرا ئاتلاپ ئىلى-تارىم ۋادىسى ۋە

قۇمۇل-تۇرپان بوستانلىقلىغىچە يېتىپ بارغان. شۇ سەۋەبتىن، يەتتە سۇ ۋە ئىلى-تارىم ۋادىسى ھەم قۇمۇل-تۇرپان بوستانلىقلىرىدىكى تىل شېۋىسى ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە تۈركىي توپ ئورتاق بىر «ئۇيغۇر» نامى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي توپىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان ئابدۇللا رۇزى باقىيېۋ ۋە نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتلەر ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئابدۇللا رۇزى باقىيېۋ 1897-يىلى ئالمۇتىدا تۇغۇلغان. 1917-يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1921-يىلى 6-ئاينىڭ 3-كۈنى تاشكەنتتە چاقىرىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ 1-قۇرۇلتىيى، يەنى، ئالتە شەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدا بارلىق ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، «ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ چىققان. قۇرۇلتاي ئىلگىرىكى «تارانچى»، «قەشقەرلىك»... دېگەندەك غەيرى بۆلۈنمە نامىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى دەسسەتكەن ھەم پارچىلىنىش ئالدىدا تۇرغان توپنى قايتىدىن ئۇيۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان .قۇرۇلتاي ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىنقىلابىي ۋەزىپىلىرى ھەققىدە قارار چىقىرىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلغان. 1923-يىلى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئۇيغۇر بىلىم ھەيئىتى» ناملىق ئىلمىي مەركەزنى تەشكىل قىلغان ھەم بۇ جەمئىيەتكە باشچىلىق قىلىپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىملا قائىدىسىنى ئىسلاھ قىلغان. ھاياتىدا تۇنجى ئۇيغۇر گېزىت-ژۇرناللىرى بولغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى «گېزىتى، «قىزىل تاڭ» ژۇرناللىرىنى، «بىرىنچى چامدام» توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرغان .ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپچىلىق ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئالمۇتىدا ئىككى، ياركەنتتە 15، بېشكەكتە تۆت مەكتەپ قۇرۇپ چىققان. 1937-يىلى 40 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى. ئۇ 1887-يىلى ھازىرقى قازاقىستانغا قاراشلىق غالجات يېزىسى (1881-يىلدىكى «ئىلى شەرتنامىسى» دا روسىيە ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىدىن بۆلۈۋالغان) دا تۇغۇلغان. ئۇ ئاۋال ئۆز يېزىسىدا، ئاندىن ئالمۇتىدا، كېيىن قازان ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇغان. قازان ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇغان مەزگىللىرىدە رۇس تۈركولوگلىرىدىن رادلوف، س.ي مالوف، تاتار زىيالىلىرىدىن نوشىرۋان يائۇشۇف، غالىمجان ئىبراھىموۋ قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم شۇلارنىڭ تەسىرىدە قەشقەرلىك، يەكەنلىك، تۇرپانلىق، ئىلىلىق، يەتتە شەلىك، ئالتە شەلىك، تارانچى دېگەن نامىلار بىلەن ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت، يەنى، ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز نامىنى بىلمەسلىكتىن ئىبارەت بۇ پاجىئەنى

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ھېس قىلىپ، 1911-يىلى ئۆزىگە »ئۇيغۇر بالىسى« تەخەللۇسىنى قوللانغان ھەم مۇشۇ تەخەللۇستا تارىخىي ھەم پۇبلىستىك )سىياسىي-مۇھاكىمىلىق) ماقالىلارنى يېزىپ، «شۇرا»، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر »ئۇيغۇر« تەخەللۇسىنى ئىشلىتىشتە نەزەر خوجا ئادۇسەمەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ -1917يىلى يەتتە سۇ رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇشقا قاتناشقان. ببراق، ئۇنىڭ ئىدىيىسى رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاچقا، 1923-يىلى قوزغالغان «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتىدە باستۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن -1929يىلى خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت جاغىستايدا تۇرلۇك ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1952-يىلى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ «يورۇق ساھىللار»ناملىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى، «ئالتە شەھەرگە سەپەر»، «يۇسۇپ سەككاكى ھەققىدە»، «جام شەھىرى»، «جۇڭغارلار ۋە ئېنگىلىزلار»، «بىزنىڭ تۇرمۇش»، «ئىلى تارىخى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى، «مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى»، «ئىنقىلابىي ئۇيغۇر ياشلىرى»، «خانتەڭرى» قاتارلىق شېئىرلىرى، «ياش شائىرلىرىمىز» ناملىق تەقرىزى، »ئوماق بىلەن ئامراق« ناملىق ھېكايىسى، «نۇزۇگۇم» ناملىق پوۋېستى، «خۇشتىرىخان » ناملىق داستانى ۋە بىر قىسىم فېليەتۇنلىرى بار.

‹9›مۇسابايوپلار ئائىلىسىنى مەركەز قىلغان بىر تۇركۇم دۇنيا كۆرگەن ھەم ئالدىن ئويغانغان ئۇيغۇر بايلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى ۋە نەشرىياتچىلىقنى، تار دائىرلىك سانائەتلىشىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، تەجەللىگە ئوخشاش بىر تۇركۇم يۇقىرى ئاڭ ۋە ئۇستۇن بۇرۇۋچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئۇيغۇر زىيالىلىرى چەت مەملىكەتلەرنى ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالىغا قاتتىق ئېچىنغان ھەم ئىسلاھاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە مائارىپچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇرتىنى، خەلقىنى مەنىۋىي ئاسارەت ئىچىدىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلانغان. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى تېز سۈرئەتتە زەنجىرسىمان ئىنكاس قوزغاپ، دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نىسبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى شەكىللەنگەن. ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە بىر تۇركۇم پەن بىلەن دىنىي تەربىيە بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلغان.

مانا شۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىدىيۋى تەسىر ئاستىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1921-يىلى ئۆزىگە «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى قوللانغان شۇنداقلا شۇ يىلى «ئويغان» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، «ئۇيغۇر» سۆزىنى مىللەت نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، ئۆز خەلقىگە بولغان ئوتلۇق خىتابىنى ياڭراتقان.

3. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۈچ چوڭ تۆھپىسى

بىرىنچى، تەشۋىقاتچىلىق جەھەتتە .ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەشۋىقاتچىلىق جەھەتتىكى تۆھپىسىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن خۇلاسىلەش مۇمكىن.

‹1› مىللىي ئاڭ جەھەتتىن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلەمنى قورال قىلىپ، كەڭ خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي نامىنى ۋە مىللىي كىملىكىنى تونۇۋېلىشىغا، مىللىي پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى قوزغاپ، مىللىي غورۇر ۋە مىللىي ئاڭ پەيدا قىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ ئۆزىگە «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى ھەمراھ قىلىپ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يېزىش بىلەن بىرگە، يەنە، بىر قىسىم شېئىرلىرىدا «ئۇيغۇر» نامىنى قوللىنىپ، بۇ نامنى كەڭ خەلق ئىچىدە مىللەت نامى سۈپىتىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا كۈچ چىقارغان. مەسىلەن: «ئۇيغۇر قىزى»، «ئىنتىزار»، «خەير كۆرۈشەرمىز»، «بىر پەلەكنىڭ خەمكى»، «يەجۈجى-مەجۈجى» قاتارلىقلار. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا بۇ نامنى قوللۇنۇپ، بىزنىڭ مىللىي نامىمىزنىڭ «ئۇيغۇر» ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك خىتاب قىلغان ھەم خەلقنى ئۇيغۇرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان .مەسىلەن: «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي»، «نە قىلاي»، «دەردى دەۋران»، «رۇبائى ۋە پارچىلار» قاتارلىقلار.

بەزى شېئىرلىرىدا بىزنىڭ زامانىمىزدا باشقىلار تەرىپىدىن پەس كۆرۈلۈپ، ھايۋان كەبى پەس نام-ئاتاق ۋە مۇئامىلىلەرگە ئۇچراۋاتقان بولساقمۇ، ئۆتمۈشتە زور شەرەپلەرنى ياراتقان، باسقىلاردىن قېلىشمايدىغان پەخىرلىك بىر خەلق ئىكەنلىكىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ھېسسىيات، مىللىي غورۇر، مىللىي پەخىرلىنىش ۋە مىللىي جاسارەت تۇيغۇسىنى، باشقىلارغا ئوخشاش ھۆر-ئەركىن ھالدا ئادىمىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمان بولۇپ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ھاسىل قىلىش ھەم كۈچەيتىشكە چاقىرغان .مەسىلەن: «ئىچ پۇشۇش» قاتارلىقلار.

‹2›مەرىپەتچىلىك جەھەتتىن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر قىسىم شېئىرلىرىدا خەلقىمىز ئىچىدىكى نادانلىق، قاششاقلىق، كۆرەلمەسلىك، چېقىمچىلىق، پىتنە-پاسات تېرىش، ھوقۇقپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك، پۇل-بايلىققا بېرىلىش قاتارلىق ناچار خاھىشلارنى سۆكۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەنبەسىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەن. خەلقنى ئىلىم-پەنگە، مائارىپقا، تەرەققىياتقا، جاھان ئەھلىگە ئوخشاش ئاڭ-ئىدراك بىلەن ياشاشقا چاقىرغان. تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. مەسىلەن: «ئىستىمەس»، «باردۇر»، «ھار»، «غەزەپ ۋە زار»، »ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «دەردى دەۋران»، «رۇبائى ۋە پارچىلار» قاتارلىقلار.

‹3› ئىنقىلابىيلىق جەھەتتىن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر ئىنقىلابىي جەڭچىگە خاس روھ ۋە جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى كۈرەشكە، ئىنقىلابقا ئۈندىگەن. قولىغا قورال ئېلىپ

ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا، ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان ھەمدە ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، كۆڭلەرنىڭ بىردە پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغا ھالىنىڭ نەچچە ھەسسە بەتتەر بولىدىغانلىقىنى، ھەممە ئىشنىڭ كېچىكىپ، «خەپ» دېيىشمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەييار ئىكەنلىكىنى، »ھەر تەرەپتىن تىغ تەگلەپ»، «پارە-پارە قىلىسمۇ» بۇ يولدىن يانمايدىغان ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان. مەسىلەن: «ئويغان»، «ئۈچ شېئىر»، «قىل باھار»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «ئاچىل»، «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي»، «يېقىن بولدى»، «نە قىلاي»، «ھىجران»، «بىۋاپا»، «ئۈمۈد كەبەم»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆڭۈل خاھىشى»، «ئارمان»، «دەردى دەۋران»، «ئايلىناي»، «يامان بولدى»، «رۇبائى ۋە پارچىلار»، «قىزىدى»، «ئىچ پۇشۇش» قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، مەدەنىي مائارىپ ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى جەھەتتە.

ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىي مائارىپ ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى جەھەتتىكى تۆھپىسىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن خۇلاسىلەش مۇمكىن.

‹1› مەتبۇئاتچىلىق جەھەتتە. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **1923**-يىلدىن -**1926**يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى ئىدىيە بىلەن قوراللانغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مەرىپەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭىچە باسما زاۋۇدى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان ھەم بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەكسىيەتچى مىللەتارست ياڭ زېڭشىڭنىڭ توسقۇنلىقى سەۋەبىدىن ئىشقا ئاشمىغان.

‹2› ئاقارتىش جەمئىيىتى ۋە مەكتەپ ئېچىش جەھەتتە. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، باسما زاۋۇدى قۇرۇش ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك بايلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى، ئىسكەندەر خوجا، ھىسامىدىن زەپەر، ئىنايىتۇللا ئەپەندى ۋە دۇگامەت ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ئاستىدا، ھەيدەر ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموۋ قاتارلىق بىر قىسىم ئىلغار ئىدىيىلىك كىشىلەرنى تۈرپانغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، تۇرپاندا يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۆز ئۆيىدە بىر مەكتەپ ئاچقان. **1927**-يىلى يەنە «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا بىر مەرىپەت جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقتىن يىغىلغان ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەردە بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى ئاق سارايدا «ھۆررىيەت مەكتىپى»، كونىشەھەردە يەنە بىر مەكتەپ قۇرۇپ چىققان.

‹3› كىتابچىلىق ۋە كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى جەھەتتە. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە خەلقنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىش ئۈچۈن كىتابچىلىق ۋە كۇتۇپخانىچىلىق قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل كىتابلارنى توپلاپ، شەخسىي كۇتۇپخانا ئاچقان. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ كىتاب

ئوقۇش ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىنى ھەم ئىزدەنگۈچلەرنىڭ مەنىۋىي تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا ئاساس سالغان. ئۇنىڭ شەخسىي كۈتۈپخانىسى ئەينى چاغدا شىنجاڭدا قەشقەردىكى ئەھمەت زىياسى ئائىلىسى كۈتۈپخانىسى، چۆچەكتىكى مىر يۈسۈپ كۈتۈپخانىسى، ئىلىدىكى ھۈسەيىن تاران كۈتۈپخانىسى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ كۈتۈپخانىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۈچىنچى، ئىنقىلابىيلىق جەھەتتە. ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىيلىق جەھەتتىكى تۆھپىسىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن خۇلاسىلەش مۇمكىن.

‹1› ئىنقىلابنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇرغۇنلىغان يالقۇنلۇق مۇنەۋۋەر شېئىرلانى يېزىپ، خەلقنى ئىنقىلاب قىلىشقا ئۈندەش بىلەن بىرگە يەنە، **1931**-يىلى قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئىنقىلاب كۆتۈرۈلگەندە ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئەمىلىي ياردەملەردە بولغان. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ئاكىسى جامال سەيپۇڭ ئۆز دەۋرىدە موسكۋا قاتارلىق چەتئەل شەھەرلىرىنى كۆرگەن ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولۇپ، ئۇ ھەج سەپىرىدىن قايتقاچ موسكۋانى ئايلىنىپ ئۆتەشىدە ئائىلە كىنو ئاپاراتى قاتارلىق بىر قىسىم زامانىۋى يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر قېتىم تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە چىققاندا ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، جامال سەيپۇڭغا، خوجىنىياز ھاجىغا غەنىيمەت ئېلىنغان زامانىۋى قورالارنى رىمۇنت قىلىدىغان بىر ئۇستا مېخانىكنى تېپىپ ئەۋەتىپ بېرىش مەسلىھەتىنى سالغان ھەمدە بىر تاتار مېخانىكنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىش ھېسابىغا، ئۇ مېخانىكنى قۇمۇلغا-خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا يولغا سالغان.

‹2› ئىنقىلابقا تەشكىلچانلىق قىلىش ۋە بىۋاستە قاتنىشىش. ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **1931**-يىلى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، **14** كىشىلىك ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەم ئۆزى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ تەشكىللىگۈچىسى، تەرغىباتچىسى، ھىمايە قىلغۇچىسى بولۇپ قالغان. بۇ تەشكىلات ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار ئىدىيلىرى ۋە ئۆتكۈر شېئىرلىرىنىڭ ياردىمىدە ساغلام تەرەققى قىلغان، كېڭەيگەن، ئىنقىلابىي ئىدىيلەرنى مۇۋاپپىقىيەتلىك تارقىتىپ، ئىنقىلاب يالقۇنىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە تۇتاشتۇرۇشقا، ئىنقىلابنى خەلقچىلىققا ئىگە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. ئىنقىلاب يالقۇنى تۇرپان رايونىغا تۇتاشقاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىشقا چاقىرىپلا قالماستىن، ئۆزىمۇ قولىغا قورال ئېلىپ، بىۋاستە جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغان ھەم شۇ يولدا مەرتلەرچە قۇربان بولغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىشقا چاقىرىش ۋە ئۆزى بىۋاستە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، مەرتلەرچە قۇربان بولۇش جەريانى ئاكىسى ئابدۇساتتار ھاجى ئابدۇراخماننىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**1932**-يىل **12**-ئاينىڭ باشلىرى قاتتىق سوغۇق بولىۋاتقان قىش كۈنلىرى ئىدى. مەن ئۇ

چاغلاردا ئۇن ياشلارغا كىرىپ ئەقلىمنى تېپىپ قالغان چېغىم بولغاچقا، ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتىم. بىر كۈنى تۇرپان يېڭى شەھەرگە ‹پىچانغا قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇدەك› دېگەن گەپ تارقالدى. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئابدۇخالىق ئاكام ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتىلارنىڭكىگە كەتتى.

ئۇ يەردىن ئەتىسىلا قايتىپ كېلىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۆيدىن ئەتىگىنى چىقىپ كەتسە، ئاخشىمى كەچتە كېلەتتى، بەزىدە ئاپاملارنى ئەنسىرىتىپ ئۆيگە كەلمەيتتى. بەزى كۈنلىرى بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيىدە ئولتۇرۇپ نېمىندۇر مەخپىي پاراڭلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىز ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ-تارتىپ قالساق، ›مېڭىڭلار، پەسكە چۈشۈپ ئويناڭلار‹ دەپ بىزنى چۈشۈرىۋېتەتتى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ‹ھېسامىدىن باي يامۇلدىن 70 تال قورال ئەپچىقىپتۇدەك› دېگەن گەپ بولدى .شۇنىڭ بىلەنلا پۈتۈن تۇرپان تەۋرەپ كەتكەندەك بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ھۈنەرۋەن-كاسىپ، ئوقەتچىلەر ۋە شەھەر ئائىلىسىدىن تارتىپ باغرى، بويلۇق، يار، چاتقال، تۇرپان، قىر، يەمشى، قوشدۆڭ تەرەپلەردىن كەلگەن دېھقانلار ئورغاقلىرىنى تۈزلەپ قىلىچ ياساپ، تاياق-توقماق بىلەن قوراللىنىپ يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى. ئەتىسى ئاكامنى ‹مەخسۇتباي چاقىرىۋاتىدۇ› دەپ ئادەم كېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئاكام كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى.

ئىككىنچى كۈنى چاي ۋاقتى ئىدى، ئابدۇخالىق ئاكام ئېغىلدىكى ئاتنى توقۇپ، كىچىك ئاكام ئابدۇقەييۇمنى چاقىرتتى.

-مانا قۇرال، ئالغىن،-دەپ ئابدۇخالىق ئاكام كىچىك ئاكامغا يانچۇقىدىن بىر تاپانچىنى چىقىرىپ سۇندى.

ئابدۇقەييۇم ئاكام ئابدۇخالىق ئاكامنىڭ قولىدىن تاپانچىنى ئالدى. ئابدۇخالىق ئاكام ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ:

-ئاتقا مىن، جەڭگە ئاتلان! مېنىڭ ئۇكام بولساڭ، ھەرگىز ئارقاڭغا يانما !دۈشمەننى تولۇق يوقىتىپ غەلىبە بىلەن قايتقىن!-دېدى.

بۇ تورۇق ئات مىجىت ھاجى دادامدىن قالغان ئارغىماق نەسىللىك ئات ئىدى. بۇ ئاتنى ئائىلىمىزدە ئابدۇخالىق ئاكامدىن باشقا ھېچكىم مىنمەيتتى. ئابدۇقەييۇم ئاكام چاپچىپ ئۆرەنلەپ تۇرغان ئاتقا ئەپچىللىك بىلەن مىندى-دە، ئاتنى چاپتۇرغان پېتى جەڭگە چىقىپ كەتتى. كۈن پېتىش قۇۋۇق تەرەپتىن پاڭىلداپ مىلتىق ئېتىلىپ، بەزىدە ئۆگزىدىن ۋېژىلداپ ئوقلار ئۇچۇپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئاكام تاقەتسىزلىنىپ ھويلىنىڭ ئىچىدە قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئارىدىن ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ ئابدۇقەييۇم ئاكام قايتىپ كەلدى.

-نېمشقا قايتىپ كەلدىڭ؟-دەپ سورىدى ئابدۇخالىق ئاكام ئاچچىقى بىلەن. ئابدۇقەييۇم ئاكام قولنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ سول قولى قان ئىدى .ئابدۇخالىق ئاكام يانچۇقىدىن قول ياغلىقنى چىقىرىپ يىرتىپ، ئابدۇقەييۇم ئاكامنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان قولىنى تېڭىپ قويىدى. ئابدۇقەييۇم ئاكام ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

كەچقۇرۇنغا يېقىن ئۇق ئاۋازى شالاڭلاپ، ئاندا-ساندا يىراقلاردا ئاڭلىنىپ، نامازدىگەردە پۈتۈنلەي توختىدى. كۈن بىلەن تەڭ ئابدۇقەييۇم ئاكام ئۇستى-بېشى توپا-چاڭ باسقان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئاكام دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

-قانداق بولدى؟

-چېرىكلەرنى ئۇرتوقماق-سۇرتوقماق قىلىپ قوغلاپ يۈرۈپ، قاچقاننى مىلتىق بىلەن ئېتىپ قىرىپ تۈگەتتۇق، -دېدى ئابدۇقەييۇم ئاكام.

ئابدۇخالىق ئاكام بۇنى ئاڭلاپ بەك خوش بولۇپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئابلا رەئىس كېلىپ ئابدۇخالىق ئاكامنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش شتابى جايلاشقان مەدرىسىدە ئۇنى ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن مەخسۇت مۇھتى، ماشىمچىلارنىڭ كۈتۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى بىرگە ئېلىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئاكام شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە كەلمىدى. ئاتام، ئاپاملار ئەنسىرەپ بىزنىڭ ھارۋىكىشىمىز ئايۇپ ئاكىنى مەدرىسكە ئەۋەتتى. ئايۇپ: ‹ئابدۇخالىق شويىنى قوزغىلاڭچىلارغا سەنمۇجاڭ قىپتۇ .ئىشى بەك ئالدىراش ئىكەن، ئۆيگە بارالمايمەن› دېدى دەپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئاكام ئۆيگە كەم كېلىدىغان بولدى. كەلگەن چاغدىمۇ ئازراقلا ئولتۇرۇپ يەنە چىقىپ كېتەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ قوزغىلاڭچىلار تۇرپان كونىشەھەرنىمۇ ئالدى.

1933 -يىلى 2-ئاينىڭ بېشىدا شاڭ شىسەي قوشۇنى تەرەپتىن تۇرپانغا باستۇرۇپ كەلدى. ئادەم تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى. ئاپام، ئانام ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار جەم بولۇپ ئاتنى تەييارلاپ ئابدۇخالىق ئاكامغا ‹شەھەردىن چەتكە چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدۇ› دەپ كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئابدۇخالىق ئاكام ئۇنداق سۆزلەرگە بىرەر ئىپادە بىلدۈرمەي قاپىقىنى تۈرگەن پېتى گەپ قىلمىدى.

ئانام يىغلاپ تۇرۇپ « ‹دەرھال ئاتقا مىنىپ چىقىپ كېتىڭ› دېگەندە ئابدۇخالىق ئاكام:

-مەن ئوغۇل بالا. ئوغۇل بالا ئەل-يۇرتنى تاشلاپ قاچمايدۇ. مەن قېچىپ كەتسەم ئەل-يۇرت، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنى دۈشمەن قىيناپ جازالايدۇ. مەن نېمە بولسام ئەل-يۇرت، خەلق بىلەن بولىمەن. خەلقتىن ئايرىلمايمەن.- دەپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئابدۇراخمان قارى، ئابدۇمېيىن ھاجى، لاۋسۇڭلارنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى كەتمەي قېپقالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي رۇزى موللا قاتارلىقلارنىڭ مەلۇمات بېرىشى بىلەن شاڭ شىسەي ئابدۇخالىق ئاكام بىلەن بىرگە 400 دىن ئوشۇق بىگۇناھ

ئادەمنى قاماققا ئالدى.

ئابدۇخالىق ئاكامنى تۇرپان كونىشەھەردىكى زىندانغا قامدى. مەن ئانام ئەرەمسىما ھاجى بىلەن كۈندە ئاكامغا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتىم.

1933 -يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ھاۋا تۇتۇق، ئاسماندىن تۇپا يېغىپ تۇراتتى. مەن ئانام بىلەن ئېشەكلىك ئەتىگەندىلا كونىشەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپ، ئابدۇخالىق ئاكامغا تاماق ئېلىپ باردۇق. بىزنى كونىشەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن چېرىكلەر توسۇپ كىرگۈزمىدى. كوچىدا مىلتىق كۆتەرگەن، قىلىچ ئاسقان چېرىكلەر ئالدىنقى كۈنلەردىكىدىن جىق ئىدى. بىز ئېلىپ كەلگەن تاماقنى ئامبالنىڭ كاتىپى ئابدۇل جەگەن دېگەن ئادەمگە بېرىپ قويۇپ كەينىمىزگە ياندۇق. بىردەمدىن كېيىن كوچىلارغا ئادەملەر توشۇپ كەتتى. گوباڭ دېگەن خەنزۇنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئۇ ئانامنى ھويلىسىغا چاقىرىۋالدى. ئانام گوباڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. مەن يوچۇقتىن قارىسام كوچىدا مىلتىق-قىلىچ ئاسقان ئەسكەرلەردىن باشقا ئادەم يوق، ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى.

بىردەمدە كوچىدىن يېڭىشەھەر تەرەپكە ماڭغان ئەسكەرلەر ئۆتۈپ بولدى. بىز چۈشكە يېقىن ئانام بىلەن ئۆيگە قايتتۇق .يېڭىشەھەرگە بارساق كۈن چىقىش دەرۋازىدا ئورۇس ئەسكەرلەر تۇرۇپتۇ، بىزنى كىرگۈزمىدى. بىز شەھەرنىڭ جەنۇبى بىلەن ئايلىنىپ كەچقۇرۇن ھېرىپ-ئېچىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگە ‹ياڭ زىخۇي 17 ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ› دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. ئانام ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

مەن ‹ئابدۇخالىق ئاكام قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟› دەپ يۈگۈرۈپ، شەھەر ئىچىگە-بۇتنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كوچىنىڭ بېشىدا تۆت ئورۇس ئەسكەر مىلتىق تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بۇتنىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيدان قانغا بويۇلۇپ كېتىپتۇ. ئىككى-ئۈچ چامدامدا بىر ئۆلۈك قانغا بويالغان ھالدا يېتىپتۇ. ھەر بىر ئۆلۈكنىڭ يېنىدا بىر ئەسكەر قوراللىق تۇراتتى. مەن قانغا بويۇلۇپ ياتقان جەسەتلەرگە سەپسېلىپ، جان-جىگەر ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گەۋدىسى ۋە يوغان بېشىدىن ئۇنى تونۇۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم.

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى جاللاتلار ئاكامنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تونۇغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ! ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان تۆمۈر ھاجىنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى يۇلۇۋاپتۇ! نەمتۇل ھاجىنىڭ كۆزىنى ئويىۋېتىپتۇ !مەن ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئۆيگە كېلىپ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاناملارغا يەتكۈزدۈم. ھويلىنىڭ ئىچى يىغا-زارىغا چۆمدى«...

4 .ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى بەزى خاتا چۈشەنچىلەر

بىرىنچى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دىنغا بولغان قارىشى توغرىسىدىكى تەھلىللەردىكى خاتالىق.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى روشەن بىر خاھىشچانلىق، ياڭ زېڭشىنىڭ دىننى سۇيىئىستىمال قىلىپ، خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇش سىياستىنى (ياڭ زېڭشىڭ 1923-يىلى 1-ئاينىڭ 4-كۈنى ناھىيە-ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا بەرگەن بىر مەخپىي يوليورۇقىدا مۇنداق دېگەن: «يېقىندىن بېرى جايلاردىكى ئەمەلدارلار دىنغا قارىتا كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتۇپتۇ ھەمدە سەۋەبسىزلا ئاخۇنلارنى ئالماشتۇرۇش، تۈرلۈك باھانە-سەۋەب بىلەن جازالاش ئىشلىرى كۆرۈلۈپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنداق قىلىش خەلقنىڭ رايىغا توغرا كەلمەيدۇ. چەنتۇيلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش، ئاخۇنلارنى ھۆرمەت قىلىشى ئۇلارغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت. ئۇلارنىڭ نادانلىقىمۇ مۇشۇنىڭدا. ئەگەر چەنتۇيلار دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان، ئاخۇنلارنى ھۆرمەت قىلمىغان بولسا، ئۇلار ھېچنېمىدىن ھەزەر ئەيلىمەيتتى-دە، ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بىلەن باشقۇرۇش تەسكە چۈشەتتى... كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۆزگەرتمەي قارىتىپ، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەمەلدارلارنىڭ دىندىن پايدىلانغىنى، خۇيزۇ-چەنتۇيلارنىڭ كىتابنامىلىرىگە ھۆرمەت قىلغىنى تۈزۈك») ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ناچار ئىجتىمائىي مۇھىتنى؛ دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان، ئىسلاھاتچىلىققا، ئىلىم-پەنگە، مەرىپەتكە، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتكە قارىشى تۇرۇپ، كونىلىقنى، خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق خەلقنى غەپلەتتە، بىخوتلۇقتا، نادانلىقتا قويۇپ جان باقىدىغان بىر تۈركۈم مۇناپىق موللا-ئىشانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى مەقسەد-مۇددىئالىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شائىرنىڭ شېئىر ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى ئاشكارىلىشىدىن ئىبارەت.

بىراق، بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى توغرىسىدىكى تەھلىللەرگە ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا قارايدىغان بولساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئىدىيە بۇرمىلىنىپ، شائىرنى دىنغا قارىشى تۇرىدىغان ئاتېزىمچى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. ئەمىلىيەتتە بىز سوغۇققان بولۇپ ھەم بىر تەرەپلىمە سىياسىي پىكىر رامكىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قارىشى تۇرغىنى دىننى سۇيىئىستىمال قىلىۋالغان خۇراپاتلىق ئىكەنلىكىنى، ھېچقاچان ساغلام دىنىي ئەقىدىگە ۋە خەلقنىڭ نورمال دىنىي ھېسسىياتىغا قارشى ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيمىز .بىزنىڭ بۇ قاراشلىرىمىز تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك ئاساسقا ئىگە:

‹1› بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىغا ئەتراپلىق نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭدا ئەل سۆيگەن ساغلام ئەقىدىلىك بىرەر دىنىي ئۆلىمانى ياكى خەلقنىڭ نورمال دىنىي ئېتىقادى ھەم دىنىي ھېسسىياتىنى تەنقىدلەش ئوبىيكتى قىلغان كۇبلېت ياكى مىسرالارنى ئۇچۇرتالمايمىز.

‹2› ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان ئائىلىۋى مۇھىت ۋە مىللىي مۇھىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شائىر قويۇق دىنىي تۈس ئالغان ئائىلىدە ھەم جەمئىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ

دادىسى ئۆز دەۋرىنىڭ جاھان كۆرگەن ئۆقۇمۇشلۇق كىشىسى ھەم تەقۋادار دىنىي زات بولۇپ، شائىر ئۆز دادىسىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ھەم دىنىي پائالىيىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شائىر ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ياكى ئۆزى ياشىغان دەۋردە ياشىغان ئەلشىر نەۋائى، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىگە ئوخشاش بىر قىسىم ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن قوراللانغان ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. ئۇنىڭ مەكتەپ قۇرۇشى ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملەردە بولغان كۆپلىگەن كىشىلەرمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك دىنىي زىيالىيلىرىدۇر.

‹3› ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەربىيىنىش تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى دىنىي مەدرىسىدە چىقارغان ھەم ئەرەب-پارس تىلىنى شۇ يەردە ئۆگەنگەن بولۇپ، بەلگۈلۈك دىنىي ساۋادقا ئىگە. يەنە كېلىپ شائىر بەزىدە دادىسىغا ئەگىشىپ، بەزىدە يالغۇز ھالدا مەسچىتكە بېرىپ جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ كېلىدۇ. بۇ ھال مەرھۇم يازغۇچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىشارەتلەنگەن: «ھە راست، بۈگۈن جۇمە، ئاتىسى بىلەن بىللە جۇمەگە كەتتىمۇ-يا!؟» (مەزكۇر ئەسەر 2-بەت).

‹4› ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىدىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر ئىنقىلاب ئۇتتىنى تارقاتقۇچىدۇر. بىز ئۇنىڭ دەۋر رېئاللىقىغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە چۈشەنچىسىدىن چىقىپ ئويلىغىنىمىزدا، شائىر، ئەينى دەۋر مۇھىتىدا ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ دىنىي ئېتىقادنى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلماي تۇرۇپ، دىنغا قارشى نۇقتىنەزەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرەر ئىنقىلابنى قوزغىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئىلگىرىكى ئىنقىلابلارنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ ئالدى بىلەن دىنىي ئاڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى، دىننىڭ قوزغىتىش كۈچىدىن ئايرىلغان ئىنقىلابنىڭ مۇتلەق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا تەسىر قىلغان ئاساسىي ئىدىيە ۋە شەخسلەر جەھەتتىكى خاتالىق.

ھازىرغىچە، مەيلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردا بولسۇن، مەيلى ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختالغان ماتېرىياللاردا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە شائىرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، »ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيىسىگە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە جۇڭگودىكى شىنخەي ئىنقىلابى، 4-ماي ھەرىكىتى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرى ھەمدە پوشكىن، لېرمونتوۋ... قاتارلىق رۇس شائىر-يازغۇچىلىرى بىلەن لۇشۈن قاتارلىق خەنزۇ يازغۇچىلىرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باشقا مەنبەلەر تىلغا ئېلىنمىدى ياكى ئاز ھەم يۈزەكى تىلغا ئېلىندى. ئەمەلىيەتتە راست شۇنداقمۇ؟

بىز ئەستايىدىل ئىزدەنسەك، بۇنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇقۇم بىر سىياسىي خاھىش ئۈستىگە قۇرۇلغان مەقسەدلىك تەھلىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋپ يېتەلەيمىز.

ھازىرقى ئەمىلىيەت شۇكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيسىگە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە جۇڭگودىكى شىنخەي ئىنقىلابى، 4-ماي ھەرىكىتى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرى ھەمدە پۇشكىن، لېرمونتوۋ... قاتارلىق رۇس شائىر-يازغۇچىلىرى بىلەن لۇشۇن قاتارلىق خەنزۇ يازغۇچىلىرى بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئاساسىي ئامىل ئەمەس.

بىز بۇ ھەقتە ئەتىراپلىق ئىزدەنگەن ۋە تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيسىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسىي ئامىل ئۇرخۇن ئابىدىلىرى ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ تېپىلىشى ھەم دۇنيا تۈركىلوگىيە ساھەسىدىكى يىتۈك ئالىم، رۇس تارىخشۇناسى بارتولدى، تۈركىيەلىك مەشھۇر ئالىم ھەم جامائەت ئەربابى زىيا كۆك ئالىپ، مەشھۇر تاتار تۈركىلوگى ئا.زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق دۇنيا تۈركىلوگلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن زور تارىخشۇناسلىق مۇۋاپپىقىيەتلىرى ئاساسىدا، تۈركىي مىللەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن مىللىي ئىپتىخارلىق ھەم مىللىيلىككە قايتىش ھەرىكىتى؛ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا ھەم ئاناتولىيەدە يۈز بەرگەن ئىسلامىي ئويغۇنىش يۈزلىنىشى، ئانادولىيە تۈركلىرى ھەم تاتارلاردىن باشلانغان «جەدىتچىلىك» - ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق رايونىمىزغا سىڭىپ كىرىشى شۇنداقلا رايونىمىزدىن ياۋروپا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە چىقىپ، ئۇ يەرلەردىكى تەرەققىياتنى ۋە ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى مىسىر، ھىندىستان، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىگە چىقىپ، ئۇ يەردىكى ساپ ئىسلام ئەقىدىسىنى ۋە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر تۈركۈم سودىگەرلەر ھەمدە دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۇ يەردىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى دىيارىمىزغا تۈرلۈك شەكىلدە تارقىتىشى شۇنداقلا تاتار ۋە تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ يەتتە سۇ ۋە دىيارىمىز ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشى، ئابدۇلا توقاي، ھادى تاقتاش، غاسپىرالى، مۇسا جارۇللا قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى، ئۆزىمىزنىڭ قېنىدا موگۇل ئىستىلاسىدىن بۇيان بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا ساقلانغان ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت گېنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋىي تۇرمۇش شەكلى بىلەن مەدەنىيەت نۇقتىنەزىرىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئاڭ ھەرىكىتى، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇللا رۇزى باقىيېۋ قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مىللىي بارلىق ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيسىگە بىرقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەردىن قارىغاندا، تاتارلارنىڭ مۇنەۋۋەر شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان مەشھۇر تارىخچى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتلەردۇر. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇللا توقاينىڭ ئىدىيسىگە كۈچلۈك ئۇچۇراپلا قالماستىن يەنە ئۇنىڭ

شېئېرلىرىغا تەقلىد قىلىپ »ئويغان« غا ئوخشاش چاقىرىق ۋە ئويغۇتۇش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان مۇنەۋۋەر شېئىرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، قىسمەن تاتارچە شېئېرلانىمۇ يازغان. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) نىڭ تەسرىدە مىللىتىمىزنىڭ مىللىي نامى، ئېتنىك تەركىبى ۋە مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىگە «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

ئۈچۈنچى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيسىگە تەسىر قىلغان ئاساسىي ئامىللار تەتقىقاتىدا «سەنمىنجۇيى» (سۇنجۇڭشەننىڭ «ئۈچ مەسلەك» ئى) نىڭ ئورنى ئالاھىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈ ـ ۋېتىلگەن ھەم ئۇ بىر مۇتلەق توغرا ئىدىيە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «ئۈچ مەسلەك» جۇڭگونىڭ دۆلەت ئاتىسى بولغان سۇن جۇڭشەن تەرىپىدىن **1911**ـ يىلى ئوتتۇرغا قويۇلغان پىروگىراممىا خارەكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى «خەلق ھوقۇقى، خەلق تۇرمۇشى ۋە مىللەت» تىن ئىبارەت. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ «ئۈچ مەسلەك» ئى نىڭ **1**ـ ۋە **2**ـ نۇقتىسىدا خەلقچىللىقنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، **3**ـ نۇقتىسىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا خەن مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى بازارغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ قارىشى تۇرۇش ۋە ئاغدۇرۇش نۇقتىسىنى دۆلىتىمىزدە **2**مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىق تۈزۈمگە ۋە چىرىپ كەتكەن چىڭ خاندانلىقىغا قاراتماستىن، كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولغان مانجۇ مىللىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا قاراتقان. مانجۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن ئادەتتىكى مانجۇ خەلقىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، «مانجۇلارنى يوقۇتۇپ، ياتلارنى قوغلاپ چىقرايلى» (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ **2**ـ يىللىقىنىڭ **1980**ـ يىللاردىكى تارىخ دەرسلىكى (دەپ كۆرسەتكەن. بۇ شۇئار جۇڭگودا يېڭى مىللەتچىلىك دولقۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولۇپ، شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمران مىللەت بولغان مانجۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىنىشىنى ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، ئۆز مەدەنىيىتى ھەم تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، سۇن جۇڭشەننىڭ »ئۈچ مەسلەك« ئى سېپى ئۆزىدىن ساغلام بولمىغان ئىدىيە بولۇپ، ئۇنى ھەر تەرەپتىن توغرا ۋە ساغلام ئىدىيە دەپ جۆيلۈش ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلىكتۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئىدىيەنى ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈكسەك دەرىجىدە دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قارىقۇيۇق قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ئەتراپلىق ئويلانساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئېرلىرىدا تىلغا ئالغان «ئۈچ مەسلەك» تەشەببۇسىنىڭ پەقەت ئۇنىڭ خەلقچىلىق قىسمىلا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

## 5 .ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىزدىن ئايرىلغىلى بۇ يىل توپتوغرا **80** يىل بولدى. مۇشۇ **80** يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن كىشىلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، نەشر قىلدۇرۇش ۋە شائىر توغرىسىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ھەم خاتىرلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللاندى ياكى مۇشۇ يولدا كۈچ چىقاردى.

مەن تۆۋەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تۇنجى بولۇپ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش جەھەتتىن كۈچ چىقارغان كىشى رۇزى قادىرى بولۇپ، ئۇ ـ**1947**يىلى **6**ـئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دا شائىرنىڭ «باردۇر»، «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرلىرىنى ۋە شائىرنىڭ يېقىن دوستى ئەكبەرخاننىڭ ئوغلى مەھمۇت ئەكبەر تەرىپىدىن ساقلاپ قېلىنغان «باقى ئاكىنىڭ دەردى» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇردى. مەھمۇت ئەكبەر **1956**ـيىلى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى توپلام قىلىپ شۇ چاغدىكى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تاپشۇرغان بولسىمۇ تۈرلۈك توسالغۇلار سەۋەبىدىن ئېلان قىلىنمىدى . ـ**1978**يىلدىن كېيىن تارىخچى تۇرغۇن ئالماس ۋە ئەرشىدىن تاتلىق، پەتتارجان مۇھەممەدىلار ۋەكىل بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى توپلاش ھەم نەشر قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرغا قويدى ھەم مەھمۇد ئەكبەر، ئابدۇراخمان باقى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە شائىرنىڭ **70** پارچىگە يېقىن شېئىرلىرىنى رەتلەپ، «تارىم»، «بۇلاق» ژۇرناللىرىدا ھەم «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدۇرۇپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. **1986**ـيىلى »شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى. تۇرپاندا **1987**ـيىلى **5**ـئاينىڭ **13**ـكۈنىدىن **17**ـكۈنىگىچە بەش كۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ **1985**ـيىلى بەرگەن تەكلىپىگە ئاساسەن، بىر يىلدىن ئارتۇق جىددىي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلمىنىڭ **86** يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ **54** يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى .پائالىيەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يىغىنغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گۇرۇپپا باشلىقى ئابدۇشۈكۈر تۇردى (ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر

ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى يۇسۇپ ئەيسا (تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى)، ئابلىز نازىرى )ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى) قىلىپ بېكىتىلدى. يىغىنغا 80 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.40 پارچىغا يېقىن ماقالە يىغىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئوقۇپ ئۆتۈلدى شۇنداقلا ئىمىن ئەخمىدى، ئىسمائىل تۆمۈرى قاتارلىق يولداشلار تەرىپىدىن 27 پارچە ماقالە تاللىنىپ، 1988-يىلى «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى «دېگەن ماۋزۇدا ئايرىم بىر كىتاب قىلىنىپ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» دا نەشر قىلىندى. 1987-يىلى 8-ئايدا يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر-«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق قىسسەنى يېزىپ، «شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. كېيىن يەنە مۇھەممەت شانىياز ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كەلگۈسىنىڭ شائىرى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقىمىز بۇ ئوت يۈرەك شائىرنى كەڭ كۆلەمدە تونۇش ھەم ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار: 1. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى». ئىمىن ئەخمىدى، ئىسمائىل تۆمۈرى. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1988-يىل 5-ئاي -1نەشرى، 10-ئاي 1-بېسىلىشى.

2 . «بالدۇر ئويغانغان ئادەم». خېۋىر تۆمۈر» .شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» 1987-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 8-ئاي -1بېسىلىشى.

3 .«مەمتىلى ئەپەندى». مىرەھمەت سېيىت، يالقۇن رۇزى، ئابلىكىم زوردۇن. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى» 1997-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 1998-يىلى 2-ئاي -2بېسىلىشى.

4 .« ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى». مەھمۇت زەيدى، مەھمۇت ئەكبەر، ئىسمائىل تۆمۈرى. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1986-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 1988-يىلى -7ئاي 2-بېسىلىشى.

5 .«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى». نۇمەھەمەت زامان. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1988-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.

6 .« بۈگۈنكى زامان ئىسلام-ئەرەب پەسەپىسى». تەرجىمە قىلغۇچى ئابدۇللاجان كېرەم. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2003-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.

مەنبە: قەلەمىم

# « ئەتەبەتۇلھەقايىق » داستاندا ئىپادىلەنگەن

# ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى قاراشلار

## غاپپار روزى

"ئەتەبەتۇلھەقايىق" ("ھەقىقەت ئىشىكى") قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يىتۈك شائىر ۋە فازىل ئالىم ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك مەشھۇر داستانى .

داستان مەزمۇن جەھەتتىن ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن شېئىرىي ، خاراكتېر جەھەتتىن دىداكتىك ، ئۇسلۇب جەھەتتىن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبىنى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى نامايان قىلغۇچى "قۇتادغۇبىلىك"نىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىنى ئۈلگە قىلىپ ، ساپ قەشقەر (خاقانىي) تىلىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان 14 بابلىق 2 ، 484 مىسرالىق 3 ، قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقا دەۋرىدىكى كۆنسېرى گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر ـ ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچرىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك داستان .

داستاننىڭ ھازىر ئىستانبولنىڭ ئاياسوٗفيە كۇتۇپخانىسى بىلەن توپقاپى ساراي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسقىسى : قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇ قۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسقىسى : نوقۇل ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسقىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل نۇسقىسى بار 4 .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز داستانىنى "تۈركىي كىتاب" 5 دەپ ئاتىغانىدى . ئەسەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن ، داستاننىڭ نۇسقىلىرىغا بېرىلگەن نامغا ئاساسەن "ھىبەتۇلھەقايىق" ("ھەقىقەتلەر سوۋغىسى") دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن ، ئەمما كېيىن ئەسەرنىڭ نۇسقىسى نۇسقىلىرىغا قارىغاندا كونىراق ھەم مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن "ئەتەبەتۇلھەقايىق" دەپ ئاتاش داستان مەزمۇنىغا ھەم باب ھەم ئۇيغۇن كەلگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نام ئىلگىرىكى كونا ناملىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلمىي ، كونكرېت ، جەلبكارلىقى كۈچلۈك بولغان . شۇڭا ئەسەر ھازىر ئىلىم دۇنياسىدا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىنمەكتە .

داستان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ كىتاب يېزىش ۋە ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتىغا خاس ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئالدىنقى تۆت بابى ـ كىرىش قىسمى (ياكى ھەمدۇ ـ سانا قىسمى)نى ، كېيىنكى 10 بابى ئاساسىي مەزمۇن قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ .

داستانىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى ۋە تېماتىك مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، داستان مەزمۇن ۋە خاراكتېر جەھەتتە پەلسەپۋى ھەم دىداكتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، شۇڭا ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيۋى مەزمۇن ئابستراكت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە گەۋدىلەنگەن . ئوبيېكت كۆپرەك مېرىكىلىق يول بىلەن سۈرەتلەنگەن . مۇئەللىپنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ، ئەخلاقىي ، پەلسەپۋى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بولغان تۈتاش كەتكەن ۋەقە لېنىيىسى ، ئۆتكۈر توقۇنۇش ، كونكرېت سالاھىيەتلىك شەخس ئوبرازى يارىتىش قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە شەكلى ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى داستاندا ئاساسلىق سۈرەتلەنمەكچى بولغان تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە 10 چوڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىپادىلەنگەن . ماكرو جەھەتتە دېداكتىزم شەكلىنى ، كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوخشىتىش ، سىموۋۇللاشتۇرۇش ، سېلىشتۇرۇش ، مۇبالىغە ، كىنايە . . . قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەر بىلەن ئىسىم ۋە پېئىلگە ئائىت مەجاز ۋاستىلەر قوللىنىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ، پەلسەپۋى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى خۇددى ئە . ي . بېرتېلس بۇ داستان ئۈستىدە توختىلىپ : "ئەرەب ـ پارس شېئىرىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شەكىللەر داستاندا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ . بۇ شەكىللەرمۇ سخۇلاستىكا (مەدرىسە پەلسەپىسى ) دىن ئېلىنغان بولسا كېرەك ." 6 دېگىنىدەك ،ئىپادىلەشتە فولكلور ، تەجنىس ، تۇيۇق قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەردىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى داستاندا يورۇتماقچى بولغان ئىجتىمائىي ، پەلسەپۋى پىكىرلىرى بىلەن ئېستېتىك چۈشەنچىلىرىنى نوقۇل ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى مەسىلىلەر قاتارىغا قويمايدۇ ھەم ئۇنى قۇرۇقتىن قۇرۇق سۆپەتلىمەيدۇ ، بەلكى رېئال ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپۋى مەسىلىلەر تېپىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، خېلىلا دېموكراتىك بولغان پىكىر ۋە قاراشلىرىنى داستاندا سىنتىز ھېسابلانغان ئىلىم ـ مەرىپەت پەزىلەت ساھىبى بولۇشتەك يېتەكچى مەزمۇنغا باغلاپ ھەم داستانىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈپ ، ئىلىم ـ مەرىپەت ساھىبى بولۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئىخچام شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ . كىشىلەرنى ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلەپ مەرىپەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ ، مەردلىك ، ئادىللىق ، كەمتەرلىك ، كەڭ قورساقلىقتا ئوخشاش ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيلەپ ، بۇنىڭغا

زىت ھالدا جاھىللىق ، نادانلىق ، خەسىسلىك ، ھەسەتخورلۇق ، يالغانچىلىق ، كاززاپلىقلىقا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى ئۆتكۈر يومۇرىستىك تىل بىلەن قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ . قىسقىسى ، داستاندا شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە تەسىرلىك مۇلاھىزىلىرى "قۇتادغۇبىلىك" داستانىدىكىدەك بەدىئىي ئوبراز ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنچىلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما "بىلىم ، ئەخلاق ، ئادالەت" چۈشەنچىسى لېرىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، ئابستراكت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە ئىپادىلەنگەن ، بۇ خۇددى قىزىل يىپتەك داستاننىڭ باش ـ ئاخىرىغا قەدەر تارتىلغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ، پەزىلەت قارشى ۋە تەرەققىپەرۋەرلىك سىمۋوللىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن روشەن گەۋدىلىنىپ ، پۈتكۈل داستانى جەۋاھىراتتەك جۇلالاندۇرغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلىك ئەخلاقىي پەزىلەت نورمىلىرىغا ئۇيغۇن بولمىغان مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ھەممە پەسكەشلىك ۋە رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان ناچار خاھىش ، ئىللەتلەرنى تەنقىدلىگەن .

داستاندا ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقىدەك رېئال ھەم تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مۇۋاپىق ، مەنتىقىسى كۈچلۈك ، پىكىرلىرىنىڭ پىشىقلىقى بىلەن بايان قىلىنىپ ، داستاننى تولىمۇ يۇقىرى ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلغاندۇر .

شائىر ، ئەدىب ئەھمەد داستاندا نۇقتىلىق قىلىپ "ئىلىم ، ئەخلاق ، ئادالەت" چۈشەنچىسىنى ئۆزگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن بەلگىلىك قىممەتكە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن بولسىمۇ ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەرىپەتلىك بولۇش ، ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىشتەك "ئىلىم ـ مەرىپەت" توغرىسىدىكى تەرەققىپەرۋەر ئىلغار قارىشى ئىلمىي مۇلاھىزە ، مەنتىقە شەكىللىرىنىڭ مۇۋاپىق ۋە كۈچلۈكلىكى بىلەن تەسىرلىك مىسرالاردا يارقىن ئىپادىلەنگەن . مانا بۇ شائىرنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئىلغار قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ھەم داستاننىڭ تېماتىك مەزمۇنىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغۇچى تېما ھېسابلىنىدۇ .

شۇڭا مەن ماقالەمدە ، بۇ خاس تېما ئۈستىدە سىنكرېتىك (ئارىلاشما) نۇقتىسىدىن ئەمەس ، بەلكى دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ھېس قىلغان ھەم ئىزدەنگەنلىرىم ئاساسىدا ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، پۈتۈن داستان مەزمۇنى ۋە خاس تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشنى كۆزدە تۇتماقچىمەن .

بىزگە مەلۇمكى ، شەرق مەدەنىيەت تارىخى ، چۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخى سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك ، قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر

ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ھەم گىنئال ئەسەر "ئەتەبەتۇلھەقايىق" داستانىنىڭ مۇئەللىپى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى خۇددى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن ئەبۇ نەسىر فارابى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد قەشقىرىدەك چەكسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە . شۇڭا شائىر ئۆز دەۋرىدىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىم ، يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىزىدىن مېڭىپ ، ھەم ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ بەدىئىي مېتود ، ئۇسلۇب ۋە ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى ، ئىلىم ـ مەرىپەت ، پەزىلەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى شەكىللەندۇرگەنىدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئېستېتىك غايىسى ، قاراشلىرىنىڭ ئىچىدە روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان ھەم كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە مەزمۇن "ئىلىم ـ مەرىپەت" بولۇپ ، بۇ شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي ، ئادالەت چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاساسىي سۈپىتىدە "ئەتەبەتۇلھەقايىق" داستانىنىڭ ئالتىنچى بابىدا ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ ، بۇ خاس تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىدۇ . ئۇ بىلىم ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئىگىلەشنىڭ خاسىيىتى ، بىلىمسىزلىك ، نادانلىقنىڭ ئېغىر زىيىنىنى روشەن سېلىشتۇرۇپ ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ . شۇنداقلا "ئىلىم ـ مەرىپەتلىك " بولۇشنى پەلسەپىۋىلىكى بىرقەدەر كۈچلۈك ، مەزمۇنى چوڭقۇر شېئىرى تىل ئارقىلىق ئىخچام ئىپادىلەپ ، تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى "ئىلىم ـ مەرىپەت" سىمۋولىدا يۈكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەم يۇقىرى باھالايدۇ .

شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك قاراشلىرى مۇجەسسەملەنگەن تەرەققىپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، تەھلىل قىلساق ، شۇ چاغدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتى غەربىي لياۋ ، چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرى تۈپەيلىدىن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار بىرقەدەر كەسكىنلەشكەن ، خانلىق زاۋاللىق گىردابىغا بېرىپ قالغان ، تىل جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى) ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچراشقا باشلىغان ، "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتالغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللىنىشكە باشلىنىۋاتقان بىر چاغ ئىدى . شۇ ۋاقىتتا ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەم قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان ئۇلۇغ ئالىم ،مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئىزىدىن مېڭىپ ، ئۇنىڭ تەرەققىپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىۋى تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، خانلىقنىڭ ئىچكى ـ تاشقى بوھرانىنى يەڭگىللىتىش ، قىسقىسى ، خانلىقنى ھالاكەت

گىرداىبدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا (ئىمتىيازلىق تەبىقە ئىچىدە ) يۈز بەرگەن ھوقۇق ، مال ــ دۇنيا تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش ــ جېدەل ، قىرغىنچىلىقلارغا ، ئىلىم ــ مەرىپەت ئورنىنى بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ، قاراملىق ئىگىلىگەن رەزىل ھالەتكە خاتىمە بېرىپ ، خانلىقنى ئوڭشاش ، جەمئىيەتتە مۇقىملىق ، خەلققە ئاسايىشلىق تۇرغۇزۇش لازىملىقىنى ھوشيارلىق بىلەن سەزگەنىدى . شۇڭا مەرىپەتپەرۋەر شائىر تۆۋەنتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە تەلپى بويىچە ھۆكۈمرانلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ئىلىم ئۆگىنىش ، مەرىپەتلىك بولۇش ، پەزىلەت تىكلەش ،ئەقىل ــ ئىدراك بىلەن ئىش كۆرۈش دېگەن ئىدىيىسى بىلەن ئىبستېتىك قارىشىنى خىتابەتلىك يوسۇندا ئۆزىنىڭ جاراڭلىق شېئىرى مىسرالىرى ئارقىلىق بايان قىلدى . ئۇنىڭ بۇ خىل تەرەققىپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىسى ئەينى دەۋردىكى قاراخانىلار جەمئىيىتى ئۈچۈنلا ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئەتراپتىكى فېئودال خانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭمۇ ئورتاق ئارزۇسى ۋە ئۇلۇغ ئىستىكى ئىكەنلىكى تولۇق ئىپادىلەنگەن .

شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى ، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئىلىم ــ مەرىپەت تەشەببۇس قىلىنغان دىداكتىك داستانىنىڭ ئەينى دەۋردىلا ئاۋام خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى ھەم زۆرۈر ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈشى ، كېيىنكى دەۋرلەردە مەسچىد ــ مەدرىسلەرنىڭ بىلىم تەھسىل قىلىش ،ئەخلاق نورمىلىرىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم ئوقۇشلۇقى قاتارىغا كىرىشى يۇقىرىقى نۇقتىنى جانلىق ئىسپاتلايدۇ .

شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلىدۇ . مەسىلەن :7

ئەسلىسى : 41 . بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمكە ئۇلا ،

بىلىگلىگكە يا دوست ئۆزەڭنى ئۇلا.

بىلىگ بىرلە بۇلنۇر سەئادەت يولى ،

بىلىگ بىل سەئادەت يولىنى بۇلا .

يەشمىسى : (سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن ،

ئەي دوستۇم ، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا ،

سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ ،

بىلىم ئال ، سائادەت يولىنى ئاچ .)

ئەسلىسى : 42 . بەھالىغ دىنار ئول بىلگىلىگ كىشى ،

بۇ جاھىل بىلگىسىز باھاسىز بېشى

يەشمىسى : (بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر ،

بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز ياماقتۇر .)

ئەسلىسى : 43 .سۆڭۈككە يىلىگ تەگ ئەرەنكە بىلىگ ،

ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭۈكنىڭ يىلىگ .

بىلىگسىز يىلىكسىز سۆڭۈك تەگ ھالى ،

يىلىگسىز سۆڭۈككە سۇنۇلماز ئەلىگ .

يەشمىسى : (ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە ئىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ ،

ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا ، سۆڭەكنىڭ ئىلىكتۇر .

بىلىمسىز (كىشى) ئىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ ،

(ھالبۇكى) ئىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزارتمايدۇ .)

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئەدىب ئەھمەد پاساھەتلىك خەلق تىلىدىن ، فولكلوردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىنى جانلىق ، چۈشىنىشلىك قىلىپ ، ئىلمي يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتىرىپ شەرھىيلىگەن . بىلىم ـ ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ بېشى ، سۆز ـ نۇتۇقنىڭ ئاساسى ، بىلىمسىزلىك نادانلىقتۇر ، بىلىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئىش ۋۇجۇدقا چىقماس ، بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك شۇنىڭدا بولۇر ، بىلىم بەخت ـ سائادەت يولىنى ئاچقۇچى تۈگمەس بايلىق . ئادەمدە بىلىم بولغاندا ھەرقانداق قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ غەلىبىسېرى ئالغا قاراپ ماڭغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ـ بىلىمگە ئۆزىنى باغلاپ ، ئۆگىنىش ھەم ئۇنى تىرىشىپ ئىگىلەش لازىملىقى پەلسەپىۋى نۇقتىسىدىن تەسىرلىك چۈشەندۈرۈلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز كىشىنى روشەن

سىلىشتۇرۇپ ، ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن دەل جايىدا پايدىلىنىپ بىلىملىك كىشىنى خۇددى قىممەتلىك دىنارغا ، بىلىكلىك سۆڭەككە ، بىلىمسىز نادانلارنى قىممەتسىز ياماققا ، بىلىكسىز كاۋاك سۆڭەككە ئوخشىتىدۇ . بۇنى باشقىچە تەسۋىرلىسەك ، بىلىملىك كىشى نۇر چاقناپ تۇرغان گۈزەل لاتاپەتكە ، بىلىمسىز كىشى خۇنۇك ، كۆزى ئوچۇق كورغا ئوخشىتىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ . مانا بۇلار ، داستان مۇئەللىپىنىڭ جەمئىيەت ، ئىنسان ، بىلىم ، پەزىلەت توغرىسىدىكى ئېستېتىك قارىشى بولۇپ ، شائىر قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان يالقۇنلۇق مەرىپەت ئىدىيىسىنىڭ شېئىرى تىلىدىكى خىتابىدۇر .

شائىر ئەدىب ئەھمەد ئۆز دەۋرىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن ، مەۋجۇد بىلىملەردىن تولۇق خەۋىرى بار فازىل ئالىم ئىدى . شۇڭا ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر ، بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن ، خەلقىنىڭ باي ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىدىن ، ئوخشىتىش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ، سېلىشتۇرۇش ، كىنايە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ھەم ئۇنۇملۇك قوللىنىپ ، شېئىرىي مىسرالىرىنى مەزمۇنلۇق ھەم تۇيغۇلۇق پەللىگە كۆتەرگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن داستاندا بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىك تولىمۇ ئېنىق ۋە روشەن سېلىشتۇرۇلۇپ ، بىلىمسىزلىك مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز ، كۈچى بەك زور بولسىمۇ ، ئۇ ھامان بىلىملىك ، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن تولىمۇ تۆۋەن ، تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدىغانلىقى ، بىلىملىكلەر ھەر ۋاقىت يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئالىي ھۆرمەتكە ئېرىشىپ ئەتىۋارلىنىدىغانلىقى يارقىن گەۋدىلەنگەن . شۇنىڭدەك "بىلىمى چوڭ مىڭنى ، بىلىكى چوڭ بىرنى" يېڭەلەيدىغانلىقىدەك ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن .

شائىرنىڭ ئاممىباپلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك ، تىلى يەڭگىل بولغان تۆۋەندىكى مىسرالىرى بۇ نۇقتىنى جانلىق ئىسپاتلايدۇ . مەسىلەن : **8**

ئەسلىسى : **44** . بىلىگ بىلدى ، بولدى ئەرەن بەلگۈلۈگ ،

بىلىگسىز تىرگلەيتۇك كۆرگۈلۈگ .

بىلىگلىگ ئەر ئۆلدى ، ئاتى ئۆلمەدى ،

بىلىگسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلوگ .

يەشمىسى : (ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ ،

بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ .

بلملكلەر ئۆلسمۆ ، نامی تربك بولدۆ ،

بلمسزلەر تربك بولسمۆ نامی ئۆلۆك بولدۆ .)

ئەسلسی : **45** . بلگلگ برگە بلگسز مڤن ،

تەڤەگلی تەڤەدی بلگنك تەڤن .

باقا كۆرگمل ئەمدی ئۆقا سنايۆ ،

نە نەك بار بلگ تەگ ئاسغلغ ئوڤن .

یەشمسی : (بر بلملك مك بلمسزگە تەك كپلەلەیدۆ ،

تەڤلەشتۆرگەندە بلمنك سالمقی ئایان بولدۆ .

ئەمدی ئەقلك بلەن بایقاپ كۆرگن ،

بلمدن پایدلق یەنە قانداق نەرسە بار .)

ئەسلسی : **46** . بلگ برلە ئالم یوقار یوقلادی ،

بلگسزلك ئەرنی چۆكەردی قودی .

بلگ يند ئۆسانما بل ئول هەق رەسۆل ،

بلگ چینجە ئەرسەسز ئارقاك دەدی .

یەشمسی : (ئالملار بلم بلەن یۆقری كۆترلدی ،

بلمسزلك ئەرنی یەرگە چۆكۆردی .

بلمنی زیركمەي ئزدە ، شۆنی بلگنكی ،

هەق رەسول : "بلم جۆڭگودا بولسمۆ ئزدەڤلار" دیگەن .)

ئەسلسی :**47** . بلگلگ بلگنی ئەدەرگەن بولۆر ،

بىلىگ تاتىغىن ئاي دوست بىلىگلىگ بىلۈر .

بىلىگ بىلدۈرۈر بىل بىلىگ قەدرىنى ،

بىلىگنى بىلىگسىز ئۇتۇن نە قىلۇر .

يەشمىسى : (بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ ،

بىلىم تەمىنى ئەي دوست ، بىلىملىك بىلىدۇ .

بىلىڭكى ، بىلىم قەدرىنى بىلىم بىلدۈرىدۇ ،

بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نىمە قىلىدۇ ؟ )

شائىرنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلساق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش ، بەخت ـ سائادەتلىك يولنى ئىېچىش ئۈچۈن بىلىملىك ، پەزىلەتلىك بولۇپ ، نادانلىقتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلەپ ، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ ، ھەمدە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى (زىننىتى) كىشىلەرنىڭ فىزئولوگىيىلىك تاشقى قىياپىتى ياكى مال ـ دۇنياسىدىن ئەمەس ، بەلكى پىسخولوگىيىلىك ماھىيىتىدە شەكىللەنگەن ئەقىل ـ پاراسەت ، ئىلىم ـ بىلىم ۋە پەزىلەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پەلسەپىۋى پىكرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن . ئۇنىڭچە ، بىلىم پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەنئۇيىتىگە ئورتاق نەرسە ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ، روھىي ئازادلىقنىڭ مەنبئى ، ئۇنى پۈتكۈل جەمئىيەت كىشىلىرى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولسا ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە سۈپىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارىغان . بۇنى شائىر شەرھىيلىگەندە ، ئالىملار ، بىلىملىكلەر ئىلىم ـ ئىېرپان بىلەن جەمئىيەتتە تونۇلىدۇ ، يۇقىرى ئابروي ، ھۆرمەتكە ئىېرىشىدۇ ، شۇڭا بىلىمنى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەرگىز زىېرىكمەي ئۆگىنىش ، بىلىم دىېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىش ، بىلىم مەيلى قانداق جايدا (قايسى ئەلدە) بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ يەرگە بىېرىپ ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي ئۆگىنىش ، بىلىم ئىگىلەش لازىم دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە بىلىم قەدرىنى ۋە بىلىملىكلەرنى پەقەت بىلىم ئەھلىلىرىلا بىلىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ . بىلىمسىز ئەخمەقلەر بۇنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، دەپ كىنايە قىلىش ئارقىلىق بىلىمسىزلىكنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە شەخسنى ۋە ئاۋام خەلقنى نادانلاشتۇرىدىغان ، يورۇق دۇنيانى زۇلمەتكە ئايلاندۇرىدىغان قاباھەتلىك ماھىيىتى بىلەن زىيىنىنى سىېلىشتۇرۇپ ، بىلىمسىزلىك ، نادانلىقنى دەل جايىدا كىېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قىلىدۇ .

شائىر تېخمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلمەسلىك نادانلىقنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ۋە مەنئۋىيىتىگە كەلتۈرىدىغان ئېغىر زىيىنى ۋە ئاقىۋىتىنى ئۆتكۈر ئۆنچىلىك ئىلمىي دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق ئوچۇق سۈرەتلىمىگەن بولسىمۇ ، دېداكتىزملىق بەدىئىي مېتود ئارقىلىق ، تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مىسرالاردا ئۆزگىچە خاس شەكىل ، راۋان تىل ۋاستىسى بىلەن بىلمەسلىكنىڭ ماھىيەتلىك زىيىنىنى يارقىن ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن . مەسىلەن : 9

ئەسلىسى : 48 . بىلىگسىزگە ھەق سۆز تاتىقسىز ئەرۈر ،

ئاڭار پەند نەسىھەت ئاسىغسىز ئەرۈر .

نە تۈرلۈگ ئارىغسىز ئەرىر يۈماقىن ،

جاھىل يۈپ ئارىمز ئارىغسىز ئەرۈر .

يەشمىسى : (بىلمەسلىكگە ھەق سۆز تەمسىز بىلىنىدۇ ،

ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت پايدىسىز تۇيۇلىدۇ .

ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ ،

(لېكىن) نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر .)

ئەسلىسى : 49 . بىلىگلىگ كىشى كۆر بىلۈر ئىش ئۇدىن ،

بىلىپ ئىتەر ئىشنى ئۆكۈنمەز كىدىن .

قامۇغ تۈرلۈگ ئىشتە بىلىگسىز ئۇڭى ،

ئۆكۈنچ ئول ئاڭار يوق ئوڭ ئاندا ئادىن .

يەشمىسى : (قارا ، بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ ،

ئۇ ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ ، كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ .

بىلىمسىز ھەممە ئىشتا ئۆكۈنىدۇ ،

ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا قىسمەت يوق . )

ئەسلىسى : 52 . بىلىگىلىگ سۆزى پەند نەسىھەت ئەدەب ،

بىلىگىلىگنى ئۆگدى ئەجەم ھەم ئەرب .

تاۋارسىزقا بىلىگى تۈكەنمەز تاۋار ،

نەسەبسىزقا بىلىگى يېرىلمەز نەسەب .

يەشمىسى : (بىلىملىكنىڭ سۆزى پەند ـ نەسىھەت ۋە ئەدەبتۇر ،

بىلىملىكنى ئەجەمۇ ، ئەرەبمۇ ماختىدى .

مۇلۇكسىزگە بىلىم تۈگىمەس مۇلۇك ،

نەسەپسىزگە بىلىم ئۈزۈلمەس نەسەپ .)

ئەھمەد يۈكنەكى بۇ مىسرالىرىدا ھەق سۆزنىڭ (ھەقىقەتنىڭ ) بىلىمسىزلەرگە نىسبەتەن تېتىقسىز ، تەمسىز ، ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ، قۇرۇق نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقى ھەم ئانداقلارغا مەرىپەت ۋە ھەقىقەت توغرىسىدىكى پەند ـ نەسىھەتلەرنىڭ قىلچە كار قىلمايدىغانلىقىنى كىنايە قىلىش بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ . يەنە مەنىۋىيەتتىكى بىلىمسىزلىك ، نادانلىق كىرىنى يۇيۇپ تازىلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق روشەن كۆرستىپ ، كىشىلەرنى بىلىمسىز ، نادان بولماسلىق ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرىدۇ . ئارقىدىنلا تەسىرلىك مىسرالىرىدا بىلىملىكلەر ھەرقانداق ئىشنى ئالدىن پەملەپ ، ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئىدىتىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغانلىقى ھەمدە قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىلىك ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، بىلىمسىز ، نادان كىشلەرنىڭ ھەرقانداق بىر جايدا قىلغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى چىقمايدىغانلىقىنى جانلىق سېلىشتۇرۇپ ، بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىكنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئېنچام پىكىرلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ .

مۇئەللىپ خۇددى يۇقىرىدا مىساللاردا كۆرسەتكەندەك ، خاتىمە ئورنىغا بېرىلگەن "ئىلىم ـ مەرىپەت" ھەققىدىكى شېئىرى ھېكمەتلىرىدە بىلىملىكلەرنى ھەرقانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق ئەل خەلقى ماختاپ مەدھىيلەيدىغانلىقى ھەم يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ئەتىۋارلىنىدىغانلىقىنى

كۆرستىش بىلەن بىلىمنىڭ مۇلۇكسىزلەرگە توگىمەس مۇلۇك ،نەسەبسىزلەرگە ئۆزۈلمەس نەسەب ئىكەنلىكىنى شېئىرىي تىل بىلەن خىتاب قىلىدۇ . بىلىمنىڭ ئېسىل خاسىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ .

ئومۇمەن ، شائىر ئەھمەد يۈكنەكى بىلىم ، مەرىپەت ، پەزىلەتلىك بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە سىڭدۈرۈپ ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كېلىچىكى ، ئىستىقبالى ، بەخت ـ سائادىتىگە باغلاپ تەپەككۇر قىلىدۇ . بىلىمنى يول كۆرسەتكۈچ ماياك ، قۇدرەتلىك كۈچ دەيدىغان تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەم ئۇنى قىزغىن مەدھىيلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە بىلىمسىزلىك ، نادانلىقنىڭ مىللەتكە ئاپەت ، ۋەتەن ، خەلققە كۈلپەت ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى رېئال ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىش ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئالدىن مۆلچەرلىيەلىگەنلىكىنى ، شۇنداقلا بىلىمسىزلىك ، نادانلىققا قارىتا قاتتىق نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ .

"ئىلىم ـ مەرىپەت" لىك بولۇش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ماھىيەتلىك ھادىسە ، ئىنسان ئەقلىنىڭ مېۋىسى ، مەنىۋى ھاياتنىڭ ئوزۇقى . ئىلىم ـ بىلىم بولغاندا ئىلىم ـ پەن ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ دەيدىغان قاراشلار خېلى بۇرۇنلا دۇنياۋى تېما سۈپىتىدە ھەرقايسى ئەل مەدەنىيەت ، تارىخ سەھىپىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندى . بۇ خىل ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدىيىسى يۇتكۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئالغاندىمۇ مەيلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ، مەيلى قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى 10 بولسۇن ، بۇلاردا ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدىيىلىرى ئەنئەنە سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ ، ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەدىب ئەھمەدنىڭ "ئەتەبەتۇلھەقايىق" ، رابغۇزىنىڭ "قىسسەئى رابغوزى"سىغا ۋە ئەتايى ، سەككاكى ، لۇتفى ، نەۋائى ، نىزارى ،نازىمى قاتارلىق ئەدىب ۋە شائىر ، يازغۇچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىمۇ ئەنە شۇ نۇقتىنى يەكۈنلەيدۇ .

خۇلاسە قىلغاندا ، ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋىرى بار ، ئىنسان كامالىتى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ھەم دۇنيانى بىلگۈچى ۋە شەرھىيلىگۈچى ئىنسان سۈپىتىدە خۇددى شەرق مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىلىم ـ بىلىمنى قورال قىلىپ بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان ئۇلۇغ ئالىم فارابى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد قەشقىرىدەك ئۇلۇغ ئەدىب ، مۇتەپەككۇر ، ئۇلۇغ گۇمانىزمچى شائىر . ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى "ئەتەبەتۇلھەقايىق" خۇددى "قۇتادغۇبىلىك" ، "تۈركىي تىللار

دۋانى"غا ئوخشاش ئېلىمىز جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدا تىكلەنگەن يەنە بىر ئابىدە ھېسابلىنىدۇ .

"ئەتەبەتۇلھەقايىق" نىڭ مۇلاھىزىسىگە نەزەر تاشلىساق : ئۇ ھەرگىزمۇ نوقۇل دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان دىداكتىك خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولماستىن ، بەلكى دۇنياۋى ھاياتنى تەرتىپكە سېلىشتىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنى بايان قىلىش بىلەن ئوي - پىكىرلەرنى ئابستراكت تۈزەش جەھەتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە يۇقىرى قىممەت ياراتقان داستان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، مەزمۇنى جەھەتتىن ئۆزىگە كەڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېماتىك مەزمۇن قىلغان "قۇتادغۇبىلىك" داستانىدىن كەسكىن تەرىزدە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ . مىسالى : "قۇتادغۇبىلىك"تە ئېپادىلەنگەن ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەر كۆپىنچە خىسلەتلىك شەخسلەر ئارقىلىق ئەمەلىي تۇرمۇش ، مەئىشەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بايان قىلىنسا ، "ئەتەبەتۇلھەقايىق"دا ئىلىم - مەرىپەت ، پەزىلەت ئۈستىدە سىمۋوللۇق پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ ، تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى ئەخلاقىي تەرەپلىرى بولۇپمۇ "بىلىم ، ئەخلاق ، ئادالەت" چۈشەنچىسى ماھىيەتلىك مەسىلىلەر قاتارىدا يۈكسەك بالداقتا كۆتىرىلىپ بايان قىلىنىدۇ .

داستان ئەرەب ، پارس تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىي تىلى شەكىللىنىشۋاتقان دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ئىستىلالىرى ۋە شۇ دەۋرلەردە كۆنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان سوپىزىم ھەققىدە ھېچنەرسە دېيىلمەيدۇ . ئەمما "قۇتادغۇبىلىك" داستانىغا قارىغاندا خېلى دېموكراتىك پىكىرلەرنى يازغانلىقنى بايقاشقا بولىدۇ .

داستاننى چوڭقۇرلاپ ، تەتقىق قىلىپ كۆرگىنىمىزدە ، ئۇ ئەسىردە پەرغانە ۋادىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئۆتىگەن مۇھىم ھۆججەت بولۇپلا قالماي ، بەلكى "قۇتادغۇبىلىك" تىلى بىلەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن "چاغاتاي تىلى"نى ئۆزئارا باغلاشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان مەشھۇر داستان .

داستاننىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى كۈچلۈك تەسىرچانلىقىدا كۆرىلىدۇ ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ "نەسەئىمۇل مۇھەببەت" ("مۇھەببەت شاماللىرى") دېگەن ئەسىرىدە ئەدىبنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەيخلىرى قاتارىدا ساناپ ئۆتۈپ ، ئۇ توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىشتىن سىرت ، سۇلتان ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئوغلى بەدىئۈز زامانغا يازغان خەتلىرىدە "ئەتەبەتۇلھەقايىق" داستانىدىن بىرنەچچە مىسرالارنى مىسال كەلتۈرۈپ يازغانلىقنى قەيت قىلىدۇ . شۇنىڭدەك ،

"سەددى ئىسكەندەر" داستانىدىكى بىر نەچچە مىسرا ئۇنىڭدىن ئېلىنغان قاپىيىنى ئەينەن قوللىنىدۇ . 11 بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، "ئەتەبەتۇلھەقايىق" داستانىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئەلشىر نەۋائىي قاتارلىق شائىر ، يازغۇچىلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىقىنى مۇلاھىزىسىز ئىسپاتلايدۇ ، خالاس .

قىسقىسى ، داستان پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرئەدەبىياتى تارىخىدا جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ ، تىل ، ئەدەبىيات ، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ . ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئېسىل مەدەنىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ كونكرېت تېماتىك مەزمۇنلىرىدا تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن ئىلىم ـ پەن ئىگىلەش ، تىل گۈزەللىكى ، ئەخلاقىي پەزىلەت ، مەردلىك ، ئادىللىق ، سېخىيلىق توغرىسىدىكى دۇنياۋى تېمىلار كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە كۆچلۈك مەھلىيا قىلىپ ، ئەسىردىن بۇيان شەرق خەلقلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان تېمىلىرىغا ئايلانغاندى . داستاندىكى ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلەش ، ئۇنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ، مەرىپەتلىك بولۇش ، بىلىمنىڭ پايدىسى ، بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى ئىخچام ، ئوبرازلىق شېئىرىي مىسرالار شائىر قەلىمى ئاستىدا يېزىلغان جاراڭلىق خىتاب بولۇپ ، ئۇ ئەينى دەۋر مەنىۋىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولدى . شۇنداقلا بۈگۈنكى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زاماندىمۇ پەن ـ مەدەنىيەت ، مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۈرتكە ۋە چوڭقۇر ئىلمىي تەربىيىۋى ئاساسقا ئىگىدۇر .

ئاخىرىدا ، شائىر ئەدىب ئەھمەدنىڭ "ئىلىم ـ مەرىپەت" توغرىسىدىكى جاراڭلىق خىتابىغا ئاساسەن شۇنى خىتابەت قىلىپ ئۆتىمەنكى ، "ئىنسان ـ تەپەككۇر قۇياشى ۋە ھېسسىيات سەييارلىرى تۈپەيلى ، ئۆز روھىيىتى ۋە ئۆز ھاياتىنى كامالەتكە يۈزلەندۈرەلەيدىغان مۇجەسسەم ئىقتىدارلىق ئىجتىمائىي ھايۋان ." 12 يەنە خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك : "تەبىئەت پەقەت ئىنسان ئارقىلىقلا ئۆزىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالىغان ." 13 شۇڭا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقىدەك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان باسقۇچقا كېلەلىشى ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئاڭلىق ، مەقسەتلىك ، پىلانلىق ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى . بۈگۈنكىدەك ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ ، مەدەنىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلالىشىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئىجادىي مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر . بۇنىڭ تۈپ يىلتىزى بىلىم . بىلىم بولمىسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ، ھېچقانداق بىرەر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئەلۋەك شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، خۇددى شائىر ئەدىب ئەھمەي يۈكنەككە ئوخشاش بىلىمنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ ، ھەم ئۇنىڭ رېئال ھاياتىي كۈچى ۋە

ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا زور بەخت يارىتىش ئۈچۈن ياشلىقىمىزدىن باشلاپلا ئىلىم ـ بىلىمنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگىنىشىمىز لازىم . شۇنداقلا شائىرنىڭ ئۆز داستانى "ئەتەبەتۇلھەقايىق"تا ئىپادىلەنگەن ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇش ، پەزىلەتلىك بولۇش ئىدىيىسى بىلەن گۈزەل غايىسگە ھەقلىق يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ھەم بۇ خىل ئوپتىمىستىك روھقا تولغان تەرەققىپەرۋەر گۇمانىزملىق ئىدىيىسى بىلەن ئېستېتىك قاراشلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم .

ئىزاھاتلار :

1 . "جۇڭگو ئىسلام قامۇسى" 1994 ـ يىل ، چىڭدۇ نەشرى ، 738 ـ بەتتە ئەھمەد يۈكنەكىنى مىلادى ؟1100 ـ ؟1180 ـ يىللاردا ياشىغان دەپ كۆرسەتكەن . غ . ئوسمان "ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى" 1996 ـ يىل 1 ـ كىتاب ، 282 ـ بەتتە بۇ يىلنامىنى قوللانغان . يۈكنەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر جاينىڭ نامى . ھازىر بۇ يەر قەيەردە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس . ئاپتور بۇ جاي نامىنى ئۆزىگە ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغان .

2 . پروفېسسور ئە . ي . بىرتېلس : "ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ (ھىبەتۇلھەقايىق) داستانى" ( نۇسقا) ناملىق ماقالىسىدا ، بۇ داستان 235 بېيىت ، 11 بابقا بۆلۈنىدۇ دەپ كۆرسەتكەن . ("بۇلاق" ژۇرنىلى ، 1981 ـ يىل 3 ـ سان ، 261 ـ بەتكە قارالسۇن) .

3 . داستان 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭغا كېيىن ئەمىر سەيغەددىن ، بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا ، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسرا بولغان .

4 . نۇسقا 1444 ـ يىلى زەينۇل ئابىدىن ، سۇلتان بەخت ، ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن . نۇسقا 1480 ـ يىلى ئابدۇلرازاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستامبۇلدا كۆچۈرۈلگەن . نۇسقا ئىستامبۇلدا كۆچۈرۈلگەن ، ئەمما كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس .

5 . "ئەتەبەتۇلھەقايىق" بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 62 ـ بەت ، 139 ـ بېتىگە قارالسۇن .

6 . "بۇلاق" مەجمۇئەسى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىل ، 3 ـ سان ، 278 ـ بەتكە قارالسۇن .

7 . "ئەتەبەتۇلھەقايىق" بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 18 ـ 19 ـ 20 ـ بەتلەر .

8 . "ئەتەبەتۇلھەقايىق" بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 20 ـ 21 ـ بەتلەر .

9 . "ئەتەبەتۇلھەقايىق" بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 22 ـ 23 ـ بەتلەر .

10 . "ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى" ، 1995 ـ يىل ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 153 ـ 154 ـ بەتلەرگە ، "ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى" ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 282 ـ بەتكە ، "قۇتادغۇبىلىك" ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 71 ـ ، 73 ـ ،105 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .

11 . غ . ئوسمان "ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى" 1996 ـ يىل ، 2 ـ كىتاب . 402 ـ بەتكە قارالسۇن .

12 . 13 . ئا . مۇھەممەتئىمىن "قاتلاملىق ئىستېتىكا ھەققىدە بايان" ، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ـ بەت .

مەنبە : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇركىلى 1988 ـ يىل 1 ـ سان.

# تەبئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز

**داۋۇت ئوبۇلقاسىم**

گەپنى ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپتە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر رىۋايەتتىن باشلىساق، ۋەقەلىكتىن ئېنىقكى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەلۇم بىر سىنىپىدا بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىچە دوسكىغا ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكىسىدىكى بىر فورمۇلانى يازغان. ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەندە بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەكرار قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ فورمۇلانى كۆرۈپ، ھەممىسىلا"□ ئۆچە ئۇنىمەڭنى، ئاران قۇتۇلغاندا كۆزىمىزمۇ كۆرمىسۇن "□.دەپ ۋاقىراپ كەتتى. مەزكۇر ئوقۇغۇچىنى ئۆچەرتىۋەتكەن. بۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگۈچى ماڭا سۆزلەۋېتىپ، □" ماتېماتىكىنى كۆرسەك ھۆ قىلغىمىز كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ "□دەپ قوشۇپ قويدى. ئەلۋەتتە بۇ ئەدەبىياتچىلىرىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا بىرقەدەر ئومۇمى بولغان بىر خىل خاراكتېرنىڭ ئىپادىسى□.ئەمدى بىز بۇگۈنكى دەۋرنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالايلى. قەدىمى گىرىكلەرنىڭ رىۋايىتىدىكى مەشھور ئايال ئەقىل ئىلاھى يادىننا ئورمانلىقتىكى ئالىياندىغا شۇنداق دەيدۇ . "□ئوقيارىڭنى قولۇڭغا ئال، قارىمۇ- قارشى يۆنىلىشكە ئات .ئۇلار ئۇچۇن ئۆز- ئارا ئۇچراشقان كۈنى دۇنيا ئاجايىپ بىر ماكانغا ئايلىنىدۇ ".بەلكىم، پەن ۋە سەنئەت ئىنسانىيەت ئاتقان ئاشۇنداق بىر ئوقيا بولىشى مۇمكىن .مەدەنىيەت گۈللىنىش ھەركىتى ۋە يېقىنقى زامان تەجرىبىۋىلىك پەنلەرنىڭ قەد كۆتۈرشى بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە كەڭ ماكان ۋە زامانلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، بۈگۈنگە كەلگەندە بىر نۇقتىدا ئۆز - ئارا ئۇچرىشىپ قالدى. ئاشۇ ئورۇندا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتىنىڭ يېڭى بىر قىياپىتى ئوتتۇرغا چىقتى .( 20- ئەسىر ئىلىم - پەن روھى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ، خەنزۇچە» دېگەن كىتابنىڭ 1- بېتىگە قاراڭ) مانا بۇ قۆر ئوقۇشقىلا ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان بىر ئەھۋال. نېمىشقا ئەدەبىيات ماتېماتىكا بىلەن يۇغۇرلۇپ كېتىۋاتقان، مۇشۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنداق، دۇنيانىڭ نەزىرى مۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ يەنىمۇ ئويلىساق؛ بىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلدۈرمەيشىئىر يېزىپ تۇرۇپ، يەنە نىمشقا مۇشۇ ساھەدە بولسىمۇ خەقلەر بىلەن تەڭ سەۋىيەلىك بولالمايمىز؟ نىمشقا بىزدىن"□ يۈز يىل غېرىپلىق"□،□ ”قۇياش تېشى □

“غا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەر چىقمايدۇ؟ بىزنىڭ كۈنىمىز خەلق ئىجاد قىلىپ بەرسە، ئۇ يەردە ئۇنداق ئېقىم پەيدا بوپتۇ، بۇ يەردە مۇنداق ئېقىم پەيدا بوپتۇ، ئۇنى مۇنداق قىلساق بولغىدەك، بۇنى ئۇنداق قىلساق بولغىدەك دەپ قوبۇل قىلىشلا بۇلارمۇ؟ نىمىشقا ئۇلار ھەممە ساھەدىلا ئىجاتچان، بىز ھەممە ساھەدىلا ئارقىدا بولىمىز؟؟□بۇنىدىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى، غەربىي دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ پەيلاسوپ گىگىل شۇنداق دىگەن ئىدى، "□سەنئەت ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ، چۈنكى سانائەت دەۋرىنىڭ روھى ئۇنى چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ)"□يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە قاراڭ.)مانا، غەرب دۇنياسى ئەدەبىيات سەنئەتكە ئۇنداق شۇنداق قارىغان بىلەن، تەبىئىي پەنگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىپ كەلدى .گېگېل دەۋىردىن باشلاپ، ئەقلىيلىق ئىزدىگەن بۇ روھ 20 □ ـئەسىردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايىش قىلدى. ئۇ پەقەت گىتلېرنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ ۋەيران قىلىش خاراكتىرىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 2ـدۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ، □ياق، ئەقلى دەۋر يىمىرىلسۇن □دەپ توۋلاشقا باشلىدى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك يېپيېڭى بىر قىياپەت ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق بىزچۇ؟ مەيلى ھازىر بولسۇن ياكى ئۆتمۈشتە بولسۇن، ئەقلىلىك ئىزدىگەن روھتىن زېرىكىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئاز ـ□ تولا چۈقانلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق .ئەكسىچە ئەزەلدىن تەبىئىي پەن روھىغا ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقانلىقىنى، چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى ھەتتا نەزەرمۇ چۈشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كىلىۋاتىمىز. بۇ نىمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ماھىيەتلىك سەۋەپ بارمۇ-يوق؟ بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاپ مىللىي مەدەنىيەتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاز تولا داۋلى تېپىپ بىرەمدۇ قانداق؟□ئېنىقكى ھەرقانداق نەرسە پەقەت ئىنسان ئارقىلىقلا رول ئوينايدۇ. يەنى ئالدى بىلەن ئىنسان سوبىكتىغا تەسىر قىلىپ، سوبىكتىنىڭ فۇنكسىيىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.ئەمما ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭدىكى پەرقلەر، ئاشۇ سوبىېكتنى ھاسىل قىلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا مۇجەسسەملىنىپ كىتىدىغانلىقتىن، مەزكۇر فۇنكسىيەنىڭ قانداق بولىشى كۆپىنچە سوبىېكتنىڭ قۇرۇلمىسىغا باغلىق بولىدۇ. مانا بۇ ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاش شارائىتتا، ئوخشىمىغان پوزىتسىيىدە بولۇشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى. بىز بۇ يەردە تىخىمۇ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن 2 □ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكىمۇنداق بىر پاكىتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز .دىڭىز ئۇرشىدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دىڭىز ئارمىيە گىنىراللىرى مەغلۇپ بولغاندا، تەسلىم بولۇشنى نورمال ئىش دەپ قارىغان بولسا، ياپونىيە گىنىراللىرى مەغلوپ بولغاندا تەسلىم بولۇشنى شەرمەندىچىلىك دەپ بىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش يولىنى تاللىۋالغان. يەنە ئۆزىمىزدىن ئالساق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىغا يالغۇز ئابدىقادىر داموللام، ئابدىخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان ئالتە قەھرىمانلا ئۇچرىغان ئەمەس .يەنە قومۇل ۋاڭىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەردىنى تۆمۈر خەلپە،

خوجنىياز ھاجىلا تارتقان ئەمەس، ئەمما شۇلار ئەكسىيەتچىل قانخور ھاكىمىيەتكە ئۇچۇق ئاشكارە مۇش كۆتۈرۈپ، ئىزىز جانلىرىدىن ئايرىلىشتى. يەنە كۆنلەرنىڭ بىرىدە خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ بېشىغا كۆن كېلىپ قالسا، يەنىلا ئاشۇنداق كىشلەر مۇشۇ كۆتىرىدۇ. ئىنقىلاب قىلىدۇ .قالغانلار يەنە بۇرۇنقىدەكلا پوزىتسىيەدە بولىدۇ. مانا بۇ ئوخشاش بىر ئوبىكتىپ شارائىتنىڭ ئوخشاش بولمىغان سوبىكتىپ تۇزۇلۇشتىكى ئىنكاسى. دىمەك، سوبيېكتىپ تۇزۇلۇشنىڭ ئىنسان پائالىيتىدىكى رولى ئەنە ئاشۇنداق چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ شەخسنىڭ ئادەتتىكى پائالىيەتلىرىدىن تارتىپ، ئالى ئىجادىيەت ئىشلىرىغىچە ھەممىسىدە كۆپىنچە لەۋھۇل مەھپۇزغا ئوخشاپ كىتىدىغانراق رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا، سوبىكتىپ تۇزۇلۇشتىكى مۇكەممەللىكنى قوغلۇشۇش ئۇنىڭغا سۇپەت جەھەتتىكى ئىلگىرلەشنى ئېلىپ كىلىدۇ. ئۇنداقتا سوبىكتىپ تۇزىلىشى قانداق شەكىللىنىدۇ؟□ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە چۇشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ شۇ ۋاقتتىن باشلاپلا مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئائاھىدىلىگىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدۇ. ئاندىن بۇنى مەركەز قىلغان ئاساستا مەزكۇر كىشىنىڭ كەچۇرمىشى، يولۇققان مەسلىلىرى، بىلگەن، ئاڭلىغان، ئويلىغانلىرى قاتارلىقلار بىلەن سوبيېكتىنى ئىستىخيىسىز ۋە ئىستىخيىلىك ھالدا شەكىللەندۇرىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ كىشلەرنىڭ سوبيېكتىپ تۇزۇلىشدە ناھايىتى زور ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي توپلارئارىسىدا زور پەرقلەر ياتىدۇ. ئىتمائىي توپنىڭ ئورتاقلىقى ئۇنىڭ ئەنئەنىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنى مەزكۇر توپ ئۇچۇن ئورتاق بولغان تارىخىي كەچۇرمىش، ئۆرپ ـئادەت، تىل، يىزىق، دىن، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىدىلوگىيە، ئەدەبىيات □ سەنئەت، ئەخلاق ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشۋاتقان ئەنئەنە مەزكۇر توپنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا چۆكۈپ، قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. ھەمدە ئىلگىرىكى ئەۋلاتلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى بىكىپ كەتكەن ئامىللار .شۇ پىتى كىيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئادەتتە ئىستىخيىسىز ئېلىپ بىرىلىدۇ .شۇڭا مەيلى سۇبيېكتىنىڭ سىرتىدىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىنىۋاتقان ئەنئەنە بولسۇن، ياكى سۇبيېكتتىكى ئەۋلادتىن ئەۋالادقا مىراس قېلىنىۋاتقان نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى بىر مىللەتنىڭ مۇقىملىقىنى، ئۆزلۈكسىزلىگىنى نامايان قىلىدۇ. مىللەت گەۋدىسىدىكى ھاياتى كۇچىنى ۋە ئاجىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ□ .دىمەك گەپنى يەنە باشتىكى سۇئالغا يۆتكىسەك، خەق بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىكى تۆپكى سەۋەپ مانا مۇشۇ مىللەت سۇبيېكتىدە. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم مەيلى ئۇ قانچىلىك ئۇلۇغ بولىشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۆزى ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەتراپىدىن يىراققا كىتەلمەيدۇ. مەزكۇر توپتىكى مەدەنىيەتلىك، پىسخىك خاھىشنىڭ چەكلىمىسىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. پەقەت كۆپىنچە ئۇنىڭدىكى ئەۋزەلىكتىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنالىشى مۇمكىن. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئالىملارنىڭ،

شائىرلارنىڭ قابىلىيىتى مۇتلەق كۆپ ھالاللاردا پەرقسىز، ئەمما ئۇلارنىڭ سوبىكتىپ گەۋدىسىنىڭ تاكامۇللىششى پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى پەرق دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ.

.مەسلەنگە ئېيتايلى: نيوتون ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىنىڭ ئارستوتېلنىڭكىگە قارىغاندا مۇكەممەل بولىشىدىكى سەۋەپ، نيوتوننىڭ ئارستوتىلدىن قابىلىيەتلىك بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىككىسىنىڭ سوبىكتىپ قۇرۇلمىسى ئىككى دەۋرگە ماس بولغانلىقىدىندۇر .شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى مە رھۇم تىيىپجان ئېلىيوۋنىڭ«قۇياش تىشى«غا ئوخشاش شۆھرەت قازانغان ئەسەر يازالماسلىقىدىكى سەۋەپ، ئوكتاۋئىو پازنىڭ يېزىش قابىلىيىتىنىڭ ئۇستۈن بولغانلىقىدىن ياكى مەرھۇم شائىرتىيىپجان ئېلىيوۋ بىزدەك قالاق بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشنى يازغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇيىېكتىپ گەۋدىسىنىڭ ئوكتىۋا پازنىڭ گەۋدىسىنىڭ تاكامۇللاشمىغانلىقىدىندۇر.ئەمما يېقىنقى يىللاردا بىز يۇقىردا قويۇپ ئۆتكەن سۇئاللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەدەبىيات سەھنىمىزدە يېزىش ئىقتىدارىمىزدىن، ئۇسلۇبىمىزدىن گۇمانلىنىش خاھىشى كېلىپ چىقتى .بىز باشقىلاردەك يازالمايدىكەنمىز، دىگەن تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ ياشلاردا ئېغىر بولدى. گەرچە بۇ خاھىش بىزگە قايتا ئويلىنىش ۋەزىيىتى يارتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابى تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لىكىن ئۇ يەنىلا بىر خىل يېزەكىلىك، دۇنياۋى سەۋىيىگە بولغان تەلپۈنۈشنىڭ ماھىيەتىنكۆرمەي ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ مۇشۇنداق كىتىۋېردىغان بولسا، ئۇلار ياراتقان ئەدەبىيات تۈپ نىگىزدىن ئالغاندا شۆھرەتپەرەس، دورامچى ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ، خالاس .

ئادەم ئىجادى قۇدرىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى پۈتمەس تۈگمەس بولىدۇ. ئۇنى ئېچىش، جارى قىلدۇرۇش، ئەمىللەشتۇرۇشنىڭ نىشانى ۋە ئۇسۇلى كۆپ خىل. مەدەنىيت تەرەققىيات تىزلىگىنىڭ تىز ئاستىلىقى، سەۋىيەنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىگى مەزمۇنىنىڭ ئاز  كۆپلىكى ھەرگىز كەلگۈسىنىڭ ئۇنداق مۇنداق بولىشىنى بەلگىلگۈچى مۇقەررەرلىكنى ھاسىل قىلالمايدۇ. پەقەت مەلۇم پەيتتىكى ئادەمنى بەلگىلەيدۇ.ئىنساننىڭ سوبىكتىپ پائالىيەتچانلىقى مەدەنىيەت ۋە ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايتى زور رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەندۇرۇش، دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش ئۈچۈن قىلىدىغىنىمىز، قانداقتۇر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ تاساددىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۇنياۋى سەۋيىدە يىزىشنى كۈتۈش ياكى يېزىش قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرەيلى دەپ يۈرۈش ئەمەس بەلكى مۇھىمى پۈتكۈل مىللەت سۇبىيېكتىپ قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەلىكىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت. كونكرېتراق ئېيتساق: مەلۇم پەيتتىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ياخشى بولىشىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇ پەيتتىن بۇرۇنقى ئەنئەننى )ئىچكى، تاشقى)ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، سوبىكتىپ پائالىيەتچانلىقىقا ئىلمي نىشان ۋە پائالىيەت مەيدانى ھازىرلاپ بىرىشىمىز لازىم. بۇ ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققي قىلدۇرۇشنىڭ

زوئورور بىر يولى□□گەپنى ئەمدى يازما يادىكارلىقىمىزنى باشلايلى. مەلۇمكى، بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئەسەرلەر شېئىرىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە خەلق ئېغىزىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرنى، خېلى كەڭ قىزىقىشى، ھېسداشلىقىنى قوزغىغان ۋەقەلىك، ئادەمنى شۇنداقلا گۈل، ياران، بۇلبۇل، ياخشىلىق يامانلىق دىگەندەك ئادەم ھېسسىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلغۇچى مەۋجۇتلۇقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. ئەسەلەرنىڭ پۈتكۈل سيۇجېت تەرەققىياتى كۆپىنچە ئەقلىيلىك بىلەن ئەمەس، خىياللىق ئىلاھى سۈپەت يۇغۇرلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەسەردىكى تۇرمۇش ئەمىلىيتى بىلەن رىئاللىقنىڭ پەرقى ناھايىتى زور. رىئاللىق، ئادەم، تەبىئەت ۋە سەنئەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە سىستېمىلىق، ئىلمىيرەك ئويلىنىش كەم، كىلاسسىكلىئىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى پىرسۇناج قىلىشتىن سۆز ئېچىش تىخىمۇ تەس.مەيلى قايسى دەۋرنىڭ ئالىملىرى، مۇتەپپەككۇرلىرى بولسۇن، كۆپىنچە تەھلىل قىلىش، قايىل قىلىش خاھىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، قىزىقتۇرۇش ھەتتا دوزاخ، خۇدانىڭ غەزىپى، ئىلاھى ئاقىۋەتدىگەندەك نەرسىلەر ئارقىلىق ۋەھىملەش يولى بىلەن ئەسەر يازغان. يەنى ئۆز پىكرىنى كىتابخانلارنىڭ كاللىسىغا تەسىر قىلدۇرۇپ، ئويلاندۇرۇش، قايىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا تەسىر قىلدۇرۇپ، ھاياجانلاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش، قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولغان.

.ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ مىڭ يىلدىن بېرى شىكايەت، نەپرەت، مەدھىيە، كۈيلەشتىن چەتنەپ كەتمىگەن. يىغىپ ئېيتقاندا كۆپىنچە ئەخلاق گۈزەللىكى، ھايات گۈزەللىكى دىگەندەك گۈزەللىكلەرگە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت بولغان. قانداقتۇر بىر ئەخلاقى مىزاننى نىشان قىلىپ، كىشلەرنى شۇنىڭغا قاراپ ئىلگىرلەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنى تۆۋەندىكى سىلىشتۇرما جەدۋەلدىن بىۋاستە ھىس قىلالايمىز□ .ئەمما، ياۋرۇپانىڭ خاھىشى بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى زور كۆپچىلىك ئەسەرلەر نەسرى، ھەتتا نەزىرىيۋى ئەسەرلەر بولۇپ، يازغۇچىلار يالغۇز ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات پىشۋالىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە مەشھور مۇتەپپەككۇرلىرى، سىياسىيونلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزى كۆرگەن، بىشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىكلەرنى، ئۇلار دەۋرى تەققەزا بولىۋاتقان ئادەم ۋە ئىدىيىلەرنى ئاساسى ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. سيۇجېت تەرەققىياتى كۆپىنچە راستچىللىق سەممىئىك بىلەن راۋاجلانغان. ئەلۋەتتە ئەسەرنىمۇ بىزنىڭكىدەك تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، ۋەھىملەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قايىل قىلىش، تەھلىل قىلىش بىلەن ماھىيەتنى تونۇتۇش خاھىشىدا يازغان. ئومۇمەن، غەرب كلاسسىكلىرى بىلەن بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز سېلىشتۇرغاندا، كۆز ئالدىمىزدا بىرى يىراقلارنى كۆرسۈتۈپ تۇرغان، يەنە بىرى قولىغا گۈرجەكنى ئېلىپ يەر كولاشقا تەمشىلىۋاتقان ئىككى سۈرەت كەلمەي قالمايدۇ. روشەنكى ئالدىدىكى بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز. كەينىدىكى غەرب كلاسسىكلىرى.

ئۆلار نىمشقا مۇشۇنداق پەرقلىق تۇس ئالىدۇ.؟ ـ10 ـئەسىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرى : قۇتادغۇبىلىك كەسپىي: سىياسىيون ئەسەر مەزمونى 12ـئەسىر ئەھمەد يەسنەۋى (شائىر) ئەسىرى ھىكمەتنامە مەزمونى:كىشىلەرنى تەغدىرگە تەن بىرىشكە، دۇنياغا ھىرىسمەن بولماسلىققا، ئېغىر كۈنلەردە شۈكۈر بىلەن سەۋىر قانائەت قىلىپ ئۆتكۈزۈشكە چاقىرغان. تەسەۋۋۇپ ۋە سوپىلىقنى تەرغىپ قىلغان. كىشىلەرنىڭ نادان بولۇپ قالماسلىغىنى تىلىگەن ـ13 . ئەسىرئەھمەد يۈكنەكى شائىرئەسىرى:ئەتەبۇل ھەقايىن مەزمونى: كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا چاقىرغان.ئىنسانى خىسلەتلەرنى مەدھىلەپئىللەتلەرنى قامچىلىغان. دانىتى (شائىر) ئەسىرى:ئىلاھى كومىدىيەسى يىڭى ھايات ، زىياپەت ئاممىباب تىل ھەققىدە مانارخىيە توغرىسىدا كەسپىي: سىياسىي پائالىيەتچى مەزمونى: سىياسى بىلەن دىنى ئايرىۋىتىش ئىدىيىسىنى شەرھىلىگەن. فىئودال ھۆكۈمرالارنىڭ خىيانەتچىلىگى پارىخورلىغىنى ئېچىپ بەرگەن .يىڭى دەۋىرنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە دۇنيا قارىشى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىپادىلىگەن. 14ـئەسىر، نەسىردىن رابغۇزىئەسىر ئى : قىسسەسۇل ئەنبىيا،مەزمونى: پاكلىق، ھەققانىيەت ۋەچىنلىقنىڭ پەسكەشلىك ئۈستىدىنچوقۇم غالىپ كىلىدىغانلىغى ئەكس ئەتتۇرگەن. جىۋاننى بوكاسو،ئەسىرى:ئون كۈنلۈك سۆھبەت مەزمونى: قىزىل تونلۇق يىپىسكوپ ئەۋلىيا) دىن تارتىپ، پوپلارغىچە بولغان روھانىلارنىڭ ئاپكۆز، رەزىلئالدامچى، ماھىيىتىن پاش قىلغان.چىن مۇھەببەت،دوستلۇق ۋە ئاياللارگۈزەللىگىنى مەدىھىلىگەن.15ـئەسىر،لۇتفى، ئاتاي،سەككاكى ناۋايى ئەسەلىرىنىڭ مەزمونى: ھايات گۈزەللىكىنى، مۇھەببەتنى، ياخشى خىسلەتلەرنى، تىنچلىق ئاسايىشلىقنى كۈيلىگەن، ئاياللارنىڭ تەڭسىز ئورنىغا نارازىلىقنى بىلدۈرگەن .رەزىللىكلەرگە نەپرەت ئوقۇغان. ناۋايى يەنە فىئودالئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەزىللىكىنى ئوتتۇر ئەسىر فىئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ساختىلىغى، مۇتەئەسسىپلىگىنى پاش قىلغان . ئاددىيكىشلەرنى مەدىھىلىگەن ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىكىدىكى ئايرىم بىر ھادىسە .فىرانسوۋا ۋىللون(شائىر)كەسپى:ئەسىرى ۋەسىيەتلەر توپلىمىمەزمونى: ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە دەۋىرگە رىئاللىققا بولغان نارازىلىقنىئىپادىلەپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى تۈرلۈكتۇمەن پەرىقلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغان.پوپلارنى مەسخىرە قىلغان .ھاياتنىڭ مەنىسىكىشىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئاجايىپ سەممىلىك بىلەن يۇرگۈزگەن .ئۆزىنىڭ ھەرخىل تۇيغۇلىرىغا ھىچقانداق ياسالمىلىق ئارلاشتۇرماي چىن ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ شئىرلىرىدىن ئەخلاق، كۆز قاراش دىگەندەك بىر قاتار بىر نىملەر سىرتىدىكى ئادەمنىڭ قىياپىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ .16ـئەسىر، ئايازبىك ئەسىرى مەھمۇتنامە جاھاننامە مەزمونى: ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نەسىھەتۋە تارىخى، سىياسى مەۋقە زۆرۈرىيتىبىلەن يىزىلغان بولۇپ، ئەخلاقلىقبولۇشقا ، ئادىل بولۇشقا دالالەت قىلىنغان. ئەسىرى : ئازات قىلىنغان قۇددۇسمەزمونى:ھۆكمەتنىڭ ئەيىپلىرىنى پاش قىلىپ، بەگ، ئەمەلدارلار ئوردىسىدىكى قاراڭغۇ

جاھالەتكە نەشتەر ئۇرىدۇ.17-ئەسىر، خىرقىتى ئەسىرى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» مەزمۇنى :شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقا، ئادەلەتكە ئىنتىلىش ھىسسىياتىنى خەلىقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىزىلگۈچى جاپاكەش ئاممىغا بولغان سەممىمي مۇھەببىتى ئىنكاس قىلىپ، قاراڭغۇلۇققا نەپرەت ئوقۇغان .مۇھەببەت ۋە مېھنەت ئىنسانلارنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى دىگەن ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان. مولىر(شائىر ( ئەسىرى كۆلكىلىك زەكى ئايالى ئەركەكلەر مەكتىپى مەزمۇنى: بۇرجىئازىيە چاكىنا سىپاگەرلىگى ئاچچىق مەسخىرە قىلىنغان .ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاتالمىش نازاكەتلىك تۇرمۇشنىڭ چىرىك بىمەنلىگىنى ئېچىپ بەرگەن. دەۋرىنىڭ تۇرلۇك رەزىل بەشرىسىنى كۆرسىتىپ قويغان. 18 -ئەسىر، زەللىلى ئەسىرى شائىرنىڭ غەزەللىرى ۋەتەننى مەرپەتنى قىزغىن سۆيۈش، ئادالەتكە تەلپۈنۈش، خەلىققە ھەمدەمدە بولۇش، زامان ۋە زۇلۇم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ھىيلىگەر سوپا-خوجىلارغا نەپرەت ئوقۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. مەزكۇر شائىر بىلەن بىرئەسىردىن ياشىغان. نەۋبىتىنىڭ غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، پەقەت ئۇ يۇقۇرقىدىن باشقا ئايالىلارنىڭ تەڭسىزلىكىگە نارازىلىغىنى ئىپادىلەيدۇ. ۋولتىر ئەسىرى كادىگا مۇلايىم كىشى ئاق كۆڭۇل ئەر . مەزمۇنى : ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پەلسەپۋىلىگى كۈچلۇك، ئابىستىراكىتلىققا بولغان يۈزلىنىش ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مۇستەبىت جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلغان .دىندار، ساراي پەيلاسوپلىرى، ئالىملارنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىككى يۈزلىمىلگىنى ئېچىپ بەرگەن، ئادەمنىڭ غوللۇق مەنىۋى پائالىيىتى ھىسسي پائالىيەت ۋە ئەقلى پائالىيەت دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككى خىل پائالىيەتنىڭ دىئالىكتىك بىرىكمىسى مۇكەممەللىكىنىڭ بەلگىسى. لېكىن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، ۋۇجۇدىمىزدا ھىسسي تەرەپ كۆككە كۆتۈرلۈپ، ئەقلى تەرەپ بىسلىپ قالدى. تەپەككۇر بىلەن ھېسسىيات چىقىشالماس ئىككى قۇتۇپ بولغاچقا، ئەلۋەتتە بۇ بىزنى تەپەككۇرغا قېرىقلاشتۇردى. تەپەككۇرنى ھېسسىياتنىڭ قۇلى. تىخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇرنى ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولغاندىلا ئۆز مەۋجۇتلىقنى ساقلىيالايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. تەپەككۇر بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆز قانونىيتى بويىچە يۈرگۈزۈلمەيدىغان ھالغا كىلىپ قالدى. شۇڭا تەبىئىيكى بىزدە ئەقلى مۇكەممەللىكنى ئەقلى گۈزەللىكنى ئىزدەيغان پەنلەر، ئەسەرلەر ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئەمما ياخشىلىق، ۋاپا، ساداقەت، دوسلۇق، مۇھەببەت، ئاسايشلىق دىگەندەك ھىسسيات بىلەن باغلانغان گۈزەللىك توختىماي تىلغا ئېلىنىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن مىللەت سوبىكتى بارا - بارا ھىسسياتنى ئاساسي تۈۋرۈك قىلىشقا باشلىدى. )ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئاسيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومومى ئالاھىدىلىگىنىڭ تەسىرىمۇبار.) خەلقىمىز ۋە خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئالىملىرىمىز مۇتەپپەككۇر يازغۇچى شائىرلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، قىممەت ئۆلچەملىرى، ئىستىتىك زەۋقىدە ھىسسيات ئىستىخىيىسىز ھالدا ئالاھىدە ھەل قىلغۇچ مىزان بولۇپ ئىپادىلەندى. مەسلەن،

بىز بۇنداق مەسلىلەر ئۈستىدە ئۆزىمىز ئويلاپ باقساق بولىدۇ .جەدىۋەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەسەرلەر قانداق روھنىڭ ئۈستىگە، جەدىۋەلنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەسەرلەر قانداق روھنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاندەك قىلىدۇ؟□نىمىشقا بىزنىڭ كىلاسسىكلىرىمىز ئۆز دەۋرىنىڭ رېئالى مەسلىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرماي، داۋاملىق قانداقتۇر بىر خىيالى گۈزەللىككە قاراپ غەزەل ئېيتىشقا ئامراق بولىدۇ؟ ئەجىبا ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلارنى ھىس قىلمىغاندىمۇ؟ قالاقلىقنى، ئەكسىيەتچىل ھۆكىمەتنىڭ قانخورلىقنى،زالىملىقنى سەزمىگەندىمۇ؟ سوپا ئىشانلارنىڭ گەپتانلىقىدىن، رەزىل ئەپتى بەشىرىسىدىن نەپرەتلەنمىگەندىمۇ؟ ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ، چىچىلاڭغۇلۇقنىڭ، خامۇشلۇقنىڭ تۈپ يىلتىزى نەدە دەپ باش قاتۇرۇپ باقمىغاندىمۇ؟ نىمىشقا خۇدا ئۆز يىقىنلىرىنىڭ توپىغا مىلىنىپ مەزلۇملاردەك ياششىنى راۋا كۆردىغاندۇ؟ ئويلاپ باقمىغاندىمۇ؟ ئادەم بۇلارنى ئويلىسا تەكرار مەزمونلۇق ئەسەرلىرىنى ئوقۇسا كلاسسىكلارنى گەپتانلارمىكىن دېگۈسى كىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر بىمەنە يەكۈن بولسىمۇ، لىكىن مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇلاردا مۇشۇ خاھىش پەقەتلا يوق ئەمەس.ھېسسىياتقا غەرق بولغان مانا مۇشۇنداق ئەھۋال، پۈتكۈل ئويغۇر تارىخىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدىن مانا مەنە دەپ كۆرۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئەقلىلىكنىڭ ئالاھىدىلىگى روشەنلىك، ھېسسىلىقنىڭ ئالاھىدىلىگى مۇجمەللىك بولغاچقا تارىخىمىزغا ئەقلىيلىق ئىزدەپ قارىساق، كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ قالايمقان، چۈشىنىكسىز، مۇرەككەپ بىر ئۆتمۈش نامايان بولىدۇ. ئۇ يەردە بىز قاراپ تۇرۇپ، ئىلاھلاشتۇرىۋېلىنغان ئادەم ۋە ھادىسلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز .قىينالمايلا ئانچە چوڭ ئىلمي ئاساسي يوق ھېسسىياتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا، ئۆرنەك ئالالايمىز. تىرىكلىگىنىمۇ، ئۆلۈكلۈكىنىمۇ ئۇقۇقلى بولمايدىغان، بىر توپ ئادەملەرنىڭ ھەپىلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈۋالالايمىز. سەن ئۇ يەرلىك مەن بۇ يەرلىك دەپ بولىۋاتقان جەڭگە جىدەلنى ئۇچرىتالايمىز. ئەكسىيەتچى زالىملارنىڭ سەئىدە□، سەئىد ئەۋلىيا□، □پىر□، □ئاللاھ غوجام □دىگەندەك ھەشەمەتلىك سۆزلەر پەيدا قىلىدىغانھسسىياتلار بىلەن، ئۆزىنى پەدازلاۋاتقانلىقنى، ئاۋامنىڭ قانداق قىلىپ ئۇلار□ سەئىد □بولۇپ قالىدۇ؟ ئەۋلىيا بولۇپ قالىدۇ؟ دەپ تۈزۈك ئويلىمايلا، ئەملىيتىنى كۆرمەيلا گەپتانلىقىغا، قۇرئان كىرىمىدىن نامازخانلارنى ھاياجانلاندۇرالىغىدەك سۆزلىگىنىگە، ياكى ئۇنداق مۇنداق ئۇستاتلىقىغا قاراپلا ئىشەنگىنىنى كۆرىمىز. بىز بۇ ھەقتە مىلادى IX ئەسىرنىڭ كىينكى يېرىمىدا ئېلى تەۋەسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىگە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن، بۇخارالىق □سەئىد □مەھمۇت خوجىنىڭ رەزىل تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى كۇپايە قىلىمىز .

بىلىشىمىزچە خائىن خوجا مەھمۇت مىلادىيە **1836**-يىلى كۈزدە ئېلىدا سەكسەن ئىككى يۈز خەلق بىرلىگى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئېلى سۇلتانلىق قۇرۇلۇپ، ئارىلىقتىن ئاز كەم ئىككى يىل ئۆتكەندىن كيىن، ھازىرقى غۇلجا شەھرىگە□ خۇدايى پەقىر□لىك قىلىپ پەيدا قىلغان. كيىنرەك

ئاھاللەر ئارىسدا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى□ غەۋسۇل ئەززەم □پۇشتمەن دەپ ئېلان قىلغان. بۇنى ئاڭلىغان بىر قىسىم خوجىپەرەس، نادان كىشلەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇشقان. ئەگەشكەن. ئۆزلىرىگە□ پىر □قىلىپ، پاي قەدەملىرىگە ياندىشىپ، دىگىنىنى قىلدىغان، دىگىنىنى بېرىدىغان، سىزىقىدىن چىماي ... دۋاسىنى ئېلىپ، □ساۋاپ □تاپىدىغان، □ئۇلۇغ خىسلەت□كە تۇتۇش قىلىپ كىتىشكەن. مۇئەززەمخان ھاكىمىيتى كۇرەنى جۇملىدىن ئېلى تەۋەسىدىكى باشقا جايلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، جىددى چارە □- تەدبىرلەرنى كۆرۈپ يۇرگەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە خوجا مەھمۇت ئېلىنىڭ سۇلتانلىغىنى تارتىۋىلىش ھىيلىسىگە كىرىشىپ كەتكەن ...□ .جەڭ قىلماي تۇرۇپ، بىر ئەپسۇن بىلەنلا دۇشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن. بىر سۇف بىلەنلا دۇشمەنلەرنى بېشىمنى ئېلىۋەتسىمۇ تۇيمايدىغان قىلىۋىتىمەن □...دەپ ئۆزىنى كارامەت كۆرسىتىشكە□ ئاتاپ □قويغان. ساددا دىل ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ بۇ كارامەتلىرىگە ئىشەنگەن .خوجا مەھمۇت خەلق ئىچىدىن ئۆزىگە ئىشەنچلىك"□ خۇدايى يارانلارنى "□يىتەرلىك تاپقان .ئېلى مۇسۇلمانلىرى ئارىسدا خېلى بۇرۇن باش كۆتۇرگەن. مەشھور□خوجا ئەھمەدخان ئەۋلىيا □بىلەنمۇ ئۇچرۇشۇپ، ئېلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ □نجاتلىقى ئۇستىدە باش قاتۇرۇشقان. گەرچە مۇئەززەم سۇلتان بۇ خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقى، سۇيقەستچىلكى ئۇستىدە كىشلەرنى ھۇشيار بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، لىكىن بىر قىسىم كىشلەر □بۇ ئالەم ئىشلىرى بىلەن بىر □ بىرىمىزنىڭ كارى يوقتۇر □...دىيىشىپ، □ئېتىقاد □بىخۇدلىقى بىلەن بىخارامان بولۇپ ئۆتىۋېرىشكەن. ئاقىۋەت خوجا مەموت بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كىيىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم□ ياران□، □مۇرىت□، □ئىخلاسمەن□لىرىنى باشلاپ، سۇلتانلىقىنىڭ زىندانىدىكى دۇشمەنلەرنى قارامىلىق بىلەن قويۇپ بىرىشكۇچە يەتكەن. ئىنقلاپ سىپىدىن پارچىلانغان. ئاخىرى خوجا مەھمۇت ئۆز شىرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. ھەم□" سۇلتان كاپىرلار تەرەپكە يان باستى سىلەرنى ساتماقچى "□...دىگەن□□ تۆھمەتنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى شەھەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن. سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، سۇلتانلىقنىڭ ئېلىكىدىكى بارلىق بەگ مىرشەپلەرنى □پۇقرا نامىدىن بۇيرۇق چىقىرىپ، تامامەن ئۆلتۈرىۋەتكەن. سۇلتاننىڭ ئوردىسىنى ئۆز ئادەملىرىگە بۇلاڭ □تالاڭ قىلدۇرغان .سۇلتاننىڭ ئوغلى 22 ياشلىق خىزىرزاتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان.. سۇلتاننىڭ مەشھور ئادىمى ئەئىلا پەلۋاننى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ زىندانغا سولىغان. خوجىنىڭ ئادەملىرى يۈز □ يۈزلەرگە تارقىلىپ، ھەرقايسى يۇزلەزنىڭ ئىلگىرىكى يۇرت كاتتىلىرىنى، سۇلتانغا خىزمەت قىلغان كىشلەرنى قىرغىن قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار ئارىسدا ئۆملۈكنى بۇزغان .يۇرتتا باشباشتاقلىق ئەۋج ئالدۇرۇلغان. ياخشىلار خار، يامانلار ئېتىبراسىز ۋەزىيەت يارىتىلغان. شۇنداق قىلىپ خەلق ھۆكىمىتى يەنى مۇئەززەمخان سۇلتانلىغى خوجا مەھمۇت تەرىپىدىن تەل تۆكۈس ئاغدۇرىۋېتىلگەن. خوجا مەھمۇت سۇلتانلىقنى ئىگىلەپ، بىر ئايىدىن جىقراق سۇلتان بولغان. (نىزامىددىن ھۇسەيىن :

□"كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر" ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى□، □شىنجاڭ مەدەنىيىتى □جۇرنىلى 1990 □- يىلى 1□ -، □-2سان (قوشما سان)غا قاراڭ .

بۇ ھەقتەتەنمۇ بىر دۆلەتنى گەپ بىلەن ئاغدۇرۇۋەتكەن بىر تارىخ. بىز ئويلاپ باقايلى. مەھمۇد خوجا نىمىشقا شۇنداق ئاسانلا كىشلەر قەلبىدىن بىر دۆلەتنى ئاغدۇرۇۋەتەلىگۈدەك، ئۆز قىلمىشى كىشلەر كالللىسىدا پەيدا قىلىشقا تىگىشلىك سۇئاللارنىڭ رول ئوينىشىنى توساپ تۇرالىغۇدە ھېسسىيات پەيدا قىلالايدۇ؟ ئاۋام نىمىشقا ئۇ ...□ جەڭ قىلمايلا بىر ئەپسۇن بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن، بىرسۇق بىلەنلا دۈشمەنلەرنى بېشىنى ئېلىۋەتىسىمۇ تۈيمايدىغان قىلىۋېتىمەن□، دەپ پو ئېتىۋاتقىنىدا ئەمىسە نىمىشقا پەيغەمبەرنىڭ غازاتلىرىدا شۇنچىۋىلا كىشى شېھىت بولۇپ كىتىدۇ؟ راستىنلا شۇنداق ھۈنىرىڭ بولسا ئەمىلىيەتتە كۆرسۈتۈپ باقە! دىمەي، ئويلىماي ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ؟ ئۇنىڭ بىر ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن ئۆزلىرى ھىمايە قىلىپ سايلىغان سۇلتاننى ھاپىلا -□ شاپىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ مۇئەززەمخان سۇلتان ئۇنىڭ سۈيقەستىنى سەزگەن تۇرۇقلۇق، نىمىشقا تەدبىر قوللانمايدۇ؟ سۈيقەست ئىشلەتىسىمۇ بولاتتىغۇ؟...ئادەم ئاجايىپ مۇرەككەپ مەخلۇق. چۈنكى ئۇنىڭ ھىسسىي دۇنياسىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ھەرخىل ھەھر ياڭزا خىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ .ئەلۋەتتە، بۇ بىر تەبىئىيلىك. بىراق دەل مانا مۇشۇ تەبىئىيلىك سوبىكتىمىزدىكى ئەقلىيلىق ئىزدىگەن روھنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ماغدۇرلۇنۇپ، بىر بۆلەك ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن تولىشىغا سەۋەپچى بولدى. تۇرلۇك تۈمەن ھېسسىياتلارنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسىزلا تارىخ سەھنىسىدە دەلدەڭشىشى بىلەن نى -نى خانلىقلار ۋەيران بولدى.ئەسلىدىن باتۇرلۇق، ھەركەتچانلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋۇجۇدقا مىتە چۈشتى .پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارى قول قوشتۇرۇپ، دۈگدۈيۈپ كېتىپ بارغان مۆمىنلەر، پولونىڭ يىغىدا بۇرۇتىنى مايلاپ، خوتونىنىڭ ئەۋرىشىم مىڭىشلىرىغا قاراپ، ھىجىيىپ قالغان بەگلەر، غەزەپ بىلەن بولقا ئۇرۇۋاتقان نائۈمىتلەر، ۋە تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ توختىماي سۆزلەۋاتقان سوپا ئىشانلار، سەللىنىڭ يوغىنىنى يۆگەپ، جىمى سورۇننىڭ تۆرىدە قالغان موللاملاردەك مەسخۇش ئاربلاشمىسىغا ئايلاندى□.بىزگە مەلۇمكى، ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ دىگىنىمىز كىشلەرنىڭ مىجەز -خاراكتىرى، ياشاش تەرزى، ئىستىتىك زوۋقى، تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دۇنيا قارىشىدا ئەقلىيلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بىرىشنى، ئومومەن ھەرقانداق پائالىيەت، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەقلى مۇددىئاسى ۋە ئەقلى ۋەجىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق روھ كىشلەرگە ناھايىتى مول ھىسسىي ماتىريال ئارىسىدىن جەۋھەرنى ئىزدەيدىغان، تاشقى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا ئىچكى ماھىيەتكە ئېتىبار بىرىدىغان، كىشلەرنىڭ گەپ سۆزلىرى ۋە بىردەملىك ئىپادىسى، مۇئامىلىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز تەپەككۇرى ئارقىلىق كۆرگەن ماھىيەتكە قارايدىغان، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانونىيىتىدىكى لوگىكىلىق ئىزچىللىققا تايىنىپ، بىۋاستە ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىلىمگە

ئېرىشىشنى قوغلىشىدىغان سوبيېكتىپ تۈزۈلۈشنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەقلىيلىق ئۆلچەمنى شەخسىنىڭ تەپەككۇرىغا تاشلاپ بەرگەچكە، بۇ كىشىلەرنىڭ مەندىكى مەن ئېڭىنى ھۆرلۈككە ئىگە قىلىپ، شەخسىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى، ئىجاتچانلىقىنى، ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئاجايىپ رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا جەمئىيەت ئىلمي ساھەسىدىكى گىگانىت ئادەم. ئىنسىكلوپىك مۇتەپەپەككۇر مەشھور نەزىرىيە ئالىمى ۋېبىر ( ماخ.ۋەبەر1864ـ1920 ) ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار بولىشىدىكى تۈپكى سەۋەپنى ئىپادە قىلىپ، مۇنداق ھېساپلىغان ئىدى □. يېقىنقى زامان ياۋرۇپا مەدەنىيىتىدە كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھىنىڭ مەھسۇلى ⑦□ئەپسۇسكى بىزدە بۇنداق روھ ناھايىتى كەمچىل بۇ يوقىرىقى بايانلىرىمىزدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ□ .دىمەك، ئۆزىمىز ھەققىدە كونكرېتراق ئېيتساق ناھايىتى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان خەقلەر ئۆز كاللىسىدا پەيدا بولغان سۇئاللارغا جاۋاپ ئىزدەپ، ئۆزىنى قايىل قىلىشنى ئۆلچەم قىلغان بولسا، بىز ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ھىسسىي نەرسىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشنى قوغلۇشۇپ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنى تەسرلەندۈرۈشنى، ھاياجاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلدۇق. بۇ ئىككى خىل يۆنىلىش ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىدى. يەنى خەقنىڭ تەپەككۇرى كۆندىن □ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، ئەقلىيلىككە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاجايىپ سىستېمىلىق لوگىكىلىق پەنلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان سۇبيېكتنى كۆزنى چاقناتقۇدەك ھالغا كەلتۈرگەن بولسا، بىز تۇرلۇك ھېسسىياتلار تۇيغۇرلار، ئەسلىملەرنىڭ كۆپتۈرلىشى، سىرلىقلىشى، ۋەھىملىك ۋە ئىلاھى تۇس ئېلىشى بىلەن، قانداقتۇر بىر نىملەر ئاستىغا بېسىلىپ قالدۇق. بۇرۇن ئات مىنىپ ئوقيا تۇتۇپ ھەرياق □ ھەرياقلارغا بىرىپ، چىنىقىۋاتقان كۈچتىنگىر روھ قەدەمنىڭ ئىتىزلىق، ئۆي مەلىكوي ئارىسىدىن چىقماسلىقى، تەپپەككۇرنىڭ ھېسسىياتىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ئەركىن زېمىن كەزمەسلىكى بىلە ن بېكىنىپ، دۇتتار، تەمبۇرلىرىمىز، دولان مەشرەپلىرىمىز، ناخشا □ ـئۇسۇللىرىمىزغا ئۇيۇپ قالدى□ .ئەلۋەتتە، ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھىنىڭ كامىللىقىدىن ئىبارەت بۇنداق ئەھۋال ئاۋامىنىڭ كۈندىلىك تۇرمىشىدىمۇ مەۋجۇت .ھېلىھەممۇ ئاۋامنىڭ قىممەت ئۆلچىمىدە ماھىيەتلىك ئۆلچەم ئەمەس، يۈزەكى ئۆلچەم ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ. شەيئىلەرگە بىرىلىدىغان باھا لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. يەنى بىز شەيئىلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، يوقىلىشى، ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ ئەمەسمۇ؟ دەپ ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە بۇرۇنقى قاراشلارغا، ئۆلچەملەرگە، خەقلەرنىڭ ھىسسىياتىغا ماسمۇ ـ ماس ئەمەسمۇ؟ خەقلەرنىڭ گەپ سۆزلىرى قانداق بولىۋاتىدۇ؟ دەپ پىكىر يۈرۈگۈزۈپ خۇلاسىغا كىلىمىز. ھادىسە ۋە شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى لوگىكىلىق زۆرۈرىيەتكە ئانچە قاراپ كەتمەيمىز. ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يوللۇقلىغىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز تەسكە توختايدۇ.. ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىدىمۇ ئەقلىمىز زور مەسىلىلەرگە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ جاۋاپ بىرىدۇ. ئىشلار

ئۆزىمىزنى￼ڭ كاللىسىدىن ئۆتسۇن ئۆتمىسۇن،رايىمىزغا ياقسۇن - ياقمىسۇن ئەل نەرقى بولۇشقا، ئەل
نەرقى ئويلاشقا، ئەل نەرقى قىلىشقا، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلى رەنجىش - رەنجىمەسلىك بىلەن كارىمىز
يوق، قانداقتۇر بىر ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىككە تىرىشىمىز. ئەقىل - پائالىيىتىمىز گەپ
سۆزلىرىمىزنىڭ ئادەتلەرگە، تەرتىپلەرگە ۋە باشقا نەرسىلەرگە چۈشۈۋاتقان چۈشمەيۋاتقانلىقىنى
باھالايدىغان فۇنكسىيە بولغاچقا تەكتىلىندۇ. شۇڭا مۇستەقىل ئىشلەش، ئويلاش ئېگىمىز تۆۋەن،
يۆلىنىۋېلىش، شۈكۈر قىلىش خاھىشىمىز يوقىرى. ئۆز كۆڭلىنىڭ رايىنى ئىزدەيدىغان، ھەقىقي
قايىللىق يەتكۈچە مېنىڭ توغرا دەپ تۇرالىغۇدەك قۇدرەت كەم. دورامچىلىق، ياسالمىلىق تولا. كۆڭلى
بىر خىل قىلىۋاتقىنى يەنە بىر خىل ئادەملەر نۇرغۇن. مەسىلەن ياشلارنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆڭلىگە
ياقسۇن ياقمىسۇن، ئاتا - ئانا چوڭلارنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان، تىخى شۇنچە ياشقا كىرىپ
كۆڭۈلگە يىقىش ياقماسلىقىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان، توي، كەسىپ دىگەندەك مۇشۇنداق
پۈتۈنلەي ئۆزىگە تەۋە ئىشتىمۇ ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان، ھەتتا تۇرمۇش ئۇسۇلى دۇنيا قاراش.
ئادەم ۋە شەيئىلەرگە تۇتقان مۇئامىلە جەھەتلەردىمۇ ئۇلارنىڭكىنى ئەينەن دورىۋالىدىغان ئەھۋال
قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ. تىخى شۇنداقلا ھەجەپ ئوبدان بالا بوپتۇ دەپ ماختىنىپ، خەقلەرنىڭ
مەھەلە-كويلانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ .ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىلوگىيە جەھەتتىن ئېلىپ
ئېيتقاندا ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىگە10 ئەسىردىن ئارتۇقراق ئۇچرىدى .
ئەلۋەتتە ئىسلام ئىدىئولوگىيە سىستېمىسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات
ئىچىدە مەست بولغان روھنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن ئەقلىيئىك ئىزدىگەن روھنىڭ
مەھسۇللىرى بىلەن چىقىشالماي كەلدى. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، قۇرئان كىشىلەرنىڭ ئەتىۋالاپ
ساقلىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇشى
ئۈچۈن زىمىنا چۈشكەن. بۇنىدىڭدىن ئېنىقكى، تەپەككۇر ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن قۇرئاننى
باغلاۋاتقان ھالقا. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىماننى مۇستەھكەملەيمەن دەيدىكەن ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز
تەپەككۇرىنى بېيىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىراق، بىزدە ئىش بۇنداق بولماي
قالدى. بىزخېلى مەزگىل تەپەككۇرىمىزنى بېيىتىپ قۇرئان ھەقىقەتلىرىنى كۆرۈشكە ئەمەس، بەلكى
ھېسسىياتىمىزنى ئۇلغايتىپ ھېچنېمىنى ئويلىماي، ھېچنىمگە قارىماي، ئەقىدىگە قۇللۇق قىلىشقا
كۈچەپ كەتتۇق. قايىللىق بىلەن ئىمانىمىزنى كۈچەيتىش يولىغا ئەمەس، بەلكى رادىكاللىشىپ
ئىنسانى غورورىمىزنى دەپسەندە قىلىشتىنمۇ باش تارتمايدىغان يۆنۈلۈشكە يۈزلەندۇق. ھەشەمەتلىك
گەپتىن ئىككىسلا چىقىپ كەتكەن بولسا، ھەر قانچە روشەن سەپسەتە بولسىمۇ، ھىس قىلالمايدىغان
كۆز ئوچۇق قارغۇلارغا ئايلاندۇق. موللا ئۆلىمالىرىمىز ھەتتا ئاللانىڭمۇ ئۆز ئايەتلىرىدە تەپەككۇر
يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللا ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. دەپ خىتاب قىلغىنىنى ھەتتا ئۇلار قۇرئاننى
مۇھەممەت ئۆز توقۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ئېنىقكى ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راسچىل بولساڭلار

ئاللادىن باشقا ياردەمگە چىقىرالايدىغانلىكى كىشلەرنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بىقىڭلار. دىيىش بىلەن قايىللىق ئۈچۈن كاپىردەك ئويلاپ بېقىشقىمۇ جۈرەتلەندۈرۈپ، قايىللىق بىلەن ئىمانىنى مۇستەھكەملەشكە بىشارەت بىرۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ جامائەتنى ئا كۆپ ئويىماسلىققا، شۇك بولۇشقا، دوزاقتىن قورقۇپ جەننەتنىڭ تەمەسىدا يۈرۈشكە چاقىردى. كىچە ـ□ كۈندۈز ئاللانى سېغىنىپ ئىبادەت قىلىشقا، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۈنىڭدىن ياردەم سوراشقا، توغرا يولغا باشلىشىنى تىلەشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلار بىزگە سىزىپ بەرگەن ياخشى ئادەملەر ئوبرازى پەقەت مۆمىن، تەقۋادار، قولىدىن قۇرئان چۈشۈرمەي نىملەرنىدۇ بىلجىرلاپ تۇرۇپ قوپۇپ، ئولتۇرۇپ باش قويىۋاتقان بىر ئادەم ئىدى.. بۇ ئادەمدە پەقەت تومتاق ھىسياتلا بار ئەقلىدىن ئەسەر يوق. دىمەك مانا مۇشۇنداق بولغاچقا بىزنىڭ ئىدىلوگىيەمىزمۇ ئەقلىيلىق ئىزدىگەن روھ ئۈزۈن مۇددەت ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ كەلدى. بۇ خىل ئىدىئولوگىيىنىڭ تەسرىدە بىز ئۆزىمىزنى ۋاقتى كەلگەندە بىر تال گۈرۈچمۇ بىسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئاجىر بەندە چاغلاشقا تاقەت قىلىدىغان، مىدىراپ كەتسەك ئاللاھنىڭ ياردىمىنى تەمە قىلىپ□ بىسمىللا□نى ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر ھالغا ئىنتىلدۈرۈپ كەلدۇق. ياخشى ئىشلارنى جەننەتنىڭ تەمەسىدە قىلىدىغان، يامان ئىشلارنى دوزاقنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئۆزىمىزنى تارتىدىغان بولۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى يامان بولىشىدىكى ماھىيەتلىك نەرسىنى ئۆز كۆڭلىمىزدىن ئىزدەپ باقمىدۇق. بىلىپ باقمىدۇق( .ئەلۋەتتە بۇ ئاۋامغا شۇنداق بولدى) ئىدىلوگىيە ساھاسىدىكى مۇنداق لوگىكىسىز تۈزۈلۈش، بىزنىڭ ھېسسىلىققا غەرق بولىشىمىزغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى مۇشۇنىڭ تەسرىمىكىن ھېلىمۇ□ يامان بولىدۇ□خۇدا بىلىدۇ□، دىگەندەك تومتاق گەپ سۆزلەر لوگىكىلىق شەرھىگە، تەبىرگە قارىغاندا كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. دۇنيانى قۇدرەتلىك، ۋەھىملىك نەرسىلەرگە ئىلاھى ھادىسىلەرگە باغلاپلا يالماپ چۈشۈنۈش خاھىشى ئېغىر، تۇز ئاشقا تەم كىرگۈزىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، تۇزغا ئىلاھى سىر بىغىشلاپ، تۇز دەسسەپ قەسەم بىرىش. ئۆتمۇ ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق تەم بىرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئوتقا ئەقىدە قىلىش، بۆرە بولمىسا، مال ۋارانلار ئاينىمايدۇ. بۆرە كۆرمىگەن پادا ھالاكلىنىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، بۆرىنى ئىلاھى ئورۇنغا قويۇش، دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جۈملىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا بىز□ خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ□ □قانداق قىلىمىز □دىگەندەك گەپلەر بىلەن بىر قاتار نەرسىلەرنى بىراقلا چۈشۈنۈپ كىتەلمەيمىز. بىر قاتار ھېسسىياتلارغا بىراقلا تەسەللى تاپالمايمىز. تەخىرسىزلىكىدىن قەلبىمىزنى قوچۇپ تۇرغان نەرسىلەرنىمۇ دەرھال بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، خان لەيلۈننى ئېيتىپ، ئاھ يارىمغا غەرق بولالايمىز. بۇنداق پوزىتسىيەنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشۈنۈش ئۈچۈن بىز تۆۋەندە يېقىندا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنۇ يۇمۇرنى دىققىتىڭلەرگە سۇنۇشنى لايىق تاپتۇق. 1992-□ يىلى سادام ھۈسەيىن ئۇيغۇلاردىن 300 يىگىتنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، ئۈچ جىدىرىغا ياتقۇرزۇپتۇ . بىرىنچى چىدىردا ئاتۇشلۇقلار جىقراقمىش، ئىككىنچى چىدىردا غۇلجىلىقلار جىقراقمىش، ئۈچىنچى

چىدىردا قومۇللۇقلار جىقراقمىش، ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئامىرىكا سەل يامان كەلگەندىكىن سادامنىڭ يادىغان ئاتۇشلۇقلار ئامىرىكىلىقلاردىن بۇرۇن ئايىغا چىقىپتىكەن دىگەن گەپ يىتىپ، ھاسىراپ ھۆمدەپ بىرىنچى چىدىرغا كىرىپ □:ھوي قوپىمامسىلەر ئامېرىكا بىسىپ كىلەي دەۋاتىدۇ، دەپ ۋاقىراپتۇ□ .بۇنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ،

-ھوي سادام ئوتتۇرا شەرىقتە قورال سودىسى بەك ئىتتىككەن، تۆنۈگۈن بەرگەن قوراللىرىڭنى ستىۋەتتۇق، بىزگە قورال بەر ئاندىن ئۇرىشايلى □ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سادام دەرغەزەپ بولۇپ توختا بۇلاردا ئۈمىد يوقكەن، غۇلجىلىقلار يوغان گەپ قىلىۋاتاتتى. شۇلارنىڭ يىنىغا بىرىپ باقاي دەپ ئىككىنچى چىدىرغا كىرىپتۇ□ .

-ھوي، قوپىمامسىلەر ئامىرىكا بىسىپ كەپ قالدى .سادامنىڭ گېپىنى ئەمدى تۈگىتىشكەشماللىق ئۇيغۇرلار ئۆچكىدەك مەرەپ چاقچىقىنى باشلاپتۇ. سادام ئاچچىغىدا يېرىپ كىتەي دەپتۇ ۋە ئۈچىنچى چىدىردىكىلەر ئىنتىزامچان، جىمغۇر ئادەملەردەك قىلغان، قولىدىن ئىش كىلىدىغانلارنى كەمسۆز كېلىدۇ، دەپ قويىدىكەن شۇ يەرگە كىرىپ باقاي دىگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ□ .

-ھوي قوپىمامسىلەر، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى كەلدى. سادام ئۈچىنچى چىدىرىغا كىرىپلا ناھايىتى ۋەھىملىك ۋاقىراپتۇ□ .

□ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، □ئۈچىنچى چىدىردىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ جاۋاپ بىرىپتۇ. غەرىب مەدەنىيىتى بىلەن بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئارىسىدىكى مۇنداق ماھىيەتلىك پەرق، مۇزىكا سەنئىتىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەن .چۈنكى ئوخشىمىغان دۆلەت، ئوخشىمىغان دەۋردە ئىپادىلەش تەلىۋى جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن مۇزىكا ئوخشىمىغان تۈس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مىللىي سەنئەت شۇ مىللەت سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەسىرگە ئۇچرىماي تۇرىدۇ□ .بىزگە مەلۇمكى چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق ئەسەر□ ئون ئىككى مۇقام □ئۇيغۇر ئاھاڭ شەكىللىرىنىڭ ئاساسىي سىستېمىسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، بىز تۆۋەندە ئاساسلىغى مۇشۇ ئەسەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز□ .ئون ئىككى مۇقام□دىكى ھەربىر مۇقام بىر -□ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۈچ گەۋدىنىڭ ئۆز □ ئارا كىرىششىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار لىرىك غەزەلىيات ئاساسىدىكى چوڭ نەغمىلەر، ۋەقەلىك ئاساسىدىكى داستانلار، شوخ ئۇسۇللۇق مەشرەپ مۇزىكىلىرىدىن ئىبارەت□ .ئون ئىككى مۇقامدىكى ئورتاقلىق بويىچە ھەربىر مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ .

بىرىنچى چوڭ نەغمە□

چوڭ نەغمە ئۆز ئىچىدىن كۆپلىگەن مۇزىكىلىق تارماقلارغا بۆلۈنگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە□:

مۇقەددىمە - مۇقەددىمە ناھايىتى سالماق ئېغىر باشلىنىدۇ. ئوركېستىردىكى ئاساسلىق سازەندە ئاساسلىق چالغۇ قورالى .مەسلەن، غىجەك، ساتار، تەمبۇر ياكى قالۇن بىلەن مەزكۇر نەغمىنى

نەزمسى بىلەن ئورۇنلاپ چىقىدۇ. داپ چېلىنمايدۇ. نەزمسى ئون تۆتلۈك غەزەل بولۇپ، خۇلاسىۋىلىك، جەۋھەرلىك پۈرىقى كۈچلۈك بولىدۇ. نەغمە ئادەمگە مۇرەككەپ چوڭقۇر مۇزىكىلىق ھىسسىيات ئاتا قىلىدۇ. كەچۈرمىشلەر، ئۆتمۈشلەر توغرىسىدا ئويلاندۇرىدۇ□ .تەزە(ئاھاڭداش نەغمە) نەغمە تەزىگە ئۆتىشى بىلەنلا مەشرەپ دىپى چېلىنىدۇ. ھەممە سازەندىلەر تەڭلا مۇقامغا چېلىش ۋە نەزمە ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ مۇقەددىمىدىكى يالغۇز كىشىلىك ئېيتىلىشقا بېرىلگەن كۈچلۈك ئىنكاس بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاھاڭ جەھەتتىكى تۇيداشلىقنىڭ ماسلىششى بىلەن تەنھالىق تۇيغۇسى بۇزىلىدۇ. ھىسسيات رىزوناسى نامەيەندە پۈتكۈل سورۇننى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. تەزىدىكى داپ ئۇرغۇسى ۋە نەغمە رىتمى تولاراق مۇقاملاردا ئىنتايىن سالماق ئېغىر قەدەملىك ئۇسۇللۇق(چىكىتمە ( ئۇدارلىق شەكلىدە بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭدىن بىر خىل تەسەللى ۋە تەمكىنلىكنى ھىس قىلىدۇ. تەزىنىڭ مەزغۇلىدا ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىگى ئازدۇر كۆپتۇر ئىپادىلەنگەن□ .نۇسخا ـ نۇسخىنىڭ تاكىتلىرى جىددى ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ، چەببيات، راك مۇشاۋرەك، چارىگاھ مۇقاملىرىدا [SX(ـ1]4[]5[SX)]لىك تاكىت بىلەن پەنجگاھتا [SX(ـ1]4[]3[SX)] [SX(ـ1]4[]4[SX)] ]سخ)] لىك تاكىت بىلەن ئۆز ھالدا [SX(]4[]4[SX)] لىك تاكىت بىلەن ناۋادا [SX(ـ1]4[]5[SX)]لىك تاكىت بىلەن چېلىنىدۇ. نەزمە ئاھاڭلىرى بەزىسىدە قوشاق شەكلىدە چۈشۈرۈلگەن بولسا، بەزلىرىدە غەزەل شەكلىدە چۈشۈرۈلگەن. مىسرا سانى خېلى كۆپ. ئۇ ئالدىنقى نەغمىلەردىكى مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر مۇزىكىلىق ھىسسىياتلارنى تەزەگە ئۇلاشتۇرۇپ سوزۇپ تاشلايدۇ. نۇسخا مەرغۇلى ۋە چۈشۈرگىسى ئارقىلىق كىشى بىلەن بىلمەي سورۇنغا كىرىپ كېلىدۇ□ .جۇلا □ـ جۇلا مۇزىكىلىرى ھەممە مۇقاملاردا بىردەك[SX(ـ1]4[]4[SX)] لىك تاكىتتا بولۇپ، ئۇسۇللۇق پۈرىقى روشەن. نەزمسى خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا قوشاق جۈمللىرىنى تەكرارلاپ ئوقۇش بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. جۇلادىن باشلاپ مۇقام ئۇسۇلى بىلەن خارەكتىرلىنىدۇ. مۇشۇ باسقۇچتا ئويلىنىدىغان ئۇسۇل ئۆزىنىڭ تەمكىنلىكى بىلەن ئۇسۇلنىڭ بەدەن، سىپادە، قەدەم، قول گۈزەللىكى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئاجايىپ جۇلالىق نامايەندە مەيدانغا كېلىدۇ. سەنئەتنىڭ سىرلىق سېھرى كۈچى جىلۋىلىنىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا جۇلا مەرغۇلسىزلا بىۋاستە سەنەمگە تۇتىشىدۇ□ .سەنەم ـ□ سەنەم چارىگاھ، ئەجەم، ناۋا، سىگاھ ، ئىراق مۇقاملىرىدىن باشقا مۇقاملاردا ساقلىنىپ قالغان. سەنەمدىكى داپ ئۇرغۇسى ۋە نەغمە رىتمى شوخ ئۇسۇللۇق□» سىرىلمە « □شەكلىدە بولۇپ، ئۇسۇللۇق پۈرىغى كۈچلۈك. سەنەم داپىنىڭ قىزغىن ۋە شوخ ئۇرغۇسىغا ئەگىشىپ بارغانسىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ سەلىقە بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇلادا شەكىللەنگەن ھىسسيات مەزكۇر باسقۇچتا پارتىلاپ چوڭ سەلىقىدە ۋايىغا يېتىدۇ□ .شوخ پەردە(سەلىقە) سەلىقە چوڭ، كىچىك سەلىقە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بىر مۇقامدا بىر نەچچە كىچىك سەلىقىلەر بولۇشى مۇمكىن.چوڭ □ كىچىك سەلىقىلەر مۇزىكا رىتمى جەھەتتىنلا پەرىقلىنىپ قالماستىن، يەنە نەغمە نەزمىسىنىڭ ۋەزنى جەھەتتىمۇ

پەرىقلىنىدۇ. چوڭ سەلىقە يەتتە بوغۇملۇق خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا بىردەك [SX(ـ1]8[]5[SX)]
تاكىت بىلەن، كىچىك سەلىقىلەر تولاراق غەزەلىيات ئاساسىدا بىردەك تاكىت [SX(ـ1]4[]4[SX)]
بىلەن ئىيتىلىدۇ. چوڭ سەلىقىلەر كۆچۈك ئۇسۇللۇق مۇزىكا بولۇپ، ناھايىتى قىزغىن كىلىدۇ. ئۇسۇل
مۇشۇ باسقۇچتا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئاندىن كىچىك سەلىقىگە ئۆتىشى بىلەنلا نەغمە روشەن ھالدا
جۇشقۇنلۇقنى يوقۇتۇپ، ئادەمدە تەكشىسىزلىك سىزىمى ۋە ئوي پەيدا قىلىپ، مۇقامنىڭ كىيىنكى
تەرەققىياتى ئۈچۈن زىمىن ھازىرلايدۇ□ .تەكىت چوڭ نەغمىدىكى ئاخىرقى مۇزىكا. تەكىت پۈتۈن
مۇقامدا SX [(SX]3[]8[1ـ) لىك تاكىت بىلەن چىلىنغان بولۇپ، نەزمىسىنىڭ مىسرا سانى
قىسقا ئۇ چوڭ نەغمىدىن داستانغا ئۆتۈشتە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئۆتەيدۇ. كۆپ ھالاردا مەرغۇلى
بولمايدۇ□ .ئىككىنچى داستان□ مۇقام تەركىۋىدىكى داستانلار بىر قانچە بايانات، شىكايەت-
نەسھەت خارېكتىرىدىكى داستانلار ۋە شېئىرى ھېكايەت ئۈزۈندىلىردىن تەركىب تاپقان. مۇشۇ
باسقۇچتىن باشلاپ مۇقام ئاساسەن ناخشا بىلەن خارېكتىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاھاڭدارلىغى، مۇزىكۋى
پۈرىقى ناھايىتى كۈچلۈك كىلىدۇ .كۆپىنچە مۇقاملاردا ئۈچ تۆتتىن داستان ۋە ھەربىر داستاننىڭ
بىردىن مەرغۇلى بولىدۇ .داستان مەرغۇلى ناھايىتى تەپىس كىلىدۇ. داستانلار داستان - مەرغۇل
-□داستان -□ مەرغۇل ... شەكلىدە راۋاجلىنىدۇ. چوڭ نەغمىنىڭ سېھرى كۈچى ئارقىلىق
رىئاللىقتىن ئاجرىتىلىپ، مۇقام ئىچىگە يىتىلەپ كىرىلگەن كىشىنى ناخشا ۋە مۇزىكا ئورگانىك ھالدا
گىرەلىشىپ كەتكەن سەنئەت قەسرىگە مەرھەمەت قىلىدۇ. ئۈچىنچى مەشرەپ-□مەشرەپ مۇقام
تەركىۋىدىكى نەغمىلەرنىڭ ئاخىرقى چوڭ تارمىغى بولۇپ، بىر مۇقامدا ئىككى يىلدىن 21 گىچە
مەشرەپ بولىدۇ. تولاراق خەلق ناخشىلىرىدىن، قوشاق شەكلىدىكى قىسقا بوغۇملۇق نەزمىلەردىن
ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلانمىسىدىن تەشكىللىنىدۇ. مەزغۇلى بولمايدۇ. كۆپىنچە ساما بىلەن ئۇسۇلغا ماس
كىلىدىغان تاكتىكىلىق كىلىدۇ. ئادەمنىڭ كەيپىنى قىزىتىپ، ئۇسۇل ياكى ساماغا ئۈندەيدۇ.
تاماملانغۇلۋاتقاندا قىزغىن كەيپىيات، تەسىرلىك ھىسسىيات ئەۋجىگە چىقىدۇ□ .ئومومەن ئون ئىككى
مۇقامدىكى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا سالماق باشلىنىپ،
كىشىنى مۇزىكا قاينىمىغا ئەكىرىپ، سەنئەت دۇنياسىدا ھىسلاندۇرۇپ، ئاخىردا پارتلىتىشتىن
ئىبارەت مۇشۇنداق يۆلىنىش بويىچە بىر -□ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ
مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئاجايىپ مۇكەممەل مەنىۋى گەۋدە سۈپىتىدە جۇلالىنىدۇ. ئۇ خەلقىمىزنىڭ
ئىستىتىك ئۆلچىمىنىڭ كونكىرىتلىقىقا ماس. يەنى مۇقامنىڭ گۈزەللىكى شۇ يەردىكى، ئۇ كىشىنى
ھاياجانلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ھاياجاننى ئۇسۇل بىلەن ئىپادە قىلدۇرغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.
مۇقام قوينىدىكى ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا پەقەت قىزغىنلىق ۋە ئوتلۇق كەيپىدىن باشقا
بىر نىمە بولمايدۇ. يەنى مۇقام ئىشتىراكچىسى تەدرىجى ھالدا ئەقلىدىن رىئاللىقتىن ساقىت
قىلىنىپ، ھىسسىيات بىلەنلا تولغان مەخلۇققا ئايلىنىدۇ. شۇڭا مۇقاملاردىن ياۋرۇپا سىمپونىيەلىرىدىن

مەسلەن هايدىننىڭ□ چوشلۇشۇش □بىتخوۋىننىڭ□ قەھرىمانلار سىمپونىيەسى□دىن ئىزدىگەندەك ئەقلىيلىق ئىزلەشنىڭ ئۆزى ئەخمىقانىلىق. ئۇنىڭدىن پەقەت خوشاللىق، قىزغىنلىق، لەززەت ئىزدەش كىرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا□ ئون ئىككى مۇقام □دۇنيا سەنئەت سەھنىسىدە ئالاھىدە بىر قۇتۇپ بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ خەلقىمىزنىڭ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق□.مىلودىيە ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسي خارەكتىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپا مۇزىكا ئىجادىيىتى ئىپادىلەش ئوبيېكتىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن مۇزىكىلىق ئاۋازلارنى تاللاش بولسا، بىزنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىمىز ھىسسىي دۇنيارىمىزدىكى ئىنكاسقا ئاساسەن مۇزىكىلىق ئاۋازى رەتلەشتىن ئىبارەت. يەنى ئىككى ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ بىرىسى ئەقلىي بىلىش يۆكسەكلىگىدە ئېلىپ بىرىلسا، يەنە بىرسى ھىسسىي بىلىش يۆكسەكلىگىدە ئېلىپ بىرىلغان. بۇنداق ئەھۋال مۇشۇ ئىككى خىل ئىجادىيەت مىۋىلىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىمۇ، ماس مىتودلوگىيە ھاسىل قىلىدۇ□ .گېپىمىزنىڭ روشەنلىگى ئۈچۈن، هايدىدا ۋە ئۇنىڭ□ خوشلۇشۇش □ناملىق سىمپونىيەسى بىلەن باغلانغان مۇنۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ ئۆتىمىز . هايدىن ئۆزىنىڭ□ خوشلىشىش □ناملىق سىمپونىيەسى 1722 □- يىلى يازدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ مەلۇم بىر ئاق سۆڭەكنىڭ قەسرىدە سەر سازەندە بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ جاناپ ساز خۇمار كىشى بولۇپ، ھەر يازلىقى ئوركىسىرنى ئېلىپ، هاۋاسى سالقىن بىر كۆل بويىدىكى تۇرالغۇسىدا ئارام ئالاتتى. ئۇ بۇ جايىنى بەك ياقتۇرغاچقا، داۋاملىق ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالاتتى. ئاشۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى .سازەندىلەر خوتۇن باللىرىنى ئويلاپ، ئۆيلىرىنىمۇ سېغىنىشقا باشلىدى. ھىجرانلىق ئازابى دىللىرىنى قاپلىدى. لىكىن تۆرە بۇنى سەزمەيتتى. ئاخىر هايدىن ئۆز ماھارىتى بىلەن، تۆرىگە بولغان نارازىلىقىنى ۋە ئۆتۈنىشنى ئىپادىلەپ مەزكۇر سىمپونىيىنى يېزىپ چىقتى. بىر ئاخشىمى تۆرە بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىرگە خوشال ھالدا زالغا كىرىدى. ئەينى زاماندا ئېلىكتىر چىرىغى يوق بولۇپ، سازەندىلەرنىڭ نوتا جازىسىغا شام يېقىپ قويۇلغان ئىدى. مۇزىكا باشلاندى. باشتا سىمپونىيە مۇقەددىمىسى چېلىندى . ئاندىن بىرىنچى باب يىنىك ئورۇنلاپ، ئۇلاپلا سەلكىن سۇرەتلىك 2 □-باب باشلاندى .بىردەمدىن كيىن ئوچوق ھەيۋەتلىك كەلگەن3 □-باب ياڭراشقا باشلىدى□ .بۇ سىمفونىيە ئەينى ۋاقىتتا ئاز كۆرىلىدىغان كۆتۈرۈلگەن ف دا يىزىلغان بولۇپ، مۇزىكا بابقا ئۆتىشى بىلەن سۈرەت تىخىمۇ ئاستىلاپ، ئۇنىڭدىكى غەشلىك، ھىجرانلىق تېمىشقا باشلىدى .بۇ هايدىننىڭ ئۇسلۇبىغا زىت ئىدى. توساتتىن يۆگىمە سۇنايچى نوتا دەپتىرىنى ئاستا يېپىپ شامنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كيىن، مەيۈس ھالدا سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا نەيچىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش چىقىپ كەتتى. سۇنايچى ۋە سىم تارلىق سازەندىلەرمۇ چىقىپ كەتتى. ئاخىردا بىر جۈپ ئىسكىرىپكىچى قالدى. ئۇ خۇنۇك شام نۇرىنى قوينىدا هارغىن پېتى، سىمپونىيەنى تەنها ئاخىرلاشتۇردى. سەھنىدىكى چىراقنىڭ ھەممىسى ئۆچتى. بۇ چاغدا تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى داڭ قېتىپ قالغان ئىدى. چاۋاك چېلىشنىمۇ ئۇنتىدى .

ئەتسى يۇرتقا قايتىشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ سازەندىلەر مۇراد مەقسىتىگە يەتتى. مانا مۇشۇنداق، ئەقىل ياۋرۇپا مۇزىكىلىرىنىڭ مەيلى ئىجادىيەت جەريانىدا بولسۇن ياكى ھوزۇلىنىش جەريانىغا بولسۇن ئاساسىي ئىشتىراكچى سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ .ئاۋاز دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئاۋاز دائىرىسىدە بولۇپ، كەڭ ئىنتىرۋاللار ۋە يۇقىرى تۆۋەن ئاۋاز دائىرىسىدىكى چوڭ سەكرەشلەر ئاسانلىقچە كۆرۈلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ناخشىنىڭ سىپتىلىغى، ـسىلىقلىغى كاپالەتلىنىپ، كىشىگە ئاجايىپ تەمكىن، مەزمۇت كۈچ قۇدرەت تولغان، ئوچۇق يورۇق تەبىئىي روھ ئاتا قىلىدۇ. ناخشا مۇزىكىلىرىنىڭ سۈرئىتى رىتىمى ئۆلچەملىك، ئۆلچەمسىزلىگى كۈي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، ئىنتىرۋاللارنىڭ ئالمىشىشى ياۋرۇپا ناخشا مۇزىكىلىردەك ئۆزگىرىشچان بولمايدۇ. چالغۇلىرىمىزنىڭ ئاۋاز تۇسىمۇ مەسىلەن، دۇتتار، تەمبۇر بىلەن پىئانىنو چوڭ پەرىقلىنىدۇ. ئۇسۇللىرىمىزدا كوللېكتىپ ھەركەت كۆپ كۆرىلىدۇ. شەخسىي ھەركەت ئاز. ئەمما بۇ ياۋرۇپا ئۇسۇلچىلىغىنىڭ ئەكسىچە بولارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەقلىيلىك ۋە ماھىيەت قوغلاشمايدىغان خارېكتېرىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى .شۇنداق بولۇشىغا قارىماي،□ »ئون ئىككى مۇقام □«ھېسسىلىق بىلەن خارېكتېرلەنگەن مەدەنىيەتنىڭ پەخرى. خەلقىمىزنىڭ تىمەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ شىرنىلىك مۇۋسى. دۇنيادا ئەر □ـ ئاياللارنىڭ تەڭ نىسبەتتە تۇغۇلىشى ھەيران قالارلىق بولغىنىغا ئوخشاش، غەرب ۋە شەرق (جۇملىدىن بىزنىڭ( مەدىنىيىتىنىڭ ئەر ۋە ئايال خارېكتېرى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەپلىنەرلىك. لىكىن بۇنىمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ نىمىشقا مۇنداق مەزمۇت ئىپادىلىنىدۇ؟□قارىغاندا گەپنى ناھايىتى قەدىمى دەۋرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئاشۇ ئىپتىدائىي ئۇچۇلارغا قۇلاق سالغىنىمىزدا قەدىمي گېركلارنىڭ ئادەمنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ؛ مەسىلەن ئەقىل ئىلاھى، گۈزەللىك ئىلاھى، ئۇرۇش ئىلاھى ... دەپ چوقۇنىۋاتقانلىقىغا، خۇدالارنىڭ تەققى تۇرقىنى، تۇرمۇشنى ئادەمگە ئوخشۇتۇپ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقانلىقىغا، ئەكسىچە بىزنىڭ قانداقتۇر بىر ھىسنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن بۆرە، ئۆت، كۆك، ئات، ئاي، كۈن دىگەندەك ئادەمنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرگە ئىلاھى تۈس بېرىپ، چوقۇنىۋاتقانلىغىمىزغا نەزىرىمىز چۈشمەي قالمايدۇ. دېمىسىمۇ ئاشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ بىزنىڭ ئىلاھى تەسەۋۋۇلىرىمىزدا ئەقلى ۋە لوگىكىلىق گەۋدە يوق دىيەرلىك. ئەمما غەربنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ ئەكسىچە .مەسىلەن، پىفاگورنىڭ سان ئىلاھ چۈشەنچىسى، ئارىستوتېلنىڭ « بىرىنچى ھەركەتلەندۈرگۈچى ـ ئىلاھ» چۈشەنچىسى بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتى□.ئومومەن بۇنىڭدىكى سەۋەپ مەيلى نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھېسسىيات بىلەن خاراكتېرلەنگەنلىكى، ئەقىل د ېگەن روھنىڭ كەملىكى بۇ بىر پاكىت. بۈگۈنكى كۈندە بۇنى تونۇپ يېتىش، ياخشىسى ماۋۇ، يامىنى ئاۋۇ دەپ ئايرىش ئۈچۈن ئاتىلىنىشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇھىم□ .

ئومۇملۇقتىن ئېلىپ ئېيقاندا، ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقىمىز:□ ئون

ئىككى مۇقامدەك نامايەندىمىز، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، ناۋايىدەك پەخرىمىز بار. شۇنداقلا غەرب مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يېتەرسىزلىكى بار. لېكىن سىلىشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا غەرب مەدەنىيىتى بىزنىڭكىدىن ئىلغار. بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. بىز يوقىرىدىكى بۆلەكلىرىمىزدە بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەپنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە پەيدا قىلغان مۇكەممەلسىزلىگىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا شەرھلەيمىز .

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇكەممەلسىزلىك؛ بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات ئىلمى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك، ئەدەبىيات نەزىريەسىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق پەنگە بۆلۈنىدۇ . ئەدەبىيات تارىخى ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى ئۆزگۆرۈشىنىڭ ئەھۋالى، تەجرىبىسى ۋە قانونىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەدەبىي ئوبزور بولسا، يازغۇچىلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئېقىم ۋە ئەدەبىيات پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ .ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بولسا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە پەيدا بولغان بارلىق ئەدەبىي ھادىسلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەدەبىي ئوبزور ئەدەبىيات تارىخىغا ئوخشاش، كونكىرتنى ئادەم، ئەسەر ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەر ئۈستىدە تەھلىل قىلىشنى ئاساس قىلمايدۇ. بەلكى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق خۇلاسىلاشقا، ئەدەبىياتنىڭ ئىگىزلىك قانونىيەتلىرىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بىرىدۇ .ئەدەبىيات تارىخى ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ تەتقىقات ماتىرىياللىرى ئاساسىدا پىكىر يۇرگىزىدۇ. ھەم بۇ ئىككى خىل پائالىيەتكە نەزىريۋى ئاساس بولىدۇ. كونكىرتلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات نەزىرىيىسى ئۆزىنىڭ ماھىيىتى ۋە قانونىيىتى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پەن. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ جېنى ھىساپلىنىدۇ. ئەدەبىيات نەزىرىيىسى ھەرگىز قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ كىشلەرنىڭ مەسلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان باي ئەدەبىيات ئەمىلىيىتىدىن سۈزۈۋېلىنغان ھەقىقەت. يەنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ھەر قانداق بىر مەزمونى نەچچە مىڭلىغان پاكىتلار ئاساسىدا لوگىكىلىق تەپەككۇر يۇرگۇزۇش ئارقىلىق چەككىلەنگەن جەۋھەر. شۇڭا ئۇ ھامان ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنىڭ بىيىشىغا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ. ھىچقاچان ئۆزىنى ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ ئالىي سوتچىنىڭ ئۈستىگە قويىۇۋالمايدۇ . لېكىن بىزدە سۇبيېكتىپ قۇرۇلۇشمىزنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى، داۋاملىق بىر كېسەللىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنى مەلۇم بىر دەۋردە قوبۇل قىلىنغان نەزىريە بىلەن ئەمىلىيەت ئارىسغا ئىستخىيسىز ھالدا ئېتىقاد تېمى قوپۇرۇلىدۇ. ئەمىليەتتىن تۆرەلگەن تەپپەككۇر بۇ تامغا ئۇسۇپ يىقىلىدۇ. نەزىريە بولسا مەزكۇر تامنىڭ ئارقىسىدا ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ سوت كوللىگىيسىنىڭ سوت قىلىشىدىن ساقىت بولۇپ، ئۈگدەشكە باشلايدۇ. بىز قېلىپلاشقان ئوقۇملارنى ناھايىتى ئاسانلا ئايەتلەردەكلا يادلىۋالىمىز. تەۋرەنمەس دەستەك قىلىۋالىمىز. پەقەتلا ئەقلى ئاساسي قالمىغان

تەقدىردىمۇ ھېسسىياتىمىز بىلەن تىرەپ تۇرغۇزلالايمىز . ئوبزورچىلىقىمىزدا دائىم ئىلمىيلىكىمىز شەخسىي ھېسسىياتقا تەسلىم بولۇپ كېتىدىغان، ماقالىلىرىمىز ۋاقىراش، جاقىراش، ئاچچىق مەسخىرە، كىنايىلەر بىلەن تولىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر پۈتۈن ماقالە پوپوزا. ھەشەمەتلىك سۆز، يولسىز سۇئال، قىزىغان ھۆكۈم، سەلتەنەتلىك چاقىرىق بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئېنىق دەپ قويۇش كېرەككى: ئىلىم مەيلى ئۇ ئۇلۇغ ھېسسىيات ياكى پەس ھېسسىيات بولسۇن، ھەر قانداقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىر ئىلمىي ھۆكۈمنى تىللاپ قان چىچىۋالساڭمۇ، يەنە شۇ ماختاپ خوشاللىقىڭدا مەست بولۇپ قالساڭمۇ يەنە شۇيەنىلا شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ .بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز ئەدەبىيات ئىلمى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئىلمىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى شەرتسىز قوبۇل كۆرىشى كېرەك. ئەپسۇس سوبيېكتىمىزدىكى يېتەرسىزلىك تۈپەيلى بۇ شۇنداق بولالمايۋاتىدۇ . ھېسسىياتنىڭ مۇشۇنداق ئىلمىي ساھەگىمۇ ئەركىن، توسالغۇسىز كىرىپ چىقىشقا بىلىپ- بىلمەي يول قويۇۋاتىمىز□ .يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى مۇكەممەلسىزلىك؛ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئەسەرنىڭ قانداق چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئادەم، ئالەم ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى پەلسەپۋي قارىشى، ئەخلاق قارىشى، ئېستېتىك قارىشى شۇنداقلا ئەدەبىيات قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ□ .بىزگە مەلۇمكى، بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىشىدىكى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئىچكى ۋە تاشقى ئېھتىياجدىن كېلىدۇ. بولۇپمۇ نەزىرىيۋى بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىشىدىكى سەۋەپ، ئىچكى ئېھتىياج بىلەن يەنى مەزكۇر شەخسنىڭ لوگىكىلىقىقا، مۇكەممەللىككە، ئابستىراكتىلىققا بولغان تەلپۈنۈشىگە باغلانغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھنىڭ تۈرتكىسىدە ئادەم رىئاللىق بىلەن ئۇچرۇشۇش جەريانىدا ئۆزلۈكسىز ئەقلىي قاراشلارنى ئىگەللەپ، چەككىلەپ دۇنيا قارىشىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا سەزگۈسىنى يوقاتمىغان ئادەمگە نىسبەتەن، ۋاقىت دۇنيا قاراش دىمەكتۇر. چوڭقۇرلۇق دىمەكتۇر. بىراق، مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى ئىش يوقىرىقىدەك بولماي قالىدۇ. خەلقىمىز ئالەم، ئادەم توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. كىشلەرنى بىر بىرگە سىلىشتۇرۇپ، ئەستايىدىل ئويلاشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ ...بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ سەزگۈرلىگىمىز، چۈشۈنۈش، خۇلاسىلەش ئىقتىدارىمىز يەنىلا ساددا يۈزەكى سەۋىيىدىن رىشتە ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. ئەقلىيلىككە بولغان تەشنالىق تۆۋەن بولغاچقا، ھېسسىي ماتېرىياللار خۇددى بىرپەس دەھشەتلىك جەدەل يۈز بېرىپ كەتكەن ئۆيدىكى قالايمىقان تۇرغان نەرسىلەردەك رەتسىز باش ئايىغى يوق، پارچە □- پارچە تۇرسىمۇ ئىچىمىز پۇشمايدىغان ئادەتتىن خوشلىيالمايۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قالايمىقان نەرسىلەر ئىچىدىن سەل مەيلىنى تارتقان ياكى مەتبۇئاتتا بېسىلىپ ناممىزنى چىقىرىشقا يارايدىغاندەك تۇيۇلغان بىرنىمىنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا ھېسسىياتنى، ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەرنى چاپلاپ يېزىلىۋاتقان پەدەزلىق ئەدەبىيات ك رىلىۋاتىدۇ . تەپەككۇردىن ھارغىنلىق ۋە يېتەرلىك چوڭقۇرلۇقتا بارمايلا قايىل بولۇپ قالىدىغان، مۇكەممەل

دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىلمىي سىستېمىغا ساختىلىق ئىشلىتىپ، بىرمۇنچە تۇۋرۇكلىرىنى ھېسسىيات بىلەن ئالماشتۇرىۋېتىدىغان كەيىپ تېخى روھىمىزدىن قوغلانمىدى. يەنى ھەرخىل ئىلمىي نەزىرىيىلەر، قاراشلار يازغۇچىنىڭ ئەقلىدە ئېرىپ، قان تومۇرلارغا سىڭىپ كېتىش ئاز كۆرۈلۈپ، ھىسسىياتتا پۈۋلىنىپ مەبۇدلارغا، ئېغىزنى چاكىلدىتىسغان ھەشەمەتلىك قۇدرەتكە ئايلىنىپ كىتىشى تولاراق بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى دۇنيا ئۇبىكتىپ دۇنيا ۋە ئاشۇ دەۋرنىڭ بىلىش سەۋيىسىدىكى رېئال دۇنيا بولماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى تەرىپىدىن كۆپتۈرۈلگەن، ياكى چۈشۈرۈلگەن بۇزۇلغان دۇنيا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى بۇنداق يازغۇچىلار رېئاللىقنى، ئىنسانلار ھەقىقىي چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسرىمۇ ئۇلارنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۇرۇپ بىرەلمەيدۇ. چاچ ئال دىسە، باشنى ئالىدىغان، باشنى ئال دىسە، چاچنى ئالىدىغان ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. كۆلۈپ قويىدىغان نەرسىگە ئاھ- پاھ دەپ توۋلاپ باش قويىدىغان، سوغاقلا قاراپ قويىدىغان نەرسىگە نىجىس، ئىپلاس، دەپ تىللاپ يوق قىلىۋېتىدىغان ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. . ئۆلچەمدىكى مۇكەممەلسىزلىك؛ يازغۇچى ئەسەر قۇرۇلمىسى ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ بولغاندىن كيىن يېزىشقا باشلايدۇ. كاللىسىدىكى ئوي □- پىكرنى قەغەزگە چۈشۈرىدۇ. لىكىن، بۇ ھەرگىز مىخانىك ھالدا بولمايدۇ. بەلكى يازغۇچى بىر تەرەپتىن يېزىش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئويلىغان ئەدبىي قۇرۇلما □ باش تېمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرەلەمدۇ -□ يوق؟ پىرسۇناژلارنىڭ پائالىيتى، ئىپادىسى، تەقدىرى، گەپ -□ سۆزلىرى، ھەتتا كيىنىشى، كۈلىشى، چىراي شەكلى، كۆزى كىشلىك ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ لوگىكىسغا ئۇيغۇن بولدىمۇ -□ يوق؟ پىرسۇناژلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتكە، ئىجتىمائىي پىسخىلوگىيىدىكى لوگىكىغا ئۇيغۇنمۇ - يوق؟ دېگەندەك سوئاللار بويىچە تەكشۈرىدۇ. بىرىنچىلەپ ئۇ يېزىش جەريانىدا بىلىپ بىلمەي تەكشۈرىدۇ. بۇ ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇدۇ؟ بىزنىڭچە يازغۇچىنىڭ تالانتى دەل مانا مۇشۇ يەردە. خىلى روشەن ئىپادىلەنسە كېرەك .ئاندىن ئىستىخىيلىك ھالدا تەكشۈرۈشى مۇمكىن. مەيلى قانداق تەكشۈرۈش بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بىر قاتار ئۆلچەملەر ئاساسىدا بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۆلچەم يازغۇچىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا بىكىنگەن بولۇپ، كۈچلۈك سوبيىكتىپچانلىققا ئىگە .مۇشۇنداق بولغاچقا بىز داۋاملىق مۇشۇ جەھەتتە لوگىكىسىزلىقتىن قول ئۈزەلمەيدىغان بىر يېتىشسىزلىكتىن خالى بولالمايۋاتىمىز□.ئېنىقكى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ، ئەقلى گۈزەللىككە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى: سەنئەتكارلارنىڭ ئۆزى ياراتقان ئوبراز ئاساسىدا ھېسسىي باسقۇچتىن ئۆتۈپ كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇرىدا تەدرىجى ھالدا باش تىما ئىدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنداق ئاسانلا ئۆتىدىغان ئۆتكەل ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن لوگىكىلىق تەپپەككۇر كىتاپخانىغا ھىسسىي بىلىش بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قايىللىق بىرىشى، ھەم بۇ يىتەرلىك بولۇشى لازىم. ئەمما بىزدە بۇ يىتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. پۈتكۈل ئەسەر كىتاپخانىنىڭ قەلبىدە يىتەرلىك ھىسسىي

بىلىش تونۇلمايلا، ئەقلى بىلىشكە ئۆتتۇۋالىدىغان ئەھۋالغا يول قويۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرلەر ھاپىلا ـ□ شاپىلا يېزىلىپ قالىدىغان، ھېسسىيات قانداقتۇر بىر تاشقى نەرسىلەرگە چاپلىنىپلا، قايىللىق ئىزدەيدىغان ئىستەكلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان يېزىش ئىستىللىرىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىمىزدە ئەركىن ئازادە كىرىپ چىقىشىغا بىر نىمە دىيەلمەيۋاتىمىز□ .ئىستىتىك ئۆلچەم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىي گۈزەللىككە بولغان سەزگۈلىگىمىز، تونىشىمىز يوقىرى. ئەمما ئەقلى گۈزەللىككە بولغان سەزگۈرلۈكىمىز تۆۋەن. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر كەلگۈسىدە چوقۇم ئوتتۇرىغا چىققۇسى□.تەپپەككۇردىكى مۇكەممەلسىزلىك: دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمونى يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئوبىكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئوبىكتىپ ئامىل ۋە سوبىكتىپ ئامىلدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوبىكتىپ ئامىل دىگىنىمىز، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆرسىتىدۇ. سوبىيكتىپ ئامىل دىگىنىمىز، يازغۇچىنىڭ ئەسەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن سوبىيكتىپ تەسىراتى، چۈشەنچىسى، باھاسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى يازغۇچى تۇرمۇشنى مىخانىك ھالدا رەسىمگە ئالمايدۇ. بەلكى ئىپادىلەش ئوبىيكتى ئۈستىدە قايتا ـ□قايتا ئويلىنىدۇ .پىششىقلايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئەسەر لوگىكىلىق تەپپەككۇر ئۈستىگە قۇرىلىدۇ. ئىنسان سوبىيكتى ئۇ ئارقىلىق باھا، چۈشەنچە شەكلىدە ئەسەرگە سىڭىدۇ. شۇغىنىسى بىزنىڭ تەپپەككۇرىمىز سوبىيكتى قۇرۇلمىمىزدىكى پايدىسىز تەرەپنىڭ ئىسكەنجىسىدە قىلىۋاتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى باياندىن ھىس قىلالايمىز □ .

□ ئادەتتە مېتىر بولمىغان شارائىتتا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى سائەت بىلەن ئۆلچەشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: قۇدۇققا بىر نەرسىنى تاشلايمىز. ئۇنىڭ تاشلانغاندىن تارتىپ سۇغا چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقىدىكى ۋاقتىنى ھىسابلاپ، ئەركىن چۈشكەن جىسىم فورمۇلاسى □2□h=[SX(]1[]2[SX)]gtئارقىلىق قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەگەر سىز دەل ئەركىن چۈشكەن جىسىم ھەرىكىتىنى پۇختا بىلىدىغان ئوئۇغۇچىدىن يىنىڭىدا بىر قوزا ۋە بىر تال سائەت بار، شۇنداق بولغاندا سەن بۇ ئىككى نەرسىنى ئىشلىتىپ، مېتىر ئىشلەتمەي، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقىنى تېپىپ بىرەلەمسەن؟ دەپ سورىسىڭىز، چوقۇمكى، ئۇ ئۇزاق ئويلۇنۇپ كېتىدۇ. ھەتتا تاپالمايدۇ. قوزىنى قۇدۇققا تاشلاپ، فورمۇلا□□□□□2□h=[SX(]1[]2[SX)]gt ئارقىلىق ھېسابلاشنى ئاسانلىقچە خىيالغا كەلتۈرمەيدۇ .چۈنكى قوزىغا بولغان ھېسسىيات ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقلىنى چەكلەپ قويىدۇ. ناۋادا ئۇ ئەگەر قوزىنى قۇدۇققا تاشلاشقا بولسا، دەپ پەرەز قىلالىغان بولسا مەسىلىنى ناھايىتى تېزلا ھەل قىلىۋېتەلەيتتى□ .مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىل ھېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قىلىۋاتقان، تەپەككۇر راۋانلاشمايۋاتقان ئەھۋال ناھايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال ئوبىيكتلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە بولغان ھېسسىياتنىڭ ئۇنداق

مۇنداق بولىشى، ھەشەمەتلىك ياكى تىلغا ئالغۇسىز ۋە ياكى نەپرەتلىك□... بولىشى تەپپەككۇرىمىزغا ماس مەيدان ھازىرلاپ، ئۇنى ئەركىنلىككە چىقارمايۋاتىدۇ□.بۈگۈنكى دەۋرىردە دۇنياۋىي ئەدەبىيات قانداقتۇر بىر ئەخلاقى نىشاننى مەنزىسى قىلىپ ئەسەر يازىدىغان، ئادەم ئۇنداق بولىشى كىرەك، مۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قېلىپلاشتۇرۇشنى قوغلىشىدىغان بالزاك ۋە تولىستويى دەۋرىدىن ئۆتۈپ، ئىنساننىڭ ماھىيىتى، جەننەتنى ئىزدەيدىغان دەۋرگە قەدەم قويىدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يازغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئالدى بىلەن تەپپەككۇردىن ئىبارەت. مۇشۇنداق شارائىتتا تەپەككۇرنىڭ يۇقىرقىدەك كەلمىشتە بولىشى ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق□.ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ يوشۇرۇن ئاڭغا چۆكىشى ۋە ئۇزۇن تارىختىن بۇيان تەپپەككۇرنىڭ ئېتىبارسىز قىلىش، بىزگە نۇرغۇن تەرەپلەردىن زىيان ئېلىپ كىلىۋاتىدۇ. بۇنى بۇ يەردە كۆرسەتمىسەكمۇ پەرەز قىلماق ئاسان. رېئاللىقتا تۇتقان پوزىتسىيىدىكى مۇكەممەلسىزلىك دېمەكچى بولغىنىمىزنىڭ روشەن گەۋدىلىنىشى ئۇچۇن، گەپنى□ دۇنيا ئەدەبىياتى ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان » □ئۇنىڭمۇ بالىسى باركەن «□سەرلەۋىلىك فوتۇ سۈرەتتىن باشلايلى .ئەسەرنىڭ ئىدىيۋى مەزمونى جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەۋەس ۋە پەرق ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلاردىن باشلىنىدۇ. ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەۋەسنىڭ ئوبيېكتى ئوخشاش بولمايدۇ .پەرق بارا - □ بارا ئىچكى تۈس ئالىدۇ ,دىگەندىن ئىبارەت. بۇ ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا چوڭ بىر بايقاش. يالىتراپ تۇرغان ئەقلى گۈزەللىك. ئەمما بىز ئۇنداق كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلمايمىز. ئېنىقكى شۇنىڭ بىلەن يالتراپ تۇرغان ئاشۇنداق ئەقلى گۈزەللىككىمۇ ئېرىشەلمەيمىز. ئويلاپ باقايلى، بىز قىزلىرىمىز -نىڭ «دادا ياكى ئاپا مېنىڭ نېمىشقا ئۇكامدەك ياكى ئاكامدە ك چولدۇرۇم يوق؟ »دەپ سەبىلەرچە سوراشلىرىنى ئاڭلىمىغاندىمىزمۇ؟ نىمىشقا ئاشۇنداق ئوتتۇرىغا چىققاندا خەقلەردەك ئەقىلگە مۇۋاپىق شەرىھلەشكە ئۇرۇنمايمىز؟ □ئۇ ئەسىرىنى يازغاندا ھەرخىل كۆز ئېپادىسى ئارقىلىق پېرسۇناژلارنىڭ مول ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلىگەن. نىمىشقا بىزدە ئۇنچىلىك كۈزۈتۈش قابىلىيىتى كۆرۈلمەيدۇ؟ رىئاللىق ئاجايىپ مول دۇنيا. ئۇنىڭدا ھەرخىل ھەر ياڭزا ئادەم، ھەرخىل ھەر ياڭزا ئىشلار بولىدۇ. يازغۇچى ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھامان مۇشۇ رىئاللىق ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئەپسۇس بىزنىڭ خېلى كۆپ يازغۇچىلىرىمىز رىئاللىق بىلەن بولغان مۇئامىلىدە مەۋجۇتلۇقلارنى مەدھىيىلەيدىغانلار، ئوتتۇرىدىكىلەر، نەپرەتلىنىدىغانلاردىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئۈچ ھىسسىيات لاگېرىغا تەقسىملىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. رېئالى ھېسسىياتلارنى، ئۆزىنىڭ رېئالى قىياپىتىنى كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ. بۇ بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان سوقراتنىڭ□ دۇنيا بەكمۇ رەزىل، ئادەم ئۆزىنىڭ خىيالى دۇنياسىدا ياشىشى كېرەك □دىگەن ئىدىيىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ناۋادا يازغۇچى مانا مۇشۇنداق رىئاللىقنىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپ تۈزۈلمىسىنى ئېلىك ئالماي، ئۇنىڭغا قوپال سەممىيەتسىز مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، رىئاللىقمۇ

ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.يازغۇچىنىڭ رىئاللىققا تۇتقان مۇئامىلىسى ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. يەنى سەنئەتنىڭ چىنلىقىنى قوغلىشىدىغان يازغۇچى ياراتقان ئوبراز ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى، قانونىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەينى رىئاللىق ئىچىدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىپ، ئاشۇ خاراكتېردىكى لوگىكا بويىچە ئۇنىڭ ھەركىتىنى تەقدىرىنى يازىدۇ. لېۋ تولستوي بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن ئىدى.مېنىڭ ئەر ـ ئايال پېرسوناژلىرىم بەزىدە ماڭا شۇنداق كەپسىزلىك قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۇنداق كەپسىزلىگىنى راسلا ياقتۇرمايمەن. ئەمما ئۇلار ئەمىلىيەتتە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، ھەم تۇرمۇشتىمۇ دائىم شۇنداق ئەندىزىدە پائالىيەت قىلىدۇ .ئاپتور بولغان مېنىڭمۇ رايىمغا باقمايدۇ ①بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭ ئاننا كالىننا رومانىنى يېزىش جەريانىدا روشەن ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى ئەر پېرسوناژنىڭ تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى بىلەن ئۇ بۇرۇن ئويلاپ باقمىغانىكەن. لېكىن پېرسوناژلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي ئامال يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز شۇنداق يېزىشقا مەجبۇر بولغان. مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ئۆزىمىزنى باھالاپ باققىنىمىزدا، بىز ئەسەرلىرىمىزدە ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى پېرسوناژ خاراكتېرىنى تۇرغۇزۇشىمىز ۋە مەزكۇر پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇاللىقىدىكى لوگىكىلىق راۋاجىنى يېزىشتىمۇ تازا دېگەندەك ئەمەسلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. شېئىرىيەتتە تېخىمۇ بەك شۇنداق .ئىجادىيەت ھالىتىدىكى مۇكەممەلسىزلىك: ئېنىقكى ئىجادىيەتكە كىرىشۋاتقان سۇبيېكتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتى ئىجادىيەت تۇسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولىشىغا قارىماي بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئارىسىدا بىر قاتار غەيرى نورمال ھادىسىلەر كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ ئەڭ روشەنلىرىدىن بىرى بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز نام ـ ئابروي، ئالىي جاناپلىققا بولغان تەلپۈنۈشنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى پەدازلاپ، ئاندىن يازىدىغان ئەھۋال خېلىلا ئېغىر، پىسخىكىمىزدا ئالدى بىلەن ئۆزىنى قايىل قىلىپ، ئاندىن باشقىلارنى قايىل قىلىش روھى كەم بولغاچقا، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىدىغان، تىللايدىغان نەرسىلەرنى ماختايدىغان بولىۋاتىدۇ.

. ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى، قانداق ھېس قىلىدىغانلىقى، نېمە دەيدىغانلىقى بىلەن كارى بولماي، قانداقتۇر بىر ھېسسىياتلارنى سۈنئىي قوزغاپ، تاشقى دۇنياغ چاپلاۋاتىدۇ. شەك شۈبھىسىزكى بۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئەڭ لەنىتى ۋىجدانسىزلىق، مۇشۇنداق يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بىر تالاي ئالدامچىلىقتىن، گەپتانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.يولداشلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى بىلىدۇ. بىز بۈگۈنكى دەۋردىكىلەر ئاشۇ ئون يىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىنى؟ دەپ سوراشقا ھەقلىقمىز. نەچچە يىلدىن بېرى بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات سىياسىي ئۆلچەم بىلەن كىسىلىپلا گۆرگە تاشلىۋېتىلدى. پۈتۈن گۇنا سىياسىغا ئارتىلىپلا تۈگىدى. ئەپسۇسكى بۇ ئادىللىق ئەمەس، چۈنكى، تاشقى مۇھىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادەم سوبىكتىپ كۈچ

قۇدىرتىنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدۇ. چوقۇم ئەدەبىيات نەزىرىيە خادىملىرى نىمشقا بۇ مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ نىمشقا شۇنچۇۋالا ئادەم يەڭگىلتەكلىك بىلەن يازىدۇ؟ نىمشقا ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ئۆزىنى ياساپ، دوراپ يىزىۋاتقاندا ئازاپلانمايدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى قايىللىق ئۇستىگە ئەمەس،گىزىت ـ□ جۇرنال، رادىئولاردىكى چاقىرىقلار ئومومەن خەقلەرنىڭ زىيان ئۇستىگە ئىجادى پائالىيتىنى ئولتۇرغۇزغىنىغا تاقەت قىلىدۇ؟ دەپ ئىزدىنىپ بىر قاتار ساۋاقلارنى خۇلاسلەپ چىقىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بۇ ئىلمى بولىدۇ. هازىر ناهايىتى ياخشى سەلبى دەرسلىك بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭچە شۇ دەۋرىدىن بىزگە قىلىشقا تىگىشلىك ئەڭ ئاچچىق ساۋاق يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەدەزلىنىپ يىزىشنىڭ رەزىللىگى، ئىجادىيىتى ئۆز كۆڭلىنىڭ قايىللىقى ئۇستىگە ئەمەس باشقا نەرسلەرنىڭ ئۇستىگە قويىدىغانلىقى، دورامچىلىغى بولۇشى كېرەك.

بۇنداق بولىشى بىزنىڭ ماهىيتىمىز بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەچكە، يۇقارقى ئەهۋاللار تا هازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. مەسلەن، ئەملى تۇرمۇشتا بىر قىسىم يازغۇچى شائىرلارنىڭ گويا خۇمرى تۇتقاندەك ئاه ۋەتەن، پاه ۋەتەن، ساڭا پىدا بۇ جان دەپ توۋلاپ قۇيۇپ، ئەتىسلا بىر كوي مۇئاشى ئۇچۇن تىك تۇردىغان، هاراقكەشلەر ئۇ "هاراقكەشلەربۇ"دەپ تىللاپ قويۇپ، ئۆگىنىلا ئۆزى كوچىدا يىتىپ قالىدىغان، كۆرەلمەس ئۇنداق"تەخسكەش مۇنداق"دەپ نەپرەتلىنىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزى شۇنداق قىلمىغان ئەهۋاللارنىڭ مەۋجۇتلىقى بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتى□.هازىرقى زامان پىسخىلوگىيىسىنىڭ ئومومي قانونىيتىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ مىڭە پائالىيتىنىڭ بىر قىسمى كۆڭۈلگە تايىن هالەتتە، كۆپ قىسىم يوشۇرۇن هالەتتە ئېلىپ بىرىلىدۇ. ئۇنى مەزكۇر شەخسنىڭ ئۆزىمۇ سەزمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئەدەبىيات سەهنىمىزدىكى كۆپ قىسىم كىشلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، پەدازلىنىپ يېزىش، ئىجادىيەتنى ئۆز قايىلىقى ئۇستىگە قۇرماسلىق، دورامچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە قارشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سوبيېكتىمىزغا چۆككەن مەدەنىيەتلىك ئالاهىدىلىكى بىلەن تۇتاشقاچقا، ئەملىيەتتە ئاشۇنداق پەدازلىنىشتىن خېلى زور دەرىجىدە خالى بولالمايۋاتىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا يازغۇچىلار ئۆزىنى تەكشۈرگەندە بۇ ئىللەتلەرگە ئۆچ ياكى ئۆچ ئەمەسلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دايىملىق ئىجادىيەت ئەملىيىتىگە، مۇۋلىرىگە قارشى لازىم. ئىنسانىيەت20ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتا□ ئادەملەر ئىلمىيلاشقان بىر دەۋرگە كىرىدى: بۇنىڭدىن كېينكى ئىشلار ئىلمي يوسۇندا ئېلىپ بىرىلىدۇ □دەپ قىلىنغان تەسىرلىك هۆكىمنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئەسىر ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە مىليونلىغان كىشلەرنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. **549** □يىلى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، تا هازىرغىچە قانداقتۇر بىر نېمىلەر ئۈچۈن، بىر ـ بىرىنى قانلىق قىرىشىدىغان بۇنداق هادىسە يوقۇلۇپ باقمىدى. ئۇ مىنى مۇش ئېتىپ قالامدىكىن دەپ مەن ئۇنى مۇش ئېتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ ، پەقەت شۇنداق بىر ۋەس ـ□ ۋەسە ئۈچۈن قۇرىۋالغان ئاشۇ بىمەنە

ھەربى قىسىملارغا ئاجراتقان خىراجەت يىلدىن -□ يىلغا ئاشتى .خۇددى ئېيىروت□ ئىچى غال □- غال ئادەم □دىگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك□ بۇ دۇنيا ياكى دەھشەتلىك بىر سادا ۋە ياكى چىرقىراش بىلەن ھالاك بولىدىغاندەك بولۇپ قالدى. ئاتوم ئېنىرگىيە تېخنىكىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنيانىڭ تەغدىرى ئاخىرى بىر كۇنۇپكىغا باغلاندى. بۇنداق ئەمىلىيەت ئىنساننىڭ ئەقلى دۇنياسىنى سۇئال بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، بىر قاتار ئۇندەش بەلگىسى بىلەن توشقۇزدى. ھاياتلىق ئىلمىي تېخنىكىسى، ئېرسىيەت قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، گېن ئوپېراتسىيىسى ۋە ئادەمنى پىروبىركىدا يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنى ياساشنىڭ ئۆزگەرتىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى نامايەن قىلدى. ئىنساننىڭ ئەخلاق قاراشلىرىغا، ھېسسىياتىغا، تەبىئىلىك سېزىمگە رەھىمسىزلەرچە زەربە بەردى. ئاجايىپ مۇرەككەپ سۇئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. مىڭە ئىلمىنىڭ يۈزلىنىش ئادەملەرنىڭ ھاياتنىڭ مەنىسى، قىممەت ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى بىر قاتار قاراشلىرىئىنى قالايمىقانلاشتۇ -رۇۋەتتى. ماشىنا ئادەم، ئېلىكترونلۇق مىڭە سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆپ نىگىزدىن ئېيتقاندا ئۆزىنى ھايۋان بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن. ئۆزى ھەققىدىكى پەلسەپۋى بىلىشى قاسراق تاشلاپ، يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتىرىلدى. يەنە نۇرغۇن سۇئاللار باش كۆتىرىپ نەشتەردەك سانجىلىشقا باشلىدى. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى، شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. سانائەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە تاۋار ئېگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ ئەھۋال تەبىئەتنى تەرتىپسىز بۇلاشنى ۋە دەپسەندە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر شارى خاراكتېرلىك ئېكىلوگىيەلىك بۇزۇلۇش پەيدا قىلدى .سانىسىزلىغان ئورمانلار كېسىلدى. ھايۋانلار يوقىلىش گىردابىغا كىلىپ قالدى. كۆل، دەريا، دېڭىزلار قۇرىدى. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى مۇشۇئەسىرنىڭ بېشىدىكى بۇلغۇنۇش پىرسەنتىگە 20%قوشۇلۇپ، يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان□ئاتموسفېرانىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزىۋەتتى. نەتىجىدە قۇرغاقچىلىق، بوران، سۇ ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى.بىز ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل شارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامغۇدەك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتۇقمۇ نېمە ؟ دەپ ئەنسىرەپ قالدى. نېفىت، كۆمۈر، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنىرگىيە مەنبەلىرىنىڭچەكلىملىگى ھەممە نىمىنى زاۋۇت، ماشىنا، ئېلىكتر چىرىغى، كىنو، تېلېۋىزور...لارنى يەپ تاشلاپ، ئىنسانلارنى نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى بىر زامانغا ئاپىرىپ قويىدىغان يەجۈج □-مەجۈجلەردەك مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدە باش كۆتەردى□ .ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئادەم ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مەدھىيە ئوقىماي تۇرالمايدۇ. بۇنى بۇ يەردە ئالاھىدە سۆزلىمىسەكمۇ يولداشلارغا ناھايىتى ئېنىق. شۇنداق بولغاچقا 20-ئەسىر ئازاپ ۋە چۈشكۈنلۈككە ھەم خوشاللىق ۋە ئىجادىيەت روھىغا تولغان ئەسىر. مانا بۇ مۇشۇ ئەسىر كىشىلىرىنىڭ كەيپىياتى بەلگىلىگۈچى ئوبىكتىپ ئامىل بولۇپ قالدى□ .مۇھىت جەھەتتە ئېلىپ

ئېيتقاندا، 20 □-ئەسىر پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 90% ئالىم ياشىغان دەۋر بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى ھەر كۈنى دىگۈدەك يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. كۆپ قاتلام كۆپ خىل يۆنىلىش بويىچە جۇلالىنىپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋاتىدۇ. 50 □-يىللاردا باشلانغان3-قېتىملىق دولقۇن □پۈتكۈل دۇنيا ئەندىزىسىنى بۇزىۋېتىپ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئۆزگۈرۈشنى تىزلەتتى .ئىجتىمائىي رىئاللىق سانائەتنى تۆمۈر قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇچۇرغا يېپىشتى .زىيالىلار ئەڭ نادىر ئىشلەپ چىقارغۇچىغا ئايلاندى. پەن □- تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياج تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇكەممەللەشتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە ماس قەدەملىك سۈنئىي ھەمرا يەر شارىنى قاپلىدى .دۇنيا زور دەرىجىدە تارىيىپ ئۆتمۈشتىكى بىكىنمە ھالەت ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولدى .ھەم بەربات بولىشى زۆرۈ بولۇپ قالدى. دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە رايونلار ئارىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى. بىكىنمە، تار، ئاددىي، مىللىي ۋە رايون خارەكتىرلىك نەرسىلەر بارغانسىرى ئازىيىپ، ئەكسىچە ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر كۈنسايىن كۆپەيدى. ئىجتىمائىي رىتىمنىڭ تىزلىشىگە ئەگىشىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش □- ئىنكار قىلىش □- ئىنكارنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت مانا مۇشۇ بىلىش قانونىيەت ھالقىسىنىڭ دەۋرى قىسقىراپ، چوڭقۇرلۇقتىن -چوڭقۇرلۇققا ماڭىدىغان ئاجايىپ شىددەتلىك مۇھىت مەيدانغا كەلدى□ .ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئادەملەر ۋە مىللەتلەر ئارىسدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقتىن ئادەمنىڭ ئاجايىپ تۈزۈلىشىنى كۆردى. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئىنسان تەپپەككۇرنىڭ تاشقى دۇنيا، تەبىئەت ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تاشلىنىپ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا ھەيراق قالدى. مۇشۇ ئەسىر مابەينىدە ئىنساننىڭ سوبىكتى توغرىسدا ئاجايىپ ئۇلۇغ نەتىجىلەر ئارقا -□ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو، ئامرىكا، تۈركىيە دىگەنلەرنىڭ بىر جۇغراپىيىلىك نام ئەمەسلىگىنى،ئەر -□ئايال دىگەننىڭ پەقەت فىزىلوگىيەلىك تۈزۈلۈشكىلا قارىتىلمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدى . ئۆتكەنكى يىللاردا دەل مۇشۇ سوبىكتىپ تۈزۈلۈشكە بولغان تونۇشنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن ئادەملەرنىڭ بىكاردىن -□ بىكار ئۆزئارا تىللىشىپ يۈرگەنلىكنى، قان تۆككەنلىكنى، بەختسىز بولۇپ قىلىشقانلىقلىرىنى سەزدى .ئاجايىپ مۇرەككەپ كۆپ قاتلاملىق ھېسسىيات كەيپىدە ئۆتمۈشكە قايتىدىن سەپ □- سېلىپ، ئويلاشقا، تۈزىتىشكە، شاللاشقا باشلىدى. ئەڭ ئۇلۇغ ئالىي جاناپلىقنىڭ باشقىلارنى چۈشۈنۈش، ئۇلارغا ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈش، كەڭ قورساق بولۇش خاھىشى ئىكەنلىكنى بىلدى-20□ .ئەسىر ئەدەئىبىيات مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پۈتۈن ئەدەبىيات مۇھىتىدا ئۆزگۈرۈش يۈز بىرىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تولغىقى پەيدا بولدى. 20 □ -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرىب كاپىتالىزىمى جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى.. ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەسىدە مىللىي ئازاتلىقنى ۋە

مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتى كۆتۈرۈلدى. ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۆنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. 20ـ ئەسىردە رېئالىزىم دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە مۇشۇ بويىچە كونا يازغۇچىلار داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە يېڭىچە يازىدىغان يازغۇچىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى يېڭى ـ يېڭى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى مۇنتىزىم باش كۆتەردى .مۇنتىزىم ئەنئەنىگە قارشى تۇس ئالغان قىياپەتتە ياۋرۇپا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىپ، ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. 02  يىللاردا ئۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئۆزى پەيدا بولغان زېمىدىن ھالقىپ، باشقا رايونغا تارقالدى. خەلقئارالىق ئەدەبىيات ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىلىرىنى ۋەئەسەرلىرىنى ياراتتى .گەرچە 1939  ـيىلى 2 دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، ئەدەبىيات ئاز ـتولا توسالغۇغا ئۇچرىغان بولسىمۇ لېكىن، ئەدەبىيات ھەركىتى توختاپ قالمىدى. بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات فاشىستىك ئۇرۇشقا قارشى ئېلغار ئەدبىيات بولۇپ نەتىجىلەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋرۇپا، ئامرىكا قىتئەلەردىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ئارقا  ئارقىدىن سەھنىگە چىقتى. مۇدىرنىزىم 50 ـ60ـيىللارغا كەلگەندە ياۋرۇپا ئامرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىنى ئىگەللىدى. مۇشۇ مەزگىلدە لاتىن ئامرىكىسىدا پەيدا بولۇپ نەتىجە ياراتقان سېھرى رېئالىزىم ئەدەبىياتى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتى ساھەسىنى زىل  زىلىگە سېلىپ، » پارتلاش ئەدەبىياتى «دەپ ئاتالدى. رېئالىزىملىق ئەدەبىيات بولسا يەنە بىرقېتىم مۇدىرنىزىملىق ئەدەبىيات ۋە لاتىن ئامرىكىسدا باش كۆتۈرگەن سېھرى رېئالىزىملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ قايتا باشقا ئېقىملار بىلەن قارشىلىشالمىدى. ئەكسىچە ئاقلانلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇنىڭدا ئىبارەتكى: ئۇنىڭ سوبىكتىغا بولغان ئىتىبارلىق ئىنتايىن يوقىرى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇدىرنىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىدىن تۇرمۇشنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ئەينەن يازماي، سوبىكتىپ تەسىرات ۋە ئىچكى ماھىيەتنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىچكى پائالىيەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئالەمنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭچە بۇ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان ئۆزگە قايىللىق ئىزدەش روھىنىڭ تىخىمۇ يوقىرى پەللىدە ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان.
ـ20ئەسىر ئەدەبىياتى شەكىللەنگەن مۇھىت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى: بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەقلىيلىقتا تۇتقان مۇئامىلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئەسەرلەر ئەزەلدىن رېئال شەيئىلەرنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، جانلىق، مۇكەممەل ھېكايەتچانلىق ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن پېرسوناجلار ئوبرازى ئارقىلىق مەزمون ئىپادىلىگەن ئىدى ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگۈرۈش بولۇپ،

ھەممىسىنى ئابستىراكتىلاشتۇرۇش، ئەقلىيەلەشتۈرۈش، كورىدىناتلاشرۇشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھازىرقى زامان سەنئىتى دۇنيا ۋە ئادەمنىڭ پائالىيتىئى، كۆرۈشكە، سىزىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشكە قىزىقىپلا قالماي، كونكرىت ھالىتى بولمىغان، ئوڭايلا بايقىغىلى بولمايدىغان، مۇھىم قانونىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنماقتا. ئۆتمۈشتىكى ئۇ خىل نوقۇل تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات ھازىر ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئەقلى ئويلۇنۇش يازغۇچىلارنىڭ ئىتبارىغا ئېرىشتى. يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئالەم كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت جەمئىيەت، ئەخلاق جەھەتلەردىكى زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارغا ئەستايىدىللىق، سەممىيلىك بىلەن جاۋاب ئىزدەۋاتىدۇ. تىخى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قۇيۇش بىلەنلا پاش قىلىش ۋە مۇنداق بولسا ئۇنداق بولىدىكەن دىگەندەك خۇلاسىلەش بىلانلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۈستىدە پەلسەپۋى يۈكسەكلىكتە، دىمىكاتىك كەيپتە تۇرۇپ باش قاتۇرۇپ ئەدەبىياتقا ھۆسن قوشىۋاتىدۇ. ئەقلىيلىق قىياس قىلىشقا ئىتبارلىق بەرگەنلىكتىن ئوبرازچانلىق ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئابستىراكتلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز ئەندىزلەشتۈرۈش، خىللاشتۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر قانىتى بولغان ئوبزورچىلىق، نەزىرىيە تەتقىقاتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار پەن سۈپىتىدە ھەر قايسى پەنلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى، □»سىستىما تەنقىدچىلىكى«□ ،.□ »ئۇچۇر تەنقىدچىلىكى«□ ،□ »دىنامىكا تەنقىدچىلىكى□ «□ئىستاتىستىكا تەنقىدچىلىكى □بۇنىڭ روشەن مىسالى□.دىمەك بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىيات يازغۇچىلاردىن ئاجايىپ دىئالكتىك كاللا، يۈكسەك پەرقلەندۈرۈش، چۈشۈنۈش قابىلىيتىگە ئىگە تەپپەككۇر ۋە ئەقلىيلىققا، ئابستىراكتلىككە ئىنتىزار روھنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ زور دەرىجىدە تارىيىشى ۋە بىلىمنىڭ كۆپ قاتلام، كۆپ يۆنىلىش بىلەن شەخسىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىشى، ھېسسىي ماتېرىياللارنى توپاشنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كىڭىيىشى ئادەمنىڭ بۇ ماتىرىياللار ئۈستىدە كۆپ قاتلام ۋە كۆپ يۆنىلىش بويىچە سىستېمىلىق ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرىيتىنى بەلگىلىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى، ماھىيەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيەتنىڭ تومۇرىغا ئەقلىيلىق ئىزدىگەن روھنىڭ سىڭىش جەريانىدۇر. بىز يوقىرىدا بىر قاتار بايانلار ئارقىلىق گەرچە كىچىككىنە بىر ماقالە بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىياتقا باھا بىرىش قىيىن بولسىمۇ، يەنىلا قانداقتۇر بىر يەرلەردىن چىقىپ، مەدەنىيتىمىزنىڭ تۈپكى خارەكتىرى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئىپادىلىگەن يىتىشسىزلىكى، شۇنداقلا دۇنياغا يۈزلۈشنىڭ تەلۋى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇتۇپ ئۆتتۈق. كىتاپخانلار مۇشۇ تاپتا ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۇئاللارغا: بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەپ: مەدەنىيتىمىزنىڭ خارەكتىرىدە سوبىكتىپ قۇرۇلمىمىزدا ئەقلىيلىق ئىزدىگەن روھىمىزنىڭ يىتەرلىك بولمىغانلىقىدا دىگەندەك مەزمۇندا جاۋاپ بېرىدىغانلىقىمىزنى ئاز ـ تولا ھىس قىلدى. دېمىسىمۇ بىز ئاشۇنداق جاۋاپ بېرىمىز. بۇ جاۋابىمىزنى

مادda

ئايلىنىشى لازىم. كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تەبىئىي پەن ئۈگىنىشى، ئۇنىڭ روھىنى ئۆز جىسمىغا كىرگۈزىشى، تەبىئىي پەننىڭ مول متودولوگىيىسى بىلەن قوراللىنىشى كېرەك. پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قولىدىن بالا ئوقۇتۇش، تەرجىمە قىلىش، كەتمەن چېپىش، شئىر ھېكايە يېزىش ئومومەن قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغاندەك تۇرغان.خەقلەر ئايغا چىقىۋاتسا تۇنجى ئايرۇپىلان ھەيدىگۈچى، تۇنجى پويىز شوپۇرى دەپ گېزىت -جۇرناللىرىمىزغا پەخىرلىك چىقىرىشقا مەجبور بولىۋاتقان، مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تېخمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيتى ئۇچۇن كۆرىشىۋاتقان ئوغلانلارنىڭ ئالدىدىكى زۆرۈر ۋە مۇشەققەتلىك بىر ۋەزىپە .

**1991-يىلى 21 - ئاي**

**مەنبەسى : شىنجاڭ مەدەنىيتى**

# ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم

## ئابدۇرېھىم دۆلەت

ساۋاتلىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە نۇزۇگۇمنى بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك، ھېچبولمىغاندا ئاڭلاپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما نۇزۇگۇم تېمىسىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن، ئوخشىمىغان ژانىردا قايتا ـ قايتا يېزىلغانلىقىنى بەلكىم خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلمىسە كېرەك. ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ قەھرىمانىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆز قەھرىمانىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئۇلارنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، قەھرىمانلىرىغا ئاتاپ ئەسەرلەر يېزىشىدۇ.

مەلۇمكى، «نۇزۇگۇم» تېمىسىغا ئوخشاش، ئوخشىمىغان يازغۇچى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان ماكان، زامانلاردا تەكرار يېزىلىدىغان بۇنداق ئىجادىيەت ھادىسىسى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ھەرگىزمۇ يېگانە ھادىسە ئەمەس. مەيلى غەرب ئەدەبىياتىدا، مەيلى شەرق ئەدەبىياتىدا بولسۇن بۇنداق ھادىسىلەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىلا يەككە ھادىسە ئەمەس. «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بىردە تەكرار- يېزىلىشىنىڭ چوڭقۇر تارىخى يىلتىزى بار. تۆۋەندە بىز مەزكۇر ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ شەرق ـ غەرب ئەدەبىياتىدىكى ۋە شۇنداقلا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نامايەندىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. روشەنكى، بۇنىڭ مەزكۇر ئىجادىيەت ھادىسىسىنى توغرا، ئىلمىي چۈشىنىشىمىزدە ياردىمى زور.

«نەزىرە» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى ئەرەپچىدىن كەلگەن بولۇپ،«ئوخشاش»، «بىردەك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئەمما، ئىسلام كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇ «تەقلىد قىلىش» دېگەن مەنىدە قىللىنىلىدۇ. نەزىرە دېگىنىمىز ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زاماندىش ئەدىبلەرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش قىلىپ ياكى ئۇنىڭغا جاۋاب تەرىقىسىدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى، ئىككىنچى بىر شائىر (ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زاماندىش) نىڭ شېئىرىغا ۋەزىن، شەكىلجەھەتتىن ئوخشاش قىلىپ يېزىلغان شئىر[1]. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك دېگەندە، نەزىرە باغلاش ھادىسىسى ئەسلىدە يېزىلىپ بولغان مەلۇم بىر ئەسەرنى دوراپ، شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەپ بېرىلىدىغان ئىجادىيەت ھادىسىسىدۇر.

ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى نوقۇل دوراپ قويۇشلا ئەمەس. بەلكى ئەسلى

ئەسەرنىڭ تېما، سۇژىت، بەدىئىي ئوبراز قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش، ئىمكانقەدەر ئەسلى ئەسەردىن ئاشۇرىۋېتىش، ئۆزىگە خاس سەنئەت قىممىتى يارىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.بۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى،شۇ دەۋرنىڭ روھى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇنى ئەسلى ئەسەرنى كۆچۈرۈپ قويۇش دەپ چۈشەنسەك خاتالاشقان بولىمىز.

شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا »نەزىرە» ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بىر قەدەر ئىسقىراق ئەسەرلەردە مەيدانغا كەلگەن، كېيىن 10 ـ 12ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ نۇرغۇن زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.شۇنىڭ بىلەن «نەزىرە» يازغۇچىلار دىققىتىنى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن چوڭ ئەسەرلەرگە قارىتىشقا باشلىدى. بۈيۈك پارىس شائىرى فىردەۋسىنىڭ (934ـ 1020) «شەھنامە» سى ۋە نىزامى گەنجەۋىنىڭ (1029ـ1141) «خەمسە» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەدىب، شائىرلار خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك، بەس ـ بەستە «نەزىرە» يېزىشقا كىرىشىپ، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «نەزىرە» يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.[2]

ماھىيەتتە، نىزامى گەنجەۋىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن «خەمسە» چىلىك قىزغىنلىقى دەل «نەزىرە» دىن ئىبارەت ئەنە شۇنداق بىر خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى . شۇندقلا، بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى شەرق ـ ئىسلام ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، مەلۇم دەرىجىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەرپ ئەدەبىياتىغىمۇ قىسمەن تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر ياۋرۇپا ئەدىبلىرىدىن گېيوتى، ھىيۇگو، ھېينى، پۇشكىن قاتارلىقلارمۇ ياۋرۇپا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ يېڭى ئەسەر يازغان ھەمدە ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلغان مەلۇم تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان.

گېيۇتى بالدۇرلا ئىسلام ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ھەۋەس قىلغان. ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ھەم بىر پارچە «مۇھەممەد ناخشىسى «دەيدىغان شېئىر يازغان. 1813ـ يىلى ھاپىزنىڭ گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلار توپلىمىدىن ئىلھاملىنىپ «شەرق ـ غەرپ شېئىرلار توپلىمى» نى يېزىپ چىققان ...ئەنگىلىيەنىڭ ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ماسيۇ ئارنولد (1822ـ1888 (Mathew Arnoldنىڭ بىر ئۇزۇن داستانى «سۇھراب بىلەن رۇستەم» (1853ـ يىلى يېزىلغان) مۇ دەل فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى ئىچىدىكى شۇ ناملىق بابقا تەقلىد قىلىنغان.[3]

دېمەك، نەزىرە ئەنئەنىسى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئەنئەنىسى بولۇپ، بۇ پارس- تۈركىي تىلىدىكى ئەدىبلەرگە جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، غەرپ ئەدەبىياتىدىمۇ ئىلگىركى كونا تېما، رىۋايەتلەر

ئاساسدا قايتا يېڭىدىن ئەسەر يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

«پىرومېتى» قەدىمكى يۇناندىكى بىر رىۋايەت. ئۇنى ئەيسكۇلۇس مىلادىيەدىن ئىلگىركى 500- يىللاردا تىرىلوگىيەنىڭ 1- قىسمى پۈتۈن، 2-، 3- قىسمى تاماملىنالمىغان. گېرمانىيە شائىرى گىيۆتىمۇ «پىرومېتى» نى ئەسلىدىكى دېتاللاردىن پايدىلىنىپ قايتا يېزىپ چىققان، ئەمما تولۇق تاماملىيالمىغان.[4]

يەنە 1819 - يىلى ئەنگلىيەلىك شائىر شېللېي (1792-1822) شېئىري دراما «ئازاد قىلىنغان پىرومېتى» نى قايتا يېزىپ چىققان.بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۇكسەك پەللىسى بولۇپ قالغان.[5]

1816 -يىلى ئەنگلىيە شائىرى بايرون (1788- 1824) شېللېينىڭ تەسىرى بىلەن «پىرومېتى» نى يەنە يازغان.«دون جۇئان» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ياۋرۇپادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا ئىلگىرىدىنباشلاپ تارقىلىپ كەلگەن، ئەمما بۇ تېما -1630يىلىدىن تاكى 1912- يىلىغىچە ئوخشىمىغان نام، ئەمما ئوخشاش تېمىدا قايتا -قايتا يېزىلغان.

16 -ئەسىرنىڭ بېشىدىن 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئەدەبىيات ئالتۇن دەۋرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، كۆزگە كۆرۈنگەن دراماتورگى تىرسو مولىنا -1630يىلى «دون جۇئان» نى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ 1912 - يىلىغىچە 14 نەپەر يازغۇچى تەرىپىدىن تەكرار يېزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن فرانسىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئالېكساندىر دۇماس (1802- 1870)، ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق شائىرى بايرۇن(1788- 1824)، مەشھۇر روس شائىرى پۇشكىن (1799- 1837) ۋە فرانسىيەنىڭ شائىرى، مەشھۇر ئەدەبىيات سەنئەت ئوبزورچىسى بودلېر (1821- 1862) قاتارلىقلار بار.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش فائۇستمۇ 16- ئەسىردىكى بىر شەخس بولۇپ، كېيىن خەلق رىۋايەتلىرىدە سېھرگەرلىكنى بىلىدىغان سىرلىق شەخس سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. شۇنداقلا، 1857 -يىلىدىن باشلاپ، 1947 يىلىغىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە ئون نەچچە قېتىم تەكرار يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن شېكىسپىيىردىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر ئەنگلىيە دراماتورگى كىرىستوفېر مارلوۋ (1564- 1593)، مەشھۇر گېرمان يازغۇچىسى گىيۆتى، ھېنرىخ ھېينى (1797- 1856)، 1929 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گېرمان يازغۇچىسى توماس مان (1875- 1955) قاتارلىقلار بار.[6]

يەنە ئىسپانىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ مەشھۇر رومانى «دونكىخوت»مۇ 1605- يىلى نەشر قىلىنىپ يەنە 1614- يىلى ئالونسو فېرناندىس دېگەن يازغۇچى نامىدىن ئۇنىڭ داۋامى يېزىلغان. ئەمما، بۇ دەل ئاقسۆڭەكلەر كاتولىك پوپلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ، سېرۋانتېسقا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ رومانىنىڭ تەسىرىنى توقتىتىش ئۈچۈن يېزىلغان[7].

شۇنداقلا يەنە ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «جاۋ ئائىلىسىنىڭ يېتىم ئوغلى» دەيدىغان شېئىرىي دىرامىسى ياۋرۇپادا كەڭ تارقىلىپ تەسىر قوزغاش بىلەن بىرگە نۇرغۇن يازغۇۋچىلار تەرىپىدىن قايتا يېزىلغان .بۇ دراما 18ـ ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرى فىرانسوزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، فىرانسىيەگە كىرگەن. ناھايىتى تېزلا ئىنگلىز، گېرمان، ئىتالىيان، روس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. 741ـ ئەنگىلىيەلىك رىچارد خۇرد (Richard hurd) تەرىپىدىن «جۇڭگولۇق يېتىم ئوغۇل» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1752 ـ يىلى ئىتالىيە دىراماتورگى پېترو تاستاسئو (pietro Me Tastasio) «جۇڭگۇ قەھرىمانى» دەپ يازغان. 1755ـيىلى مەشھۇر فىرانسىيە ئەدىبى، مۇتەپپەكۇرى ۋولتېر بۇ دىرامىنىڭ ئىلھامىدا بەش پەردىلىك بىر شېئىرىي دراما يېزىپ، پارىژدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ زىلزىلە قوزغىۋەتكەن. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ تېزلا ئىنگىلىزچە ئىتالىيانچە تەرجىملىرى بارلىققا كەلگەن[8].

دېمەك، بۇ يەنە باشقا ئەل ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سارشارمۇ ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچرىغان ھەم ئۇنىڭ رومانى «دونكىخوت» نى ئوردو تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنداقلا، شۇنىڭ تەسىرىدە »ئازاد ھەققىدە رىۋايەت» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. رومانىنىڭ ۋەقەلىك، سۇفتى »دونكىخوت» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يازغۇچى ئۆزىمۇ بۇنى تىلغا ئالغان. رومانىنىڭ باش پېر سوناژى ئازادمۇ ماھىيەتتە دونكىخوتقا تەقلىد قىلىنغان. ئازادنىڭ ھەمراھى خۇچ دونكىخوتنىڭ ھەمراھى سانچوپانسوغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئوردو تىلى ئەدەبىياتىدىكى «سانچو پانسو» بوپقالغان[9].

خەنزۇ ئەدەبىياتى، شۇنداقلا شەرقتىكى خوشنا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇنداق ھادىسە كۆرۈلگەن. تاڭ دەۋرىدىكى جىن ـ ئەرۋاھلار ھەققىدىكى رومانلار چاۋشيەنگە كىرگەندىن كېيىن چاۋشيەن يازغۇچىسى جىن ششى شۇ رومانغا تىقلىد قىلىپ «ئالتۇن بېلىق ھەققىدە يېڭى پارچىلار» ناملىق رومانىنى يازغان.كېيىن يېزىلغان «ماۋۇنىڭ تەرجىمھالى»، «جۇماۋۇنىڭ تەرجىمھالى «قاتارلىق رومانلارمۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ كىلاسسك رومانى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» گە تەقلىد قىلىنغان... يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئايال يازغۇچىسى خۇاڭ لۈيىن گىيۇتىنىڭ رومانى «ياش ۋىتېرنىڭ دەردى»گە تەقلىد قىلىنغان رومانىنى ئېلان قىلغان[10]. ھازىرمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىغا سەل دىققەت قىلغانلارغا مەلۇمكى، خەنزۇلارنىڭ كىلاسسك رومانلىرىدىن «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا«، »غەربكە ساياھەت» قاتارلىق رومانلاردىكى ۋەقەلىكلەرگە تەقلىد قىلىنغان ياكىئۇنىڭ دەۋامى قىلىنغان ئەسەرلەرنى تولا ئۇچرىتىمىز ھەم بۇ ھەقتە كىنو، تېلفىلىملەرمۇ ئىشلەندى.

دېمەك، ئەدەبىياتتا ئوخشاش بىر تېمىنىڭ تەكرار يېزىلىش ھادىسىسى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسىدۇر. بۇ خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسى پەقەت مۇلۇم

مىللەت ئەدەبىياتىدا باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن كۆچلۈكبولۇشى مۇمكىن .ئەمما، تامامەن يوق بولۇشى ناتايىن.

ئۇنداقتا، بۇ خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا قانداقراق ئورۇن تۇتىدۇ؟ شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ «نەزىرە» باغلاش ھادىسىسى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە كۆپ قوللىنىلغان. مىڭنچە بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ھەرقانداق كىشىگە تولىمۇ ئايدىڭ بىر پاكىت .گەرچە بۇ يەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەكرار يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇرلىرىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈردۇر.

نەۋائىينىڭ «خەمسە» سى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ «خەمسە» سىدىن ئوزۇق قوبۇل قىلىپ ئەسەر ئىجاد قىلغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى بارغانسىرى كۈچەيگەن. بەزى ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەۋائىينىڭ »خەمسە» سىنى نەسرىي تىلغا ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ ئاددىي، ئاممىباب تىل بىلەن خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقچى بولغان.

**18** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى چۈشىنىشلىك تىل بىلەن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش بىر دولقۇنغا ئايلانغان. 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن شائىر مەھزۇن نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرغان ھەم ئۇنىڭغا «شاھزاد پەرھاد ۋە مەلىكە شېرىن» دەپ نام قويغان.

**18** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن يەركەنلىك ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىن «پەرھاد شېرىن»، «لەيلى- مەجنۇن»نى تاللاپ نەسرىي شەكىلدە قايتا يېزىپ چىققان. موللا سىدىق يەركەندى نەۋائىينىڭ پۈتۈن خەمسەسىنى «نەسرىي خەمسە» گە ئايلاندۇرغان.

**17** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى موللا پازىل 1705ـ يىلى نەۋائىينىڭ »خەمسە» سىدىن پايدىلىنىپ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنى يېزىپ چىققان.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بولسا نەۋائىيدىن كېيىنكى ئەڭ ھوسۇللۇق ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. ئۇنىڭ يازغان «پەرھاد-شېرى«، »لەيلى-مەجنۇن» قاتارلىق ئىككى داستانىمۇ نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىجادىي ئەمگەك قوشقان ھەم بۇنى كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان.

**19** ـئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز

بېرىۋاتقانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئۆتۈش باسقۇچىدا ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـيىللىرىدىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى .ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى بەزى داستانلار سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلىپ زىلزىلە قوزغىدى. 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەركىتى باشلىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى ئوزۇق بەخش ئەتتى ـ1930 .يىللارنىڭ ئاخىردا بەزى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى «پەرھاد- شىرىن»، «لەيلى- مەجنۇن»نى دىرامىغا ئايلاندۇرۇپ، سەھنىلەردە ئوينالدى ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ـ 1940 .يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان نىمشېھىت(1906- 1972) خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ۋارىيانتىغا ئاساسەن نەۋايىنىڭ «پەرھات-شىرىن»نى «مىڭئۆي ۋە پەرھاد-شىرىن» دېگەن ماۋزۇدا يېزىپ چىققان ھەم بۇ داستانىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئۇنى كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان. مەزكۇر تېمىنى نۇرمۇھەممەت توختى يەنە قايتا يېزىپ چىقتى.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەكرارلانغان تېمىلار نوقۇل پەرھاد ـ شىرىنلا ئەمەس، ئۇيغۇر شائىرى غېرىبى يەنە »خەمسە» دىكى «سەبئى سەييار» دىن سۇژېت ئېلىپ «بەھرام ۋە دىلئارام» نى قايتا يېزىپ چىققان. مەلۇمكى، نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىمۇ نىزامى گەنجەۋىنىڭ «خەمسە» سىگە تەقلىد قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ئىسكەندەرنامە» لەرمۇ تەكرار ـ تەكرار يېزىلغان.

نىزارىنىڭ يازغان داستانى «رابىئە ـ سەئىدىن» نىمۇ ئەھمەد زىيائى قايتا يازغان. «غېرىپ ـ سەنەم» لەرمۇ شۇنداق بولغان.

دېمەك، تېمىلارنىڭ تەكرار يېزىلىشى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇزاق تارىخقا، چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بىر خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىز- پاكىتلىرىنى »نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەردىنمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قايتا ـ قايتا يېزىلىشى، ماھىيەتتە ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

تۆۋەندە بىز نۇزۇگۇمنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

نۇزۇگۇم ھەرگىزمۇ تارىختا تەكرارلانغان، پەرھاد- شىرىن، غېرىب- سەنەملەرگە ئوخشاش رىۋايەتلەردىكى توقۇلما شەخس ئەمەس بەلكى ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن، رېئال بىر تارىخى شەخس. شۇڭلاشقا، بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇزۇگۇم ئوبرازى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتىن ئاۋۋال، تارىخى نۇزۇگۇم بىلەن تونۇشۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئەپسۇسكى، هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن قولىمىزدا بار تارىخى ماتېرىياللاردا نۇزۇگۇم ھەققىدە ئېنىق بىر خاتىرە يوق. ئەمما، بۇنداق بىر يازما ئىسپاتنىڭ بولماسلىقى نۇزۇگۇمنىڭ ئۆتمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت بىر توقۇلما ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، تارىخى ماتېرىياللاردا شۇ مەزگىلدىكى قەشقەردە چىرىك ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭ ۋە قەشقەردىن ئىلىغا ئاھالە سۈرگۈن قىلىغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك پاكىتلار بار. نۇزۇگۇم ھەققىدىكى داستان، قىسسەلەردە، نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىدا تەمسىلەنگەن يىپ ئۇچى، ئۇچۇرلاردىن يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ راست يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر نۇزۇگۇم شۇ ئىشلارنى كۆرمىگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئۇ ھەقتە ئەسلىمە، قوشاق قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۆۋەندە بىز شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. مۇللا بىلالنىڭ قىسسەسىدە مۇنداق بايانلار بار. : «داۋانخان خان بولۇپ، ئالتە يىل بولغاندا جاھانگىر خوجا قەشقەرگە كېلىپ، سوقۇشۇپ، قەشقەرنى ئۆزىگە تابىئە قىلىپ ئالتا ئاي سورىغان. ئاندىن كېيىن غۇلجا شەھرىدىن چىنكۇنكى دېگەن جياڭجۈن نۇرغۇن لەشكەر ئالىپ قەشقەرگە كەلگەن... يىخوزايان دارىن دېگەن جياڭجۈنلەر بىر بولۇپ، جاھانگىر خوجا بىلەن سوقۇشۇپ، جاھانگىر خوجانى تۇتۇپ داۋانخاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلسۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەنىكەن. ئەمما، نۇزۇگۇم دېگەن خوتۇننى ئاكىسى بىلەن بىر قالماققا بەرگەنىكەن«

بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە شېرىپىدىن ئۆمەر مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: ئاپاق غوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇرھانىدىن بىلەن خان غوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرى ھېسابلانغان خوجا جاھان ئەرشىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغارلارنى تىنىچلاندۇرغىلى كەلگەن مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئۆتىدۇ. **1757**- يىلى باشلانغان جېدەل **1759**- يىلغا كەلگەندە ئىككى خوجىنىڭ يېڭىلىش، قەتلە قىلىنىشى بىلەن تۈگىدى. بۇ تازىلاشتىن جاھانگىر خوجىنىڭ كىچىك بالىسى سامساق خوجا تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋاخاننىڭ خىلۋەت جايلىرىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندى. كېيىنرەك ئۇ قوقەنگە ئۆتۈپ، شۇ جايدا تۇرۇپ قالىدۇ ۋە شۇ جايدىن ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭى يۈسۈپ خوجا، ئوتتۇرانچىسى باھاۋدۇن خوجا، كىچىكى جاھانگىر خوجا ئىدى. ئارىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى راسا چىرىكلىشىدۇ. شىنجاڭدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھاكىمىيەتنى ئوغرى ـ قاراقچىلارغا سېتىپ بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. خەلق مەنچىڭ ۋە يەرلىك فېئودال ئەمەلدارلار ھەم ئۇلارنىڭ غالچىلىرى قولىدا خالىغانچە بۇلاڭ- تالاڭدا قېلىپ، ئۇلارغا بولغان غەزەپ- نەپرىتى قايناپ-تېشىپ، سەۋر قاچىسى يېرىلىپ، **1816**- يىلى قەشقەردە زىياۋدۇن رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتىلايدۇ. لېكىن، بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇزۇندىن بىرى بوۋىسىنىڭ قەشقەرگە بولغان

ھۆكۈمرانلىقىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن جاھانگىر خوجا قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتى ۋە يەرلىك فىئوداللارغا بولغان نارازىلىقى ۋە غەزەپ- نەپرىتىدىن پەيت كەلدى دەپ بىلىپ، بۇرۇن قەشقەردىن قوغلىۋېتىلگەن سودىگەرلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن زىياۋۇدۇن قوزغىلىڭىغا ئۇلاپلا 1816- يىلى قەشقەرنىڭ غەربىدىكى تاشمىلىقتا قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ. ئۇ بۇ قېتىم يېڭىلىپ قېچىپ كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ بىر شىددەتلىك بوراننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدۇ. شۇڭا، ئۇ قايتىپ كۈچ توپلاشقا كىرىشىدۇ. ئۇ چوڭ ئاكىسىنىڭ بۇخاراغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ ئاتامانى سۇرەنچى بەگنىڭ باشچىلىقىدا 1822-يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما، شەھەرنىڭ سىرتىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا دۇچ كېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ چېكىنىپ نارىنىدىكى «بولۇر» قىرغىزلىرىغا قوشۇلۇۋالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۇزۇل- كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارنى «قورۇتقۇ «قورغىنىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قايتاشىدا بىر تار جىلغىدا پىستىرمىغا يولۇقۇپ، پۈتۈنلەي ھالاك بولغىلتاس قېلىپ، ئامان قالغىنى ئاران قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ مەنچىڭ خانىدانلىقى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇرۇش تارىخىدا بىرىنچى قېتىم يېڭىلىشى ئىدى .بۇۋەقە ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كېتىدۇ. خوجىلار بۇنىڭ بىلەن يېڭىباشتىن جانلىنىپ خورىكى ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئەمدى تەۋەككۇلچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەر چېگىراسىغا تىكلىگەن بايرىقى ئاستىغا كېلىپ توپلىنىشقا باشلايدۇ. قوقەن خانى بۇ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئۈچۈن بىر قوشۇن تەييارلاپ، ئۇنىڭغا ئەيسا دادخاھ قوشبېگىنى باشلىق قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئەمدى خېلىلا قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان جاھانگىر خوجا شۇنىڭ بىلەن ـ 1826يىلى ئەتىيازدا قەشقەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ. ئۇ ھۇجۇم باشلاشتىن بۇرۇن، چوڭ بوۋىسى ئاپاق غوجىنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ. نەتىجىدە قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئىچكى- تاشقى قورشاۋدا قالغان مەنچىڭ ئارمىيەسى يېڭىلىدۇ. جاھانگىر خوجا قەشقەرگە غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە، قەشقەر خەلقى ئۇنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالىدۇ... ئۇ قەشقەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى سەيىت جاھانگىر سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ.ئىككىنچى قەدەمدە، مەنچىڭ تەرەپتىن قويۇلغان، خەلققە چەكسىز زۇلۇم سالغان قەشقەر ھۆكۈمرانى مۇھەممەد سەيىتنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد سەيىتنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلق جاھانگىر خوجىغا ئىشىنىپ ئۇنى قوللايدۇ...

جاھانگىر خوجىنىڭ تەسىرى بىلەن، زورلۇق -زومبۇلۇققا چىدىيالماي ئاران تۇرغان يېڭىشەھەر، يەركەن، خوتەن، خەلقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ كوچا- كويلاردا ئۇجۇقتۇرىدۇ، يېڭىشەھەر قورغىنىدىكى ئەسكەرلەر قانچىلىك قارشىلىق كۆرسەتمىسۇن، قانات ـ قۇيرۇقى كېسىلىپ بېلى ئوشتۇلغانىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورغىنىدىكى چىڭ

ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلىپ بۇ قورغان تۈزلىۋېتىلدى.

تاجاۋۇزچى جاھانگىر خوجا قەشقەردىكى ھاكىمىيەتنى بىر ئاز رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قوقەن خانى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرتىپكە سالماق بولىدۇ. قوقەن خانى مەدەلىخان، ئۇنىڭ غەلبىسى مېنىڭ كۈچۈم بىلەن قولغا كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر خانلىقى «مېنىڭ قارمىقىمدا بولۇپ، ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. ئاقسۆڭەك خوجىلار بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. مەدەلىخان ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا چوڭ بىر قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن قەشقەر يېڭىشەھەر ئەتراپىدا جاھانگەر خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، **1000** ئادەمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئامالسىز قايتىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ يولغا چىققان خەۋىرى كېلىدۇ. ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى يەنىلا مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. قەشقەرگە كىرىشتە بۇ جايلار زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئىلى جياڭجۈنى جاھانگىر خوجىنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئاران ئالتە يىل تۇتۇپ تۇرالايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەسكەر مەنبەسى خۇيزۇ، موڭغۇل، شىۋە، سولانلار ئىدى. ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن **100** مىڭ كىشىلىكتىن ئوشۇق قوشۇن **1827**- يىلى -**1**ئايدا ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاقسۇ، مارالبېشىدىن ئېلىنغان خۇيزۇ قوشۇنلىرى قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى **12** مىڭ كىشىلىك قوشۇن زاۋال دەرياسىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىش، تاللانغان **7000** كىشىلىك قوشۇن يەركەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قالغان زور قوشۇن قىزىل دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى ياقىلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شۇ پىلان بويىچە ھۇجۇمنى چاقماق تېزلىكىدە باشلايدۇ....

مەنچىڭ چېرىكلىرى يېڭىئاۋاتقا يېتىپ كەلگەندە، جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ جايغا توپلانغان **50** مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار قاتتىق جان تىكىپ ئېلىشىدۇ... ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر قوشۇنى تىرپىرەن بولۇپ چېكىنىدۇ. مەنچىڭ چېرىكلىرى قەشقەرنى ئۈچ تەرەپتىن ئامبۇردەك مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇ كېچىسى جاھانگىر خوجا قاراپ تاغقا قاچىدۇ. ئەمما، داۋاننى قېلىن قار قاپلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتەلمەي قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن مۆكۈپ تۇرۇپ، ئاخىرى قولغا چۈشىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا - خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ قەتل قىلىنىدۇ. قەشقەرگە ياڭ دارىن(ياڭ فاڭ) رەھبەرلىكىدىكى گارنىزوننى قالدۇرىدۇ. ئۇلار خوجالار تۈزلىۋەتكەن يېڭىشەھەرنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى خوجىلار بىلەن بولغان جەڭدە ئىسھاق بەگ زور كۈچ چىقارغىنى ئۈچۈن قەشقەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ.

مەنچىڭ چېرىكلىرى قوزغىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن، بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلققە دەھشەتلىك تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، **12** مىڭ تۈتۈننى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى

ئۈچۈن يانچى قىلىپ ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. بۇ جەنۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1767 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىنىشى ئىدى. مانا شۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان 12 ماڭ تۇتقۇن ئىچىدە، بۇ قوزغىلاڭغا بىۋاستە قاتناشقان، قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا خوجىمۇ بار ئىدى.

بىز بۇ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشتىن نۇزۇگۇمنىڭ ھەقىقەتەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەمما، نۇزۇگۇم قاچان تۇغۇلغان؟ نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن؟ قانداق قىز ئىدى؟ دېگەندەك ئىنچىكە تەپسىلاتلار ھەققىدە بىز يەنىلا قىياسقا تايىنىمىز.

ئابدۇرېھىم سابىت تۆزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دا «نۇزۇگۇم تەخمىنەن 1808 ـ يىللىرى قەشقەر ئەتراپىدا بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلىي ئىسمى ‹چولپانگۈل ‹بولىسمۇ...(259ـبەت)» دېيىلگەن. ئىلىغا قىلىنغان بۇ سۈرگۈن 1827 ـ يىلى يۈز بەرگەن .ئۇنداقتا بۇ چاغدا نۇزۇگۇم 20 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. گەرچە ئېنىق 1808 ـ يىلى تۇغۇلغان دېيەلمىسەكمۇ 1805 ـ يىلى 1810 ـيىلى ئارلىقىدا تۇغۇلغان دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز. ئىسمىنىڭ «چولپانگۈل» ئىكەنلىكىمۇ بىر قىياس. ئەمما، نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىدا ئۆزىنى نۇزۇگۇم دەپ ئاتىشىدىن قارىغاندا، ئەسلى ئىسمىنىڭ نۇزۇگۇم بولۇشى ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئۇيغۇن.

نۇزۇگۇم ھەققىدىكى يەنە بەزى تارىخى مەلۇماتلارنى موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدىن كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىكى ئۇچۇرلارنى باشقا مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ئېنىقمۇ چىن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، چۈنكى، بۇ قىسسە يۇقىرىقى ۋەقە يۈز بېرىپ 55 يىلدىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، نۇزۇگۇم ھەققىدە ئەڭ بالدۇر يېزىلغان يازما ئەسەردۇر. شائىر مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ۋاقىئاتلار كوناسال ئادەملەرنى موللا بىلال ئىبنىن موللا يۈسۈپ نازىم ئۆيىگە چىللاپ كەلتۈرۈپ، تەھقىق بىلەن سوراپ، ئاڭلاپ، بىلىپ 1299 ـ يىلى روسىيە تارىخىدا 1882 ـ ماھى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 5ـ كۈنى غۇلجا مەۋزىيىدە تەھرىر تېپىلدى.» (بۇلاق 1981 ـ يىلى 1ـ سان ـ208بەت)

شائىر توختاجى روزى ئۆزى ماڭا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: شائىر1966 ـ يىلى قەشقەردە تۇرغاندا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باش تېۋىپى ھېپىزخان مەخسۇم بىلەن بىرگە تۇرغان. توختاجى روزىنىڭ ئېيتىشىچە، ھېپىزخان مەخسۇم بۇخارا، ھىندىستانلاردا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۆزى پىشقان موللا، ئۇستا تېۋىپ كىشىكەن. توختاجى روزى شۇ كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ، نۇزۇگۇم ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئىلھاملىنىپ نۇزۇگۇمنى يازغان. مەخسۇمغا نۇزۇگۇم ھەققىدىكى گەپلەرنى دادىسى دەپ بەرگەنىكەن. ھېپىزخان مەخسۇمنىڭ شائىرغا دەپ بېرىشىچە، مەخسۇمنىڭ بوۋىسى نۇزۇگۇمنىڭ بوۋىسى بىلەن يېقىن قوشنا ـ بۇرادەرلەردىن ئىكەن .نۇزۇگۇمنىڭ دادىسى ئۇستا نەققاش بولۇپ، قەشقەر ھېيتگاھنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق قايتا رېمونتىغا قاتنىشىپ بارلىق نەقىشلىرىنى ئويغانىكەن. نۇزۇگۇم قەشقەرنىڭ تۇرمىتاي

كۆلبېشى دېگەن مەھەللىسىدە تۇغۇلغانىكەن ھەم دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان موللا قىز ئىكەن (بۇ بايان موللا بىلالنىڭ نۇزۇگۇم موللا قىز ئىكەن، دېگەن بايانى بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ ھەم نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىنىڭ سەۋىيەسىدىن ئۇنى ئوقۇغان، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە دەپ ھۆكۈم چىقارساق خاتالاشقان بولمايمىز) ھەم دادىسىمۇ ھەقىقىي بىر خەلق قوشاقچىسى ئىكەن. نۇزۇگۇمنىڭ سۆيگىنى باقى بولسا دادىسىنىڭ شاگىرتى ئىكەن.

يۇقىرىقى ئاغزاكى بايانلارنى كەسكىن توغرا دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئەمدى بىز ئۆزىمىز ئېرىشكەن ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرالايمىز:

(1نۇزۇگۇم تارىختا ئۆتكەن بىر رېئال شەخس.

ـ 1810～1805 (2يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان.

(3ئۇ ئوقۇغان قوشاقلاردىن ئۇنى موللا دېگىلى بولمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ساۋاتلىق ئىكەنلىكى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

(4توي قىلغان، قىلمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس .موللا بىلالنىڭ قەلىمىدىكى نۇزۇگۇمنىڭ قوشىقىدا:

چەمپەن بېرىپ ئۆلتۈرگەن،

ئۈچ ياشتىكى بالامنى.

دېيىلگەنلىكىدىن توي قىلغان چوكان دەپ بىلىمىز. ھېپىزىخان مەخسۇمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ چاغدا نۇزۇگۇم ئەمدى رەسىدە بولغان قىز ئىكەن. باشقا ئەسەرلەردىمۇ تولىراق قىز دەپ تەسۋىرلەنگەن. خەلق داستانىدىكى قوشاقتىمۇ مۇنداق كەلگەن:

ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان نۇزۇگۇم،

پۇراقلىرى بىر يولى، چېچىلمىغان نۇزۇگۇم.

بۇنىڭدىن قىز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قىسقىسى، بۇ بەك مۇھىم ئەمەس.

(5ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان، زىلۋابوي، چىرايلىق.

(6ئۆزىنى مەجبۇرلاپ ئالغان سولاننى ئۆلتۈرگەن ۋە قاچقان.

(7تۇتۇلغاندا مويتۇڭزىدا كاللىسى ئېلىنغان )بەزى ئەسەرلەردە، خەلق داستانلىرىدا دارغا ئېسىلغان دەپ كەلگەن. موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدىمۇ،شۇنداقلا ھېپىزىخان مەخسۇمنىڭ بايانىدىمۇ كاللىسى ئېلىنغان دېيىلگەن، شۇڭلاشقا مەن مۇشۇ بەكرەك ئىشەنچلىك دەپ قارىدىم.(

مانا بۇلار نۇزۇگۇم ھەققىدىكى تارىخى بايانلاردۇر.

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن قايسى يازغۇچىلارنىڭ مەزكۇر تېمىدا قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىقىمىز.

مەن بۇيەردە ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ھەر بىر ئەسەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمەن.
تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن كۆزەتسەك جاۋاب روشەنلىششى مۇمكىن.
1، خۇددى بىرىنچى بابتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئوخشاش بىر تېمىنىڭ تەكرارىيېزىلىش ئەنئەنىسى دۇنيا ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ئۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ياكى ئەمدى پەيدا بولغان ھادىسە ئەمەس .ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە، نۇزۇگۇم تېمىسىنىڭ تەكرار يېزىلىشىنى ئەنە شۇ تارىخىي ئەنئەنىنىڭ، ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.
» .2نۇزۇگۇم»نىڭ جەلپ قىلىش كۈچى.
نۇزۇگۇمنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى نەدە؟
روشەنكى، بۇ نۇزۇگۇم ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قىممەتتىن كەلگەن. نۇزۇگۇم مۇجەسسەملىگەن قىممەت ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ جەۋھىرىي قىسمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. يالغۇز بىرلا نۇزۇگۇم ئوبرازىغا، ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يۈكسەك ئەخلاق ـ ئېپپەت ئەنئەنىسى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا بوي ئەگمەيدىغان، زالىملارغا تىز پۈكمەيدىغان، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى؛ نۇمۇس ـ ئېتقاد تۇيغۇسى؛ يۇرت ۋەتەننى سۆيۈشتەك يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مۇجەسسە،ملەنگەن. بىز بۇ نوقتىلارنى يۇقىرىقى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىدىنمۇ روشەن كۆرەلەيمىز.
دېمەك، مانا مۇشۇنداق يۈكسەك قىممەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن نۇزۇگۇم ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مەڭگۈ ئەسلەيدىغان، مەڭگۈ ئۇلۇغلايدىغان، مەڭگۈ ئۆگىنىدىغان بىر ئۆلمەس، قىممىتى كونىرىماس ئۈلگىنى تىكلىگەن. «نۇزۇگۇم» قىممىتىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى دەل ئۇنىڭ توختىماي يېزىلىشىنى بەلگىلىگەن.
3 .نۇزۇگۇمنىڭ قىز ئىكەنلىكى .مېنىڭچە، بۇ نوقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم. تارىختىن بۇيان، ھەر قانداق مىللەتكە قەھرىمانلىقنى ئاساسەن ئەرلەرگە باغلايدۇ. ئاياللار ئەزەلدىن نازۇكلىققا، ئاجىزلىققا، ئەرلەر باتۇرلۇققا، كۈچكە سىمۋول بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بىزدىمۇ باتۇرراق قىز ئاياللارنى «ئوغۇبالىدەك ئىش قىلدىڭىز» دەيدىغان ئادەت بار. ھەرگىزمۇ ئەرلەرنى قىز بالىغا ئوخشىتىپ مەدھىيەلىمەيمىز. بەلكى، بۇ ھاقارەت مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ .شۇڭا، ئەمدى 20 لەرگە كىرگەن بىر قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ بۇنداق جاسارىتى، قەھرىمانە ئىش ـ ئىزلىرى ھەققەتەن بەكلا كەم ئۇچرايدىغان بىر قەھرىمانلىق ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا، بىزدە سادىر پالۋاندەك باتۇ قەھرىمانلار ئۆتكەن، نېمىشقا ئۇلار بۇنداق كۆپ يېزىلمايدۇ. مېنىڭچە، جاۋاب تولىمۇ روشەن.
4 .ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىكى دىداكتىك روھ. بۇنىمۇ يەنىلا كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن

سۇرۇشتۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر قايسى يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن دىداكتىك روھ خېلىلا روشەن .يازغۇچىلىرىمىزدا پەند- نەسىھەت، ئەسەر ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ياخشى ئۈلگە يارىتىش ئېڭى كۈچلۈك. يازغان ئەسەرلىرى، ياراتقان ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. نۇزۇگۇمنۇ دەل ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ خانىم ـ قىزلارنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسى بولغاچقا، يازغۇچىلىرىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق روھى بۇ تېمىدا قەلەم ئېلىشقا تۈرتكە بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە نۇزۇگۇم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مېنىڭچە تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا كېرەك. ھەر قېتىم «قانۇنچىلىق گېزىتى» نى ئوقۇسام، ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن، ھەر سانلىق »قانۇنچىلىق گېزىتى» گە چىقىۋاتقان باسقۇنچىلىق ئەنزىلىرى مېنى بەكلا بىئارام قىلىدۇ. ئويلاپ كېتىمەن، نېمانچە تولا يۈز بېرىدىغاندۇ بۇ ئىش؟ گېزىتكە چىققىنىغۇ ئاشكارىلانغىنى ، ئاشكارىلانمىغىنى قانچىلىكتۇ؟ يا بۇ رېئال تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئىش، بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ھەيران قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئادەم دېگەن مۇقەررەرلىكنى چۈشىنىشى، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭغا ماسلىششنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك دەپ كۆڭلۈمىزنى ياسىشىمىز كېرەكمۇ؟ تىغرا، ئىنسانلا بولىدىكەن، ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ جەمئىيەتتە بۇ خىل قىلمىش، جىنايەتلەردىن ساقلانماق مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىنسان ئۆز نەپسى ئالدىدا ھەقىقەتەن ئاجىز يارىتىلغان، شۇنداقلا شۇ نەپسىنى كونترول قىلغۇدەك ئەقىل، ئىرادىمۇ بېرىلگەن، ئىنساننىڭ ھەقىقى كامىللىقى مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كۈرەشتە ئاندىن شەكىللىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككىدىن قايسىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش.

ھەقىقەتەنمۇ ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقسىزلىق، جىنايەتتىن پۈتۈنلەي خالىي بولالىشى مۇمكىن ئەمەس .بۇنداق جەمئىيەت تارىختا ھەم بولۇپ باقمىغان. ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەرگىزمۇ ھەر قانداق ناچار قىلمىشقا سۈكۈت قىلىش، كارى بولماي ئۆز ئېقىمىغا قويۇۋېتىش كېرەك، دېگەنلىكلىتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى جىنايەت، بۇزۇلچىلىقلارغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەيدىغان، ئۇنىڭغا كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان، شۇنداقلا شۇ خىل قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرى ئومۇمىيۈزلۈك گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىپ ، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىدىغان جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تامامەن مۇمكىندۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتى يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك، يۇقىرى پەللىمۇ شۇ. گۈزەللىككە ھەر قانچە ئىنتىلگىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر رەزىللىكنى تۈپتىن يوقۇتالمايسەن، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىققا قانچىلىك قارشى تۇرساڭمۇ، ئۇ بەرىبىر مەۋجۇت، دېگەندەك قاراشلار بىلەن جەمئىيەتتە يامراۋاتقان ئەخلقسىز قىلىشلارغا سۈكۈت قىلىش، ئۇنىڭ ئەقلگە مۇۋاپىقلىقىنى مۇقەررەرلىكنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئاۋامنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، ماھىيەتتە شەيتان قوشۇندا سەركەردە بولغانلىقتۇر.

ئەگەر مۇشۇنداق قاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز پاھىشە بوپكەتسىمۇ توغرا چۈشىنىش قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەنە شۇ ئەنزىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇپ، يۈز بېرىش سەۋەبىنىڭ ئاددىيلىقىدىن ياقامنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىمەن، ئاخشامQQ دا كۆرۈشكەن بالا تېلېفۇن قىپتىكەن كۆرۈشەيلى دەپ، گەپ ـ سۆزىدىن خېلى يامان ئەمەستەك قىلاتتى، شۇڭا چۈشۈپتىكەنمەن، كېيىن چىقىپ كېتەي دېسەم ئۇنىماي، مېنى قورقۇتۇپ تاكسىغا سېلىپ مېھمانخانىغا ئاپاردى... كەچتە بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن يېنىو كېلىۋاتسام، ئىككى ئۈچ بالا ئالدىمنى توسۇپ... دىسكوخانىدىن چىقىپ، ماشىنا ساقلاۋاتسام، ئىككى ئۈچ بالا مەجبۇرىي تاكسىغا چىقىرىپ... دېگەندەك گەپلەر. مانا مۇشۇ گەپلەرگە قاراپ بەزىدە ئىشىنەلمەي قالىمەن، نېمانچە ئاسان بوپكەتتى بۇ ئىش. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى «ژۇرنىلىنىڭ قايسىبىر سانىدا 14 ياشلىققۇ دەيمەن، بىر قىز بالىنىڭ بىر نەچچە ھايۋاننىڭ چاڭگىلىدىن باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە .مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كاللامدا گۇمان تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئەلۋەتتە، باسقۇنچىلىق جىنايىتىدىكى باش جىنايەتچى ئەرلەر، ئەمما بىز ئۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا كەلسەك، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزلارنىڭ نادانلىق، بوشاڭلىقىغىمۇ كۆز يۇمالمايمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق كەچتە قېلىش، يالغۇز قېلىشلار تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئەنە شۇ قىزلارنىڭ كەچ قالسا ، نەگە باردىڭ؟ كىملەر بىلەن بىللە يۈردۈڭ؟ دەپ سورايدىغان ئاتا- ئانىسى باردۇ، شۇ قىزلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدا شۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ قولى، ھەسسىسى بار دەپ ئويلاپ قالىمەن، بەلكىم بۇ سەل ئاتا- ئانىلارغا نىسبەتەن ئۇۋال قىلغانلىق بولار، ئەمما ئۆستەڭ بويىدا ئويناۋاتقان بالىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، توسىمىغان ئاتا -ئانىنىڭ بالا سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالسا، مەسئۇلىيىتى يوق دېگىلى بولارمۇ؟

ئىشقىلىپ جاھان تەرەققىي قىلىپ نەگە بارسۇن، مەن بىر قىز بالىغا نىسبەتەن: «ئىپپەت دېمەك، جان دېمەك» دېگەن قارىشىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، ھەتتا» :يىگىتلەرمۇ ئىپپىتىگە سەل قارىغان قىزلار بىلەن توي قىلماسلىقى كېرەك» دەپ قارايمەن، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە، ئىپپىتىگە سەل قارىغان ئادەم تۇرمۇشتا باشقا نۇرغۇن ئىشلارغىمۇ چوقۇم سەل قارايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەر ـ خوتۇننىڭ تويىدىن كېيىنمۇ بەختلىك ياشاش مۇمكىنچىلىكى بەكلا تۆۋەن، بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت ئەر پىشانىسىنى سىلىۋېتىپ، ئا غا ئە نى قوشسىلا ‹بەختلىك› بولغىلى بولۇشى مۇمكىن .ئىپپەت دېگەن نېمە؟ نېمىشقا ھازىر بىزدە ئۇنى قەدىرلەش روھى سۇسلاپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟ دېگەندەك تولا سورالغان سۇئاللارنى يەنە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، بۇ گەپلەر تولا دېيىلدى، ئەمدى مەسىلە ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتا.

ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئىچكى ئاڭلىقلىقى تۈرتكىسىدە ھەركەت قىلىشى ئەڭ توغرا، ياخشى يول، ئەمما بۇ تولۇق ئىشەنچلىك يول ئەمەس، چۈنكى ئادەم بەزىدە ياخشى ـ ياماننى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئوڭايلا كېلىشەلەيدۇ، چۈنكى ۋىجداننىڭ ئۇنى جازالايدىغان كۈچى يوقتە .ئادەمدىكى ئاڭلىقلىق تولىمۇ نىسپىي نەرسە، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزىنى بىلىۋېلىشقا، ئاڭلىقلىققا تاشلاپ قويۇشى، بالىلىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىشى، ئەمەلىيەتتە، بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى دورىغا تىككەنلىكتۇر. مەن ھازىر تىلغا ئالغان نىسپىيلىك، دەل مەلۇم بىر ئەمەلىي، كونكرېت چەكلىمە ياكى نازارەتنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىپپەتنى تىلغا ئالغاندا، دىققىتىمىز قوزغىلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئەجەللىك ئاپەت ـ بېنىمىزدا يامراۋاتقان ئەيدىزدۇر. ھەممىمىز ئەيدىزنىڭ يۇقۇش يوللىرىنى بىلىشىمىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاسانلا يۇقىدىغان كېسەل ئەمەس. ئەيدىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى، تىرگېدىيە ۋە ئاچچىق ھەقىقەتتۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردا زىنا ۋە زەھەرنىڭ ئومۇملىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدۇر، مانا بىزدىكى ئەخلاق، ئىپپەت ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشى ئەيدىزنىڭ تارقىلىشىنى چەكسىز ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا بارلىق ئۇيغۇر بېشىنى كۆتۈرمىسە، چۆچۈمىدە، ئۇنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن خىزمەت قىلمىسا، پات ئارىدا ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ قوشۇنىمىزدىن، تۇغقانلىرىمىزدىن، ئائىلىمىزدىن چىقىشىغا ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويساق بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا نۇزۇگۇم روھىنىڭ ئۆلمەسلىكىنى، نۇزۇگۇم ئۆلۈمىدىكى قىممەتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تېخىمۇ چۇڭقۇر ھېس قىلىمەن، قىزلارنىڭلا ئەمەس، ئەركەكلىرىمىزنىڭمۇ نۇزۇگۇم روھىنى ئەسلىشىنى، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆزىگە ئوزۇق قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نۇزۇگۇم تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلمىدى، خەلق ـ ۋەتەنگە ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتقىنىمۇ يوق، ئۇ پەقەت ئۆز ئىپپىتى، پاكلىقى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى، ئىپپىتىنى جېنىدىن ئەلا بىلدى.

بىز ئۈچۈن نۇزۇگۇمنى ئەڭ ياخشى ئەسلەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر يېزىش، قىزلىرىمىزغا نۇزۇگۇم دەپ ئىسىم قويۇشلا ئەمەس، نۇزۇگۇم روھىنى ئۆز ئىش ھەركىتىمىز بىلەن تىرىلدۈرۈشتۇر.

———————

ئىستاتا مەنبەلىرى

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىزاھلىق لۇغىتى»، 130ـ بەت

[2] « ئەسئەت سۇلايمان» :خەمسەچىلىك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001ـ يىلى ـ5ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

[3]   يۇقىرىقى كىتاب، 20- بەت.
[4] «قىسقىچە چەتئەل ئەدەبىياتى تارىخى»، (ياۋروپا- ئامېرىكا قىسمى) خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، -2004يىلى 7- ئاي، 5- نەشرى 23- 94- بەتلەر.
[5]   يۇقىرىقى كىتاب، 108 -بەت.
[6]   يۇقىرىقىلار بۈيۈك بىرتانىيە .ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ ئېلېكتىرونلۇق كىتاب نەشرىدىن ئېلىندى.
[7] «قىسقىچە دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخى» ، (ياۋروپا - ئامېرىكا قىسمى) 2004-يىلى 12-ئاي، 5-نەشرى 49- بەت.
[8]   ئەسئەت سۇلايمان «خەمدەچىلىك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 19- بەت.
[9] «شەرق - غەرب سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تارىخى» 602- بەت، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005- يىلى 8- ئاي، 1 -نەزىرى.
[10] «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004-يىل 10- ئاي، 1- نەشرى 82- بەت.

# ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سەرگەردان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى

**نەپرەت**

مەزكۇر تەرجىمە ماقالىنى 2010۔ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مىسرانىم مۇكاپاتلىق ئەسەر پائالىيىتىگە قاتناشتۇرغان ئىدىم، ئەينى چاغدا 3 ۔دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېقىندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرېتارى جاڭ چۇنشيەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بارلىق سەرگەردان ئۇيغۇر باللارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغانلىقنى جاكارلىدى، بۇنىڭغا ئائىت خەۋەرلەر ھەممە تور بەتلەردە قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. مەزكۇر تەرجىمەمنى ئەينى چاغدا ئاز بىرقىسىم تورداشلارلا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ تورداشلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى كۆزدە تۇتۇپ قايتىدىن ئوكيان تورىغا يوللىدىم. ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن ئوقۇپ چىققايسىز. (نەپرەت)



ئۇيغۇر سەرگەردان باللىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوغرىلىق،بۇلاڭچىلىق قىلىشى كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان، رايون ھالقىغان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ %90 كۆپرەكى ئالداپ سېتىۋېتىلگەن، «لاۋدا» نىڭ قاتتىق ئۇرۇشى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغان. چۈنكى مىللەت ۋە تىل مەسىلىسى بولغاچقا،ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ساقچىلار ئۇلارنى

تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، پەردە ئارقىسىدا باشقۇرغۇچىغا ئائىت ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەچكە، قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. قاتتىق قىيناش ۋە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندە، ئۇلار يۇرتى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىغا قايتىشنى كېچە-كۈندۈز سېغىنىدۇ، ئۇلار ئۆيىدىن ئايرىلغان چاغدا يېشى تېخى بەك كىچىك بولغاچقا، قۇتقۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن كۆپ قىسىملىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئادرېسى ۋە ئالاقىلىشىش شەكلىنى بىلمەيدۇ.

ئەنۋەر ئۆيگە قايتتى

ئەگەر ئاچىسى ئۇنى مومىسىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇرلىمىغان بولسا، 10ياشلىق ئەنۋەر ئېھتىمال ئاتا-ئانىسىنى مەڭگۈ تاپالمىغان بولاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەنۋەر ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ،نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئۈچىنچى ئىدى، يەنە سىنىپ باشلىقى بولۇپ سايلانغان ئىدى.

2005 ـ يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈنى قاباھەت يېتىپ كەلدى. بىر تاكسى مەكتەپتىن قايتىۋاتقان ئەنۋەرنىڭ ئالدىدا توختاپ،ئىچىدىن بىر ئەر كىشى چۈشۈپ ئەنۋەرگە بىر تال شاكىلات بەرگەندىن كېيىن ،ئۇنىڭدىن قىزغىن ھال-ئەھۋال سوراپ كەتتى. ئەنۋەر شاكىلاتنى يېگەندىن كېيىن ئۆزىنى بىلەر-بىلمەيلا تاكسىغا چىقتى.كېيىن يەنە بىر ئاق رەڭلىك بولكىۋاي ماشىنىغا ئالماشتى.ئەنۋەر ئويغانغان چاغدا لەنجۇغا كېلىپ بولغان ئىدى.

كېيىن ئۇلار ئەنۋەرنى يۇرتىدىن 5000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇاڭجۇغا ئېلىپ كەلدى. ئاددىيغىنا بىر ئۆيدە ئەنۋەر ۋە باشقا يېڭىدىن كەلگەن 2ئوغۇل بالا قاتتىق نەزەربەنت قىلىندى.ئۇلارنى گۇڭجۇغا ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ئەر كىشىنى باللار«لاۋدا»(خوجايىن)دېيىشى كېرەك ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى، «لاۋدا» ئۈچ بالىنى بازارغا ئاپىرىپ «پىراكتىكا» قىلدۇردى. ئەنۋەر بۇ چاغدا ئاندىن ئۆزىنىڭ خىزمىتى «يانچۇقچىلىق» ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەنۋەر بۇ قىلمىشىنىڭ قانۇنسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەمدە ئاللاھقۇ ئوغرىلارنى جازالايتتى. «لاۋدا»ئوغرىلىق قىلىشقا ئۇنىمىغان ئەنۋەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۇردى.

ئەنۋەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق «پىراكتىكا»سى ئوڭۇشلۇق بولمىدى. سودا سارىيىدا باللاردىن بىرى ئوغرىلاپ كەلگەن يانفوننى ئەنۋەرگە بېرىپ تېز قاچ دېدى،ئەنۋەر يانفوننى ئېلىپ قېچىپ

نەچچە ئون مېتىر يۈگۈرگەندە پۇتلىرى يۇمشاق بولۇپ قالدى. يانفۇن ئىگىسى ئەنۋەرنى تۇتۇۋېلىپ ساقچىخانىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى.ئۇ چاغدا ئەتراپتا ئىزچىل كۆزۈتۈپ تۇرغان «لاۋدا» ئەنۋەرنى«بۇلاپ» قايتۇرۇپ كەلدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «لاۋدا» ئەنۋەرنى قېچىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن دەپ قاتتىق نەچچە شاپىلاق سېلىۋەتتى. بىر ھەپتە «پراكتىكا» قىلغاندىن كېيىن، «لاۋدا» ئەنۋەرنى «خىزمەت» كە چىقىشقا بۇيرىدى، ئەنۋەر ئۇنۇمسىز بولۇپ «لاۋدا» پوتىسىنى چىقىرىپ ئەنۋەرنىڭ پۇتىغا رەھىمسىزلەرچە ئۇردى، «پراكتىكا» ۋاقتىنى بىر ھەپتە ئۇزارتتى.

ئىككى ھەپتىلىك «پراكتىكا «ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەنۋەر يولغا چىقتى، ئۇ ھازىر ئوغرى بولۇشتىن قورقمايدىغان بولدى، پەقەت ھېچنىمە ئوغۇرلىيالماي تاياق يېيىشتىن قورقاتتى.تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا بىر خانىم نەرسە يېگەچ مېڭىپ كىتىۋاتقاندا، ئەنۋەر كەينىدىن ئەگىشىپ، خانىمنىڭ ئېسىۋالغان سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ ھەميانىنى ئېلىۋالدى .قائىدە بويىچە، ئەنۋەر ھەمياندىكى 650 يۈئەن خەلق پۇلى ۋە بانكا كارتىسىنى 13ياشلىق ئوغۇل بالىغا بېرىپ «لاۋدا» غا يەتكۈزۈپ بەردى.بۇ ئەنۋەرنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگەن 15 كۈندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز ئالدىغا مۇۋاپىقيەتلىك يانچۇقچىلىق قىلىشى ئىدى.

ئەنۋەر يېڭى تۇرمۇشقا تېزلا كۆنۈپ قالدى. ئەنۋەر ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ساقچىغا ئۆيگە قايتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ئىدى،ئەمما ئاخىرى ساقچىخانىدىن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنى يەنىلا«لاۋدا»ئىدى.

ئەنۋەر «لاۋدا» غا ئەگىشىپ جەنۇبىي جۇڭگودىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى، ئۆزىنىڭ قانچە قېتىم ئوغرىلىق قىلغىنى ئېسىدە يوق. ئۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 6 ئادەمنىڭ ھەميانىنى ئوغرىلاپ 2400 يۈەن تاپتى.ئۇ قېتىم «لاۋدا» خوشاللىقىدىن ئەنۋەرگە 200 يۈەن مۇكاپات بەردى، ئەنۋەر 100 يۈەنگە يېڭى كىيىم سېتىۋالدى، 100يۈەنگە باغچىغا بېرىپ ئويناپ كەلدى. ئەنۋەر ساقچىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقمايدۇ.ئۇ ساقچىخانىغا قانچە قېتىم كىرگىنىنى ساناپ بېرەلمەيدۇ، ھەر قېتىم تۇتۇلۇپ نەچچە سائەتتىن كېيىنلا قويۇپ بېرىلەتتى. ھەر قېتىم«لاۋدا» نىڭ ساقچىخانا ئىشكىدە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. «لاۋدا» تەلىم بېرىپ ئۇلارنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلىكىنى، خەنزۇچە ئۇقمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالسىلا ساقچىنىڭ ئۇلارنى قويۇۋېتىدىغان ـلىقىنى، ئەگەر ساقچى تونۇپ قالسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ساقچىنى مۇلايىملىق بىلەن قويۇپ بەرگۈزەلەيدىغانلىقىنى ئۆگەتتى.

بېيجىڭلىق ئىسمىنى ئاشكارلاشنى خالىمىغان ساقچى ئەمەلدارى ئاغرىنغان ھالدا:«يېشى جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توشمايدۇ،ئوغۇرلىغان سوممىسىمۇ جازا بېرىشكە يەتمەيدۇ،خەنزۇچە سۆزلەشنى بىلىدىغىنىمۇ بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.بىر بالىنى تۇتۇۋالساق بىر توپ شىنجاڭلىق ئىش تېرىيدۇ،يەنە مىللىي مەسىلىمۇ بار،ئادەتتە شەكىلگە نەچچە سائەت قاماپ قويغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىمىز»دېدى.چۈنكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئۇيغۇر سەرگەردان بالىلىرىنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكگە قارىتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان،نەرسىسىنى ئوغۇرلىتىپ قويغان كىشىلەر دەردىنى ھەمىشە بۇ بالىلاردىن چىقىراتتى.ئەنۋەرنى مال ئىگىسىمۇ ئۇردى،.«لاۋدا»مۇ ئۇردى.

پۈتۈن بەدىنىنى تارتۇق قاپلىغان ئەنۋەرگە نىسبەتەن تاياق يېيىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى.نەچچە كۈن ئىلگىرى،ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېھتىياتسىزلىقتىن مەغلۇپ بولغاندا،.«لاۋدا» ئەنۋەرنى يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى.

2006 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەنۋەر يەنە بىر قېتىم تۇتۇلۇپ قالدى.لېكىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش نەچچە سائەت قاملىپلا قويۇپ بېرىلمىدى،بۇ قېتىم ئۇ ياش ئۇيغۇر ساقچى ھەسەنگە يولۇقتى.ھەسەن ئۇنىڭدىن تىنىچ ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن يەيدىغان،ئىچىدىغان نەرسىلەرنى بەردى،يەنە ئۆز ئۆكىسىدەك كۆرۈپ ياتقىغا ئېلىپ كەلدى.ئەنۋەرنىڭ ھاياتلىق ئىستىكى يېنىپ،ھەسەنجان ساقچىدىن ئۆزىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىشنى ئۆتۈندى.

« ئەنۋەرمۇ؟ ھاياتمۇسەن قوزام؟» مومىسى تېلىفوندا سۆزلىشىۋاتقان شۇ پەيتتە يىغلاپ كەتتى. سەھەر بىر يېرىمدا ئەنۋەرنىڭ ئانىسى ئايروپىلان بىلەن ساقچىخانىغا يېتىپ كېلىپ يوقاپ كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشقان ئوغلىنى باغرىغا باستى.

بىر بالا 5000 سوم

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشچە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سەرگەردان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ % 90كۆپرەكى ئالداپ كېتىلگەن، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدىن ئىكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇتقۇزۇش پونكىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشچە، 2003ـ يىلى 1ـ ئايدىن 2005ـ يىلى 12ـ ئايغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىچكىرى جايلاردىن3660 نەپەر سەرگەردان ئۆسمۈرنى قايتۇرۇپ كەلگەن، %90 كۆپرەكى جەنۇبتىن ئىكەن.

جۇڭگو خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زاتلارنىڭ ئاشكارلىشىچە، قۇتقۇزىۋېلىنغان ئۇيغۇر سەرگەردان باللار بارلىق قۇتقۇزىۋېلىنغان باللارنىڭ 12.7%نى ئىگەللەيدىكەن. ئۇيغۇر سەرگەندان باللىرى ناھايىتى كۆپ يەنە كېلىپ يىغىۋېلىش تەس بولغاچقا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ سان ئۇيغۇر سەرگەردان باللار قوشۇنىنىڭ زورلىقىنى كۆرستىپ بېرەلمەيدىكەن. يەنە بىر ئىسپات بولسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇتقۇزۇش پونكىتىنىڭ دېيىشىچە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە دائىملىق سەرگەردان ئۇيغۇر باللارنىڭ سانى 4000 كېلىدىكەن، خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن سان بۇ ساندىن خېلى يۇقىرى ئىكەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ ستاتىستىكىسىدا كۆرستىلىشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بارلىق جىنايەتچىلەر سانىدىكى ئىگەللىگەن نىسبىتى 2000 ـ يىلىدىكى % 14.2تىن2005 ـيىلى 19.5% كە ئۆرلىگەن. بولۇپمۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر سەرگەردان باللارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرى توختىماي يۈز بەرگەن، 2005-يىلى دېلو تۇرغۇزۇلۇش سانى 2000 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشقان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورگىنىدىكى لى شياۋشىيا (李晓霞) نىڭ قارىشىچە، جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا نىسبەتەن يۇقىرى نىكاھتىن ئاجرىشىش، ئىشسىزلىق نىسبىتى، ئادەم كۆپ يەر ئاز بولۇش زىددىيىتى، ئېغىر نامراتلىق ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى تەشكىلىي چېچىلاڭغۇلۇق قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسى سەرگەردان باللارنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەن. جەنۇبتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم نامرات نوپۇس مەركەزلەشكەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى 35 نامرات ناھىيەنىڭ 23 جەنۇبتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.ئىسلام ئەقىدىسى ئوغرىلىق قىلىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ.80-يىللاردىن كېيىن پەيدا بولغان بىر قىسىم قوراملىغا يەتكەن ئوغرىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ «تەرەققىي قىلغان»، كېيىن يەنە تەرەققىي قىلىپ كىچىك باللارنى قالقان قىلىپ ئوغرىلىق قىلدۇرغان بولغان .1988-يىلدىن كېيىن،بەزىلەر بىۋاستە ئادەم تەشكىللەپ باللارنى كۆپ مىقداردا ئالداپ سېتىشقا باشلىغان،چوڭلار پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلغان.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنۋېرستىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىلھام توختى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئازاپلىنىپ: «ھازىر ئۇيغۇر ياشلار ئىسلام دىنىدىن بارغانسېرى ۋاز

كېچىۋاتىدۇ، ئۇلار هاراق ئىچىدىغان، ئوغرىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەتنى قاتتىق بۇلغاپ تاشلىدى» دېدى.

ئاقسۇ رايونىدا «كۈلى» دەيدىغان يېڭى بىر ئۇيغۇرچە سۆز بار،مەخسۇس ئادەم بېدىكلىرى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ناتوغرا يولدا پۇل تاپقان كىشلەرنى ئاتاشتا ئىشلىتىدۇ.يەرلىكلەر ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش ئۇسۇلىدىن بىزار، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە ھەۋەس قىلىدۇ.

نەچچە بالىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئاقسۇلۇق بىر زات: «مېنىڭ مەھەللەمدە بىر داچا بار، دەل ئادەم بىدىكىنىڭ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى باقالمىسا جاھانكەشتىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كاۋاپ سېتىشقا بۇيرۇيدۇ» دېدى.

خوتەن پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىر پوچتىكەشى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا: «خۇددى خىزمەتچىلەر مۇئاش ئالغاندەك، خوتەن رايونىنىڭ ھەر قايسى يېزا-كەنتلىرىگە جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەۋەتىلگەن پۇللار كېلىپ تۇرىدۇ»دېدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورگىنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۈ شىفا:« 3ياشتىن 16 ياشقىچە بالىلارنىڭ ھەممىسى بار، ئاساسلىقى 10ياشتىن 13 ياشقىچە، كىچىكلىرىنى قولىدا كۆتۈرىۋېلىپ كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىدۇ،چوڭراقلىرى بىۋاستە ئوغرىلىق قىلىدۇ،ئوغرىلارغا تاماق قىلىپ بېرىدىغان قىزلارمۇ بار،بەزى يەرلىكتىكى ئاساسىي قاتلام ئەمەلدارلىرى كۆزنى قىسىپ قويۇپ،ئوغرىلارنىڭ يەرلىككە كۆپرەك پۇل تېپىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ«دېدى.

قۇتقۇزىۋېلىنغان دەۋران ئىسىملىك بالا:«بىز 16 چوڭ ئادەم ۋە 4 كىچىك بالا بولۇپ،ناھايىتى تەستە تاپقىلى بولىدىغان جايدا تۇرىمىز،2چوڭ ئادەم ۋە 2كىچىك بالا بىر ئۆيدە تۇرىدۇ،4چوڭ ئادەم بىر بالىنىڭ ئوغرىلىق قىلىشنى كۆزىتىدۇ.چوڭلارنىڭ يېنىدا پىچىقى بار،بىز ئوغرىلىق قىلغاندا قارشى تۇرغانلارغا تەھدىد سالىدۇ.ئۇلار مېنى قايناۋاتقان سۇدىن تەڭگە پۇلنى ئېلىشقا مەجبورلىدى،ئەگەر ئالالمىسام پوتىسى بىلەن ئۇرىدۇ.مەن بىلەن بىرگە تۇرىدىغان11 ياشلىق بالا بار،مەندىن بىر ئاي بۇرۇن ئالداپ كېلىنگەن.ئۇ بىر قېتىم قېچىپ باققان،تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن قاتتىق ئۇرۇپ تاسلا قالدى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى»دېدى،ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ھەربىر ئوغرى بالىنىڭ بىر مەزگىل ئازاپلىق«پىراكتىكا ۋاقتى»بار ئىكەن.

«لاۋدا» باللارغا ھەر كۈنى تاپشۇرىدىغان ئوغرىلىق سوممىسى (500ـ2000) نى بېكىتىپ بەرگەن بولۇپ، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان ياكى قېچىشقا ئۇرۇنغانلار قاتتىق تاياق يەيدۇ.باللارنى يەنىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش ئۈچۈن، بەزى خوجايىنلار باللارنى زەھەر چېكىشكە،قىمار ئويناشقا قىزىقتۇرىدۇ، قىزلار دائىم جىنسىي خورلۇققا ئۇچرايدۇ. قاچالىغانلىرى خوجايىنىدىن ئەمدى قۇتۇلۇپلا يەنە بىر خوجايىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر سەرگەردان باللارنى قۇتقۇزغۇچى تەشكىلاتنى تېخىمۇ ئېچىندۇرغىنى،قۇتقۇزىۋالغان باللارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ يېشى بەك كىچىك بولغاچقا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى بىلمەيدۇ.ئاقسۇلۇق بىر ئوت يۇرەك زات :«3بالىنى قايتۇرۇپ كەلدىم، ئەڭ كىچىكى 3ياش، ئەڭ چوڭىمۇ 8 ياش، مۇنچە كىچىك بالا ئۆيىنىڭ ئالدىدا يەل-يېمىش ماگىزىنىنىڭ بارلىقىنى ئېسىدە تۇتالىشى مۇمكىن،ئەمما ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئۇقمايدۇ،ھازىر چېقىش بەك قاتتىق،ئۇ ماگىزىنىنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدۇ»دېدى، ئامالسىزلىقتىن باللارنى قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئاپىرىپ بەردى.

بۇ پىدائىيىنىڭ تونۇشتۇرىشىچە :« كېيىن باللار بېقىۋېلىشقا بېرىۋېتىلىدۇ،ئۇلارنىڭ ئادەم بېدىكلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىز، ئۇلار بېقىۋېلىشنى ئامال بار قولىغا كەلتۈرىدۇ، ئادەم بېدىكلىرى ئارىسىدىمۇ مۇناسىۋەت بار.نامى چىققان،ئوغرىلىققا ئۇستا بالا5000سومغا يارايدۇ،ئادەتتىكى يېڭىلىرىمۇ 1000 سومغا يارايدۇ» دېدى.

ئۆتۈنۈپ قالايلى، باللارغا قارا قولۇڭلارنى ئۇزارتماڭلار!

ئۇيغۇر باللارنى يىغىۋېلىشتا يېمەك-ئىچمەكنىڭ چوقۇم مۇسۇلمانچە بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، باللار بىلەن سۆزلىشىشكە ئامالسىز، باشقۇرماق ئىنتايىن قىيىن مەسىلە.قايتۇرۇپ كېتىش تەننەرخىمۇ ناھايىتى يۇقىرى.تىل بىلىشمىگەچكە،ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ساقچىلارنىڭ ئېنىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىنمۇ ئىسپات ئالالمايدۇ، خوجايىنىنى بېكىتىشكە ئامالسىز. گەرچە ئۇزۇن مەزگىل ئىچكىرى ئۆلكىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بالا بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدا تۇرغاچقا،خەنزۇلارنى ئوغرىلىق نىشانى قىلغاندىن باشقا،خەنزۇلار بىلەن ناھايىتى ئاز ئالاقە قىلىدۇ،ھەتتا خەنزۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ،بولۇپمۇ جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىغا،مۇبادا تۇتۇلۇپ قالسا،ئۆزىنى يارىلاندۇرۇش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.ھەتتا بەزى ساقچىخانىلار مەخسۇس ئۇيغۇر ساقچى تەكلىپ قىلىپ بۇ خىلدىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ،ئەمما ۋاقىتلىقلا ھەل قىلالايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا،نۇرغۇن تارماقلار قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ بوشاپ قالىدۇ،ئۇيغۇر باللارنى يىغىۋالمايدۇ ياكى بىرەرسى تونۇۋالسىلا

دەرھال قويۇپ بېرىدۇ.شۇنداق قىلىپ،ئۇيغۇر سەرگەردان بالىلارنىڭ ئالدى پۇتى ساقچىخانىغا كىرىپ بولغىچە ئالدى پۇتى چىقىپ بولىدۇ دە داۋاملىق ئوغرىلىق قىلىدۇ.ئۇلارنىڭ «لاۋدا»سى ساقچىخانا دەرۋازىسىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

چۈنكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ساقچىلار ئەمەلىي باشقۇرۇش قىيىنچىلىقىغا يولۇققاچقا،ئاما ساقچىلار ئۇيغۇر سەرگەردان بارلىلار ئوغرىلىق شايكىسىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى دەپ قارايدۇ،ئۇيغۇر قارا جەمئىيەت خوجايىنلىرىمۇ زىيادە غالجىرلاشقان.

ھەسەنجان ساقچى:«مەن ئەنۋەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى،ئۇلار ماڭا تېلىفۇن قىلىپتۇ.تېلىفۇندا ماڭا تەھدىت سالدى ھەم پۇل بېرىمىز دېدى،بۇ ئادەملەر ئەجەپ غالجىرلىشىپ كەتكىلى تۇردى»دېدى غەزەپلىنىپ تۇرۇپ.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ ئۇيغۇر سەرگەردان بالىلار مەسلىسىدىكى ئىقتىدارسىزلىقى ئاممىنىڭ ئۇيغۇر سەرگەردان بالىلارغا نەپرەتلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىنتېرنېت تورىدا «شىنجاڭلىق ئوغرىلار» نىڭ ئەدەپ كېتىشگە بولغان غەزەپلىك سادالىرى پەيدا بولدى،يەنە ئەل ئارىسىدىكى يانچۇقچىلارغا قارشى زاتلار شەھەر ئاھالىسىنى ئۆزلىكىدىن زوراۋانلىق ئارقىلىق يانچۇقچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان يوللانمىلارنى يوللىدى،تۇتۇۋېلىنغان ئۇيغۇر سەرگەردان بالىلارنى شەھەر ئاممىسىنىڭ زورلۇق بىلەن تەربىيە قىلغان قانلىق سۈرەتلەرنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولاتتى.

جىياچۈئەن 2 ياشلىق قىزىنىڭ ئاتىسى، خېنەن ئەنياڭ شەھىرىدىكى مائارىپ خزمەتچىسى ،2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوغرىلارنىڭ كۆپكۆندۈزدە ئوغرىلىق قىلىشىغا كۆنەلمىگەنلىكتىن،ئەنياڭ يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىنى قۇرغان.جىياچۈئەننىڭ دېيىشىچە،شۇ جايدا9،8ئۇيغۇرلار ئاشخانىسى بولۇپ،ئوغرىلار بۇ ئاشخانىلارنى بازا قىلغان،بالىلار ئۈچتىن،تۆتتىن بىر توپ بولىدىكەن، بەزىدە 30 ،20 گە يېتىدىكەن، ئۇلار ھەر كۈنى چىقىپ ئوغرىلىق قىلىدىكەن،ئوغرىلارغا قارشى تۇرۇش ئەترىتى ئوخشاش بىر بالىنى بىر ھەپتىدە نەچچە قېتىم تۇتۇۋالىدىغان ئەھۋالمۇ بار ئىكەن،ھەممىسى ئۇلارنى تۇتۇشتىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالغان.

بۇرۇن بۇ بالىلار بىلەن تونۇشمايدىغان بولۇپ،ھازىر ھەممىسى بىلەن تونۇش بولۇپ كەتتى، ئۇلاردىن تاماق يېدىڭمۇ دەپ سورىغاندا،ئۇلار بىر نەرسە ئوغرىلىيالمىساق يەيدىغان نەرسە يوق ياكى تاياق يەيمىز دېگەن.بېگى كەلگەن بىر بالا ئوغرىلىق قىلىشتا ئازراقمۇ ئېپى يوق بولۇپ،بىز

ئۇنى دائىم تۇتۇۋالىمىز،«لاۋدا»سىمۇ دائىم ئۇرىدۇ،ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن،ئانىسى ماشىنا هادىسىسىگە يولۇققان،ئۇ ئوينىغىلى سىرىتقا چىقىپ باشقىلارغا ئەگىشىپ كەلگەن.بىرىنچى قېتىم تۇتۇۋالغاندا ئۇ راست گەپ قىلغان،ئەمما كېيىن تۇتۇۋالغاندا راست گەپ قىلمايدىغان بولغان،بىر قېتىم4كىچىك بالىنى،بىر چوڭىنى تۇتۇۋالغان،چوڭى ئېهتىمال خوجايىنىنىڭ تۇققىنى بولۇپ بالىلار ئارىسىدا نازارەت قىلىشى مۇمكىن،شۇڭا كىچىكلەر ئىقرار قىلىشقا پېتىنالمىدى.ئۇ بالىنى5-قېتىم تۇتۇۋالغاندا يەنىلا بۇرۇنقى تەنهەركەت كىيىمنى كىيىۋالغان بولۇپ يىرتىق،مەينەت ئىدى.

ئۇلارنىڭ كۈندۈزى قىلىدىغان ئىشى يوق، چوڭىدىن بىرى كىچىك بالىدىن بىرنى ئەگەشتۈرىۋېلىپ كوچىغا چىقىدۇ، خەقنىڭ ئارقىسىدىن قول سېلىشنى ساقلاپ تۇرىدۇ، كەچتە ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا قايتىپ كۈتكىچىلىك قىلىدۇ، كاۋاپ ساتىدۇ. نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر بالىنى تۇتۇۋالدۇق، يېشى بەك كىچىك بولغاچقا قويۇپ بەردۇق، ئىككىنچى كۈنى ئۇنى ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا كاۋاپ سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم،ئۇ مېنى كۆرۈپ ئازراق خىجىل بولدى، دەرهال مېنى كاۋاپ يېيىشكە چاقىردى.

ئۇلار ساقچىنى كۆرسە قاچمايدۇ، چۈنكى ساقچىنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، تۇتۇۋالسىمۇ تېزلا قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلار ساقچىلارغا ئەزەلدىن خەنزۇچە گەپ قىلمايدۇ، بىزگە ئازراق خەنزۇچە گەپ قىلىدۇ. بەزى كىچىك بالىلار تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن پارا بېرىشنى ئۇقىدۇ،تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ ياكى ئوغرىلىغان يانفۇننى سوۋغا قىلىدۇ،بەزى بالىلارنى تۇتۇۋېلىپ ساقچىغا ئاپارماقچى بولساق بىزدىن ساقچىلار كارى بولمىسا،ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ كارى بولمىسا، سىلەرگە نېمە كەلدى دەيدۇ، بىزگە قانۇننىڭ ماددىلىرىنى يادلاپ بېرىپ بىزدىن نېمگە ئاساسەن ئادەم تۇتسىلەر دەپ سورايدۇ، ئېنىقكى ئۇلارغا چوڭلار ئۆگەتكەن.

بىر قېتىم، مەن بىر بالىنى تۇتۇۋالدىم، چاغانىنىڭ7-كۈنى ئىدى، پەقەت بىر قۇر كۈزلۈك كىيىم ۋە تەنهەرىكەت كىيىمى كىيىۋالغان ئىدى. ساقچىخانىغا ئاپارغىنىمدا توڭلاپ بولالماي قالدى، بىرلا ئادەم بولغاندىكىن ساقچىخانىمۇ بەرىبىر قويۇپ بېرەتتى،بۇ بالا تۇرىدىغان جاي بىلەن ساقچىخانىنىڭ ئارىلىقى ناهايىتى يىراق ئىدى، ساقچىغا بولدىلا ئۇنى تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ قوياي دېدىم. مەن توكلۇق ۋېلسىپىت مىنگەن ئىدىم، ئۇنى ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزىشمىغا پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى، كۆز ياشلىرى ئېقىۋاتاتتى.سىلاپ باقسام ئارانلا ئىككى قات كىيىمى بار ئىكەن، دەرهال بىر تاكسى چاقىرىپ، شوپۇرغا پۇل بېرىپ بالىنى تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلىدىم.

جىياچۇئەن يانچۇقچىلارغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ دەسلەپتە زوراۋانلىق ئارقىلىق يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ھازىر بۇ باللار توغۇرلۇق سۆز قىلسا خۇددى باللارنىڭ دادىسىغا ئوخشاش كۆيۈمچان بولۇپ كەتكەن ئىدى.جىياچۇئەن ھەر قېتىم بۇ باللارنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەۋاتقان قىزىنى ئەسكە ئالاتتى، «ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بالىسىنىڭ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلسە چوقۇم قاتتىق ئازابلىنىدۇ»دېدى.

جىياچۇئەنگە ئوخشاش ،بىر قىسىم جامائەت ئەربابلىرى كىچىكىدىلا ئالداپ سېتىۋېتىلگەن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر«ئوغرى»لارغا ئىچ ئاغرىتتى.
«بىر ئۇيغۇر بالا ئالداپ سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن شاگىخەيدە ئوغرىلىققا سېلىنغان ،3 بولغاندا ساقچىلار قايتۇرۇپ كەلگەن، ناۋادا بىرى قولىنى كۆتۈرسىلا بالا قورقۇپ يىغلايتتى، يوشۇرىنىۋالاتتى، قولىدا بىر تال پىرەنىك بولۇپ يېرىم كۈنگىچە يېمىدى، قورسىقى ئاچقاندا ئازراق چىشلەپ قوياتتى. ساقچىلار قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن كىيىم سېتىۋېلىپ كېلىپ ئالماشتۇرىدىغان چاغدا، ساقچىلار يىغلاپ كەتتى ،10 ياشقىمۇ بارمىغان بىر بالىنىڭ بەدىنىدە 200دىن كۆپ جاراھەت بار ئىدى. ھېلىقى ئۇيغۇر ئائىلىدە مىليونېر بار ئىدى، ئۇ ئائىلىدىكى بوۋاي كىچىككىنە بالىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلىغىنىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى،ئېغىزى قاناپ كەتتى.ئۇ ئاخىرى ساقچىغا مەن سىلەرگە بىر مىليون بېرەي،ئادەم بېدىكلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاتقىلى قويۇڭلار دېدى».شىنجاڭلىق بىر خەنزۇ تورداش توردا ئۇزۇلۇكسىز ماقالە ئېلان قىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى يانچۇقچىلارغا قارشى تەشكىلاتلارنىڭ قالايمىقان زورلۇق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى.ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ«شىنجاڭلىق ئوغرى»نىڭ ئېچىنىشلىق تەغدىرىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلدى.
ئۇ «ئۆتۈنۈپ قالاي، باللارغا قارا قولۇڭلارنى ئۇزارتماڭلار!» دەپ خىتاب قىلدى.

### ھەر بىر بالا دۆلەتنىڭ قىممەتلىك گۆھىرى

ئۇيغۇر لىنىيىسى تۈنجى بولۇپ ئۇيغۇر سەرگەردان باللارنىڭ تەغدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن ئەل ئىچىدىكى تور بەت ئىدى، تور بەت مەخسۇس »سەرگەردان ئۆسمۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلەيلى» سەھىپىسى تەسىس قىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ «شىنجاڭلىق ئوغرىلار»غا بولغان خاتا چۈشەنچىسىنى يوقاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كۈچلەرگە بۇ باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا مۇراجىئەت قىلدى.

تور بەتنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى«ئۇلار ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى»دېدى، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوقۇغىلى يېڭى كەلگەندە،دەل ئوغرىلار مەسلىسى سەۋەبلىك،دائىم ئۇقۇشماسلىقتا ئۇچرايدۇ.

ئۇ بىر قېتىملىق ئىشنى مەڭگۈ ئۇنتىيالمايدۇ: بىر قېتىم ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا چىققان چاغدا، ئادەم بەك كۆپ بولۇپ، تۇتۇۋالغۇدەك جاي يوق ئىدى، ئاپتوبۇس جىددىي تورمۇز قىسىۋىدى، ئۇ ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، قولى دەل ئالدىدىكى40نەچچە ياشلىق ئەرنىڭ يانچۇقىغا تېگىپ كەتتى، ھېلىقى ئەر دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ «نېمە قىلىسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. بىر ئاپتوبۇس ئادەم شۈبھىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ دەرھال ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر لىنىيىسىنىڭ مەسئولى«تىنىچ ئۈيىدە ئولتۇرماي،بۇ يەرگە كېلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ»دەپ قايناپ كەتتى،ئۇ ئەينى چاغدا بۇ ئۇيغۇر ئوغرىلارغا نەپرەتلىنەتتى،ئەمما نەچچە بالىنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن،ئۇ ھەربىر بالىنىڭ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرى بارلىقىنى بىلدى،ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.

ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر لىنىيىسى نۇرغۇن جايلاردىكى يانچۇقچىلارغا قارشى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلاشتى،مۇبادا ئۇيغۇر بالىسى تېپىۋالسىلا دەرھال بىر ئادەم تەرجىمان بولۇشقا مەسئول بولۇپ،بالىنىڭ ئائىلىسىنى ئىزدىدى.

«دەسلەپتە، نۇرغۇن جايلاردىكى كىشلەر يانچۇقچىلارغا زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇردى، ئۆلتۈردى، ئۇردى، بىز يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرىشنى قوللايمىز، ئەمما قانۇنلۇق بولىشى كېرەك» .ھازىر گۈيلىن، چوڭچىڭدىكى يانچۇقچىلارغا قارشى تەشكىلاتلار باللارنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەردى، بىر قىسىم خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان خاتا چۈشەنچىسى ئاستا-ئاستا يوقىدى.

تور بەتكە مەسئول بولغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنۋېرستىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىلھام توختى ئۇيغۇر لىنىيىسىدىن ئىبارەت بۇ بەتنى ئىنتايىن مۇھىم بىلىدۇ. ئوقۇتۇش خىزمتى بىلەن شوغۇللانغاندىن سىرت، بىر تەرەپتىن سودا قىلىپ بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى،بىرلا ۋاقىتتا پايتەختتىكى بىر قانچە ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى،ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ھەر كۈنى تور بەتنى ئاسرىدى،ھەر قايسى جايلاردىكى يانچۇقچىلارغا قارشى

تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلاشتى،پىكىر ئالماشتۇردى.بەزىدە ئالدىراشچىلىقتا ئۇدا نەچچە كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ئارام ئالالمىدى.

ئىلھام توختى:«ھەربىر بالا دۆلەتنىڭ گۆھىرى،ھەممىسىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى بار.ئۇلارنىڭ كىچىككىدىن ئائىلىسى يوق.تايانچىسى يوق،ئەگەر ئىزچىل ئوغرىلىق قىلىدىغان بولسا مەڭگۈ ئوغرى بولۇپ قالىدۇ،چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقا بالىلارنى ئالداپ ئوغرىلىققا سالىدۇ.ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئۆزگىرەيدۇ»دېدى.

جىياچۈئەن دەسلەپتە ئۇيغۇر لىنىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ،ئۇيغۇرلارنىڭ سەرگەردان بالىلارنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى.ئۇ شىنجاڭنىڭ بىر مۇنبىرىدە«بىز شىنجاڭلىق ئوغرىلارغا قانداق تاقابىل تۇرىشىمىز كېرەك»ناملىق تېما يوللىدى،جىياچۈئەن ئۇ مۇنبەردە ئۇيغۇر لىنىيىسىدىن يۆتكەلگەن بىر ماقالىنى كۆردى.«ئەسلىدە ئۇيغۇر سەرگەردان بالىلارنىڭ تەغدىرىگە ھەققىي كۆڭۈل بۆلىدىغان يەنە بىر توربەت بار ئىكەندە»ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.«مەن بىر خەنزۇ،خېنەن ئەنياڭدىن.مەن يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرۇش ئەترىتىدىن،مەن بىر مائارىپچى،مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن،سەرگەردان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتا قىلىشنى خالايمەن.بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بىز قول تۇتۇشايلى»دەپ خەت قالدۇردى.جىياچۈئەننىڭ ئۇيغۇر لىنىيىسىدىكى خېتىدىن نۇرغۇن كىشىلەر تەسىرلەندى.

جىيا چۈئەن ئۆزىنىڭمۇ ئىلگىرى ساقچىلارنى نانقېپى دەپ تىللىغان ئىدى، ھازىر ئۇلارنى بىر ئاز چۈشەندى، بىراق،بىر تەرەپ قىلمىغانچە بىر تەرەپ قىلىش بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىدۇ. ساقچىلار يىغىۋېلىش مەركىزىگە ئاپىرىپ بېرىشنى خالىمايدۇ،يىغىۋېلىش مەركىزىمۇ قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ،ھەممىشە خىراجەت كېتىدۇ،تاماق مەسىلىسى ئاۋارىچىلىق،باشقۇرۇش تەس دەيدۇ،ئەڭ ئاخىرىدىمۇ ئۇيغۇر لىنىيىسىدىكى دوستلارنى تەرجىمانلىققا تەكلىپ قىلىپ،بالىنىڭ ئائىلە باشلىقىنى ئىزدەشكە ياردەم بېرىدۇ.

ھازىر بالىلارنىڭ ئالداپ سېتىۋېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەن جىياچۈئەن ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى بالىنى قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئاپىرىپ بېرىپ،ئاندىن ئۇيغۇر لىنىيىسىدىكى دوستلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ياكى يەرلىك110غا تېلېفون قىلىدۇ.

جىياچۇئەن مەملىكەتتىكى يانچۇقچىلارغا قارشى ئەترەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر سەرگەردان باللارنى قۇتقۇزۇش تورى تەشكىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.ئالداپ سېتىۋېتىلگەن بالىنى بايقاپ قالسىلا دەرھال ئۇيغۇرلارغا ئۇچۇر قىلىپ،ئۇلارنىڭ بالىنىڭ ئائىلىسىنى ئىزدىشىنى تاپىلاش،ئەڭ ياخشىسى بالىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولىشى كېرەك.ئۇ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ فوند قۇرۇپ بۇ باللارنى قۇتقۇزىۋېلىشنى،ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ،پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بۇ باللارنىڭ تەغدىرىگە كۆڭۈل بۆلىشنى ئۈمۈت قىلدى.

## نۇرگۈلنى قۇتقۇزۇش

كىچىك قىزچاق نۇرگۈل 12ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئالداپ سېتىۋېتىلگىنىگە بىر يىل بولغان، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا 365 كۈننىڭ ھەممىسى قارا چۈش ئىدى، ئېھتىمال يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن بىر ئۆمۈرلۈك خورلۇق بولىشى مۇمكىن.2007-يىلىنىڭ بېشىدا، تەغدىر ئۇنىڭغا بۇ قاباھەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش پۇرستى يارىتىپ بەردى، جىياچۇئەن يېقىندا تەشكىللىگەن بىر قېتىملىق يانچۇقچىلارغا قارشى ھەركەتتە نۇرگۈلنى تۇتۇۋالدى.

جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇرلاپ، نۇرگۈلنىڭ يەنە ئوغرىلار گۇرۇھى ئاتامانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نۇرگۈلنى دەرھال قۇتقۇزۇش پونكىتىغا ئاپىرىپ بەردى.يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرۇش ئەترىتى بىر تەرەپتىن قۇتقۇزۇش پونكىتىغا نۇرگۈلنى تېزلىكتە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرسە،بىر تەرەپتىن ئىلھام توختى بىلەن ئالاقىلاشتى .

يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرۇش ئەترىتىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا، نۇرگۈل بىلەن ئىلھام توختى تېلىفۇنلاشتى، نۇرگۈل ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىن ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ماشىنا ھادىسىدە قازا قىلغانلىقىنى، ئۆگەي ئاتىسىنىڭ ئاقسۇدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئىلھام توختى قىزچاققا پەقەت راست گەپ قىلساڭلا ئۆگەي ئاتاڭ تېزلا كېلىپ سېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ دېدى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە،ئەنىياڭدىكى جىنايى ئىشلار ساقچىسى ۋە بىر ئۇيغۇر تەرجىمان قىزچاقنى ئىزدەپ كەلدى، قىزچاق ئۇلار بىلەن بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن، جىياچۇئەنگە گېپىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆگەي ئاتىسىنىڭ ئاقسۇدا ئەمەس، بەلكى ئەنىياڭدا ئىكەنلىكىنى، ئۆگەي ئاتىسى نۇرگۈلنى ئەنىياڭغا باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. قايتا سورىغاندا، ئۇ يەنە گېپىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنى تاغىسى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى دېدى، ئەڭ ئاخىرىدا ھاممىسىنىڭ ئېرى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى دېدى.

قىزچاقتىن ئېنىقلا«لاۋدا» دىن قورقۇپ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئىلھام توختى قىزچاقنىڭ ئالداپ سېتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا تېزلىكتە ئىسپاتقا ئېرىشىشكە ئامالسىز قالدى، قويۇپ بېرىشكە بولمايتتى. جىددىي ئەھۋالدا، ئۇ بىر تەرەپتىن شىنجاڭ دىكى قىزچاقنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى سۈرۈشتۈرسە،بىر تەرەپتىن جىياچۈئەننىڭ قۇتقۇزۇش پونكىتىدىكى خىزمىتىنى قىلىشنى ئۆمۈد قىلدى،«ئادەمنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەڭلار»دېدى.

كۆپ تەرەپلەردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق،ئىلھام توختى نۇرگۈلنىڭ بىرىنچى قېتىم ئېيتقان سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى،ئۇگەي ئاتىسى ئاقسۇدا ئىدى.بېيجىڭغا قايتقان ئىلھام توختى جىياچۈئەن ئەۋەتكەن نۇرگۈلنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەندىن كېيىن:«ئۇ قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت تارتقان قىز ئىكەن،مەن ئەزەلدىن مۇنداق قېرى چىراي12ياشلىق قىزچاقنى كۆرۈپ باقمىغان،كۆز نۇرى نېمەدېگەن قايغۇلۇق»دېدى.

ئىككىنچى قېتىم تېلىفۇنلاشقاندا،ئىلھام نۇرگۇل بىلەن مۇڭداشتى.دەسلەپتە،قىزچاق توختىماي يىغلىدى،ھېچنىمە دېيەلمىدى.

«ھازىر قانۇن ئۆزگەردى، 10ياش، 12ياشلىق بالىلارمۇ نەرسە ئوغۇرلىسا تۈرمىگە كىرىدۇ،كېيىن قانداق ئەرگە تېگىسەن؟»دېدى ئىلھام توختى قىزچاقنى ھەقىقي ئەھۋالنى ئېيتىشقا ئۈندەپ.

«سەن مۇسۇلمانمۇ ئەمەسمۇ؟»دېدى قىزچاقنىڭ سەل يۇمشىغانلىقىنى كۆرگەن ئىلھام توختى تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ.

قىزچاق«مەن مۇسۇلمان»دېدى،ئۇ ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئادەمدىنمۇ قورقاتتى،سۆزلىرى تىترەپ چىقاتتى.

«سەن ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقمامسەن؟»ئىلھام توختى ئېتىقادنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى قۇدرىتىنى بىلەتتى.

«قورقىمەن» قىزچاق ئاستا-ئاستا ئىقرار قىلىشقا باشلىدى.

ئىلھام توختى غەزىپىنى بېسىپ تۇرۇپ «ئۇلار(ئادەم بېدىكلىرى) ساڭا چېقىلدىمۇ؟» دېدى، ئىلھام نۇرغۇن سەرگەردان قىزلارنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

«چېقىلدى، تاغام مەن بىلەن بىرگە ئۇخلىدى» ،12ياشلىق بىر قىزغا نىسبەتەن مۇنداق سەرگۈزەشت مەڭگۈلۈك ئازاپ ئىدى.

»نۇرگۈلگە باسقۇنچىلىق قىلغان ھەمدە بىرلا ئادەم ئەمەس بىر مۇنچىسى.....»دېدى ئىلھام توختى تېلېفۇندا غەزىپىنى يوشۇرالماي،ئۇ جىياچۇئەنگە«ئۇنى ھەرگىز قويۇپ بەرمە»دەپ تاپىلىدى. ئىلھام توختىنىڭ نۇرگۈلدىن سەل چوڭ قىزى بار ئىدى،ئۆز مىللىتىنىڭ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ،ئۆزىنىڭ قىزىغا قاراشقا چولىسى تەگمەيۋاتاتتى.

ئۇچۇنچى كۈنى،شىنجاڭدىكى بىر جامائەت خەۋپسىزلىك خادىمى نۇرگۈلنىڭ ئۆگەي ئاتىسىنى تېلېفۇننىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپاردى،ئۇ تېلېفۇندا ئىلھام توختى بىلەن سوقۇشۇپ كەتتى.نۇرگۈلنىڭ ئۆگەي ئاتىسى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئاز ئارىلاش،كىرا پۇلىغا چىقىش قىلالمايمەن ھەم بۇ بالىنى ھەرگىز بېقىپ بولالمايمەن دېدى.ئىلھام ئاچچىقلانغان ھالدا پۇلنى بىز چىقىرايلى،سەن كېلىپ ئېلىپ كەت،كېلەمسەن يوق؟دېدى.نۇرگۈلنىڭ ئۆگەي ئاتىسى كەچرەك تېلېفۇن قىلغىن،ھازىر مەن ئالدىراش دېدى.كېيىن بۇ ئادەمنى قايتا تاپالمىدى.

كېيىن ئون نەچچە ئۇيغۇر ئەنياڭ جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ ئىشكىنى توسۇۋېلىپ يىغا-زار قىلىشقا باشلىدى،ئۇلار بىز نۇرگۈلنىڭ تۇققانلىرى دەپ قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تاپالمىغاچقا ،ساقچى ئامالسىزلىقتىن ئىسپات يېزىپ بېرىپ قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.گەرچە جىياچۇئەن قۇتقۇزۇش پونكىتىنىڭ يەنە ساقلاپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ،ئەڭ ئاخىرىدا قۇتقۇزۇش پونكىتى چىداپ بولالمىدى،نۇرگۈلنى يەنە ئادەم بېدىكلىرى ئېلىپ كەتتى.

ئىلھام توختى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاقسۇدىكى ساقچى دوستىدىن يەنە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەمما ئۈچ كۈن قاتتىق ئالدىراش بولغاندىن كېيىن ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىدى، ئۇ دوستى ئىلھام توختىغا تېلېفۇن قىلىپ :«مۇنداق بولسۇن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بەدەل تۆلىدى، ئاقسۇ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭمۇ راسخوتى يوق ھەم بالىنى ئېلىپ كېتىش مەسئۇلىيىتى يوق،بىز زادى نۇرگۈلنى ئۆگەي ئاتىسى سېتىپ تاشلىدى دەپ گۇمانلىنىمىز»دېدى.

ئەنۋەر ئۆيىگە قايتتى، نۇرگۈلنى ئۆگەي ئاتىسى ئېلىپ كەتمىدى، تېخىمۇ كۆپ بالىلار ئۆيىنى تاپالمىدى. گۈلەندەم، قىز، قەشقەردىن، **12**ياش بولۇپ، گۈيلىن يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن يەرلىك ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بەردى. سۈرەتتە كىچىك قىزچاق ئاددىي، مەينەت كىيىم كىيىۋالغان، چوڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنۇش، ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ساقچىغا ئۆزى ۋە باشقا **5** بالىنىڭ شىنجاڭدىن گۈيلىنغا ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى، يانچۇقچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كىچىك قىزچاق ساقچىدىن ئۆزىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىشنى ئۆتۈندى، ئەمما ئۆيىنىڭ ئادرېسى يادىدا يوق ئىدى، ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش شەكلىنى

ئۇقمايتتى. قائىدە بويىچە، ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامالسىز قالغاچقا، ساقچىلار گۈلەندەمنى قويۇپ بەردى. گۈلەندەمنى ساقچىخانىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان «لاۋدا» ئېلىپ كېتىپ كوچىدا يەنە ئوغرىلىققا سالدى، يەنە تۇتۇلدى، ئاندىن يەنە قويۇپ بېرىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇتقۇزۇش پونكىتى 93 نەپەر سەرگەرداں بالا ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاتىسى يوق ياكى ئانىسى يوق، ھەتتا ئاتا-ئانىسى ھەر ئىككىلىسىلا يوق ئائىلىلەرنىڭ 17%نى ئىگەللەيدىغانلىقىنى بايقىدى، يەنە تۆتتىن بىر قىسىم ئائىلە ئاتا- ئانىسى نىكاھتىن .ئاجراشقانلىقى ياكى بىر تەرەپ ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبلىك قايتا ئۆيلۈك بولغان. ئۇلار گەرچە قۇتقۇزىۋېلىنىسمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا قايتىدىن سەرگەرداں بولغان، ئوغرىلىقتىن باشقا ھېچقانداق جېنىنى باقىدىغان ھۈنىرى يوق، تۇتۇلۇپ قالسا يەنە قويۇپ بېرىلىدۇ، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇ كەسىپنىڭ كىچىك ئاتامانى بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا «لاۋدا» بولۇپ، قۇرامىغا يەتمىگەن باشقا بىر توپ بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوغرىلىق قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ.
«ئۆيگە قايتقۇم بار،ئەمما ئۆيگە قايتىش يولىنى تاپالمىدىم.»

ئالاھىدە ماقالە تەييارلىغۇچى:مۇزەپپەر قۇربان
مۇخبىر:دېڭ لى

# ھۆرمەت، قىممەت ۋە ھىممەتكە يانداش خىياللار

**مۇتەللىپ ئىقبال**

## 1

خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم راھىلە داۋۇتنىڭ ھىممىتى بىلەن چەتئەلگە چىقىش ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئەسلىدە بۇنداق تاسادىبىي پۇرسەتلەرنىڭ ماڭا نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئەمما تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىزنىڭ ئوي-خىيالىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزنىڭ سىرتىدا يوشۇرۇن رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن ۋە ھاياتىمىزنىڭ چېگرىلىرىنى سىزىپ تۇرىدىكەن.

چەتئەل ماڭىلا ئەمەس، نۇرغۇن ئوت يۈرەك كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بىر چۈش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەتئەلگە چىقىپ كۆرۈپ بېقىش، ئوقۇش، ئىش تېپىپ ئىشلەش قاتارلىقلار بىر قاتار مەقسەتلەر بىلەن نۇرغۇن كىشىلىرىمىز چەتئەل تۇرمۇشىنى بېشىنى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا غايىۋى بىلىنىپ كەلگەن چەتئەلدىكى تۇرمۇش كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى نامايان قىلغاندىن كېيىن، يەنە «جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن دېگەن ماقال-تەمسىلىمىز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا ئېلىنىشقا باشلىدى. بەزى مەتبۇئات ۋە تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا بۇ ھەققە نوپۇزلۇق كىشىلەر سۆزلىگەن، چەتئەلنىڭ چۈش ئەمەس، بەلكى ئالدىراپ چىقىشقا بولمايدىغان جاي ئىكەنلىكىدەك قاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەنمۇ بولدى. بۇ خىل قاراشنىڭ رېئاللىقتا مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار بولۇپ، مۇتلەق ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايتتى. چۈنكى ھەقىقىي يوسۇندا چەتئەل تۇرمۇشىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ باققان بەزى كىشىلىرىمىز چەتئەلدە ماددى جەھەتتىن تەڭ قىسلىق تارتقان، روھىي جەھەتتىن تەنھالىقتا قالغان ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ھەرقانداق بىر سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ سەپەر جەريانىدا ياكى نىشان-مەنزىلىدە ئۇچرايدىغان ھادىسە ئىدى. ماددى جەھەتتىكى تەڭ قىسچىلىق ۋە روھىي جەھەتتىكى غېرىبلىق ھەرگىزمۇ ھازىرقى دەۋرگىلا خاس ھادىسە ئەمەس. چەتئەل تۇپرىقىغا قەدەم باسقان كىشى ئەلۋەتتە بىرەر يىلغىچە يېڭى تۇرمۇشقا كۆنەلمەسلىك تۈپەيلى ھەر جەھەتتىن قىينىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردىن بىلىشىمچە، چەتئەلگە چىققانلار ئەركىنلىككە ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتكە ئېرىشىدىكەن،

ئەمما ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىق، يۇرت، دوستلۇق مېھرىدىن كېچىدىكەن .يەرلىكتە ياشاۋاتقانلار مەلۇم دەرىجىدە پاراغەتتە، مېھرى-مۇھەببەت قۇچىقىدا ياشايدىكەن، ئەمما ئىنسانىي خاسلىقى تازا نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن. بۇ چەتئەلدىكى بىر نۇپۇزلۇق ژۇرنالدىكى تەتقىقات ماقالىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىدى .

يىقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى تۇپەيلى، باللارنى چەتئەلگە چىقىرىدىغان خاھىش ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەردە يېڭىلىق بۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما باللارنىڭ چەتئەلگە چىقىرىدىغانلار پۇللۇق كىشىلەر بولۇپ، دەسلەپكى بىر-ئىككى يىلدا باللارنىڭ چەتئەلدىكى بارلىق چىقىملىرىنى ئۆز يېنىدىن قامداپ بىرەتتى. ئەگەر مەلۇم بىرەيلەن ئامېرىكىدا ئوقۇماقچى بولسا ئوقۇش ۋە خىراجەت ئۇچۇن يىلدا **300**مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل كىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بانكىدا قۇيۇلغان مەلۇم مىقداردىكى پۇلمۇ، چەتئەلدىكى مەكتەپنىڭ ئۇقتۇرۇش قەغىزىمۇ بۇلۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بىر خاھىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدە ئوقۇۋاتقان بەزى باللار ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزىلەر ئاتا-ئانىسىنىڭ تەييار مال-دۇنيالىرىنى بۇزۇپ چېچىپ، ئاتا-ئانىلىرىنى خاراب قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن چەتئەل راستىنلا جەننەتمۇ دېگەن سۇئال پۈت باسماس نەرسىگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

تىمغا قايتىپ كەلسەك، ئوقۇش مۇكاپات بىلەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر ئىستەك بىلەن تىرىشۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە چەتئەلگە چىقىش، چىققاندىمۇ خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىششتەك تەقدىر ماڭا نىسىپ بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ تەقدىرنىڭ نىسىپ بۇلىشىدا ئۇستازىم راھىلە داۋۇتنىڭ ھىممىتى ۋە ئەنگلىيە لوندۇن ئۇنىۋېرستى شەرق، ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات مەركىزى(**SOAS**) دىكى راچېل خاررىس (**Rachel Harris**) خانىمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تولۇق ئىشقا ئاشتى. ئەمەلىيەتتە بۇنى ئۇستازىمنىڭ مىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنىڭ سىرتقا پارتلاپ چىقىشى دېسەك توغرا بۇلاتتى. چۈنكى راھىلە داۋۇت مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھە دىسىلا بىزگە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئېلىكتىرونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا ئېرىنمەي ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. بۇ قېتىم ئۇستازىم چەتئەلدىكى بىر نەچچە يىغىنلارنى رەت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا چەتئەلدىن يىغىنغا قاتنىشىپ توغرىلىق كەلگەن چاقىرىقلار ئۇنىڭ ۋاقتىنى ھە دەپ تالىشۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇستازىم بۇ يىغىنلارنىڭ ۋاقتىغا قارىتا مۇرەسسە قىلدى ۋە ئەنگلىيىدىكى يىغىنغا قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى بىلەن مىنى ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. ئەسلىدە ئۇ ئامېرىكىدىكى يىغىندىن قايتىپ ئەنگلىيەگە بارسىمۇ يىغىنغا يەنە ئۈلگۈرەلەيتتى. ئەمما ئۇ:«سىز بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار، دوكتور يىتەكچىلىرى

قاتنىشىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، كەلگۈسىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن ئاساس سېلىپ كېلىڭ.» دەپ بۇ پۇرسەتنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەردى. مەن مۇئەللىمنىڭ بۇ خىل ئالىيجانابلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندۈم ۋە ئىپتىخار ھېس قىلدىم. ئەنگلىيەدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە ئەنگلىيە مەنچېستىر ئۇنىۋېرسىتىدا ئىشلەيدىغان ئابلىمىت باقى ئاكىمىزمۇ مۇئەللىمنىڭ بۇ پەزىلىتىدىن سۆيۈندى ۋە ئالاھىدە تەرىپلىدى.

ئادەتتە چەتئەلدە ئوقۇۋاتقۇچىلار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماقچى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىگە ۋە دەسلەپكى تەسىراتىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا مەن بۇ پۇرسەتنى ئۆزۈمگە كەلگەن ئامەت دەپ بىلىپ سەپەر ۋە يىغىن ماقالىسى تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. راۋۇل خانىمغا مىنىڭ تەرجىمىھالىم (CV) ۋە يىغىن ماقالىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئەۋەتىپ بەردىم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيىتىم تەستىقلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇلار يىغىندا ئوقۇلىدىغان ماقالىلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئەھمىيىتىگە بەكرەك قارايتتى. بۇ يىغىن «مەركىزى ئاسىيانىڭ مۇزىكىلىق جۇغراپىيىسى«، يەنى (Musical Geographies of Central Asia) دېگەن تىمىدا ئىدى. مەن «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش سەنئىتى» توغرىسىدا دېگەن تىمىدا ماقالە تەييارلىدىم . يىغىندا ئوقۇيدىغان ماقالەمنى ناھايىتى ئوڭايلا پۈتكۈزىۋالغان بولساممۇ، ئەمما مىنىڭ ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىش ئىلتىماسىم ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى.

ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇنلا لوندون ئونىۋېرستېتى مۇزىكا تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدىكى سەئىدە (Saida Daukeyeva) بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئېلخەت ئالاقىسى قىلىپ ئۆرۈمچىدىن بېيجىڭغا، بېيجىڭدىن لوندونغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بىلىتىمۇ ئالدىن زاكاز قىلىنىپ بولدى. ئەمما مىنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمنىڭ ۋاقتىنىڭ ئالدى-كېينلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بېلەت مۇقىملاشتۇرۇلمىغان ئىدى.

بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن باشلاپ، ۋىزا ئىلتىماسىنى توردا قوبۇل قىلىدىغان، توردا كۆرۈشۈشنى ئالدىن بېكىتىدىغان سىياسەتنى يولغا قويغان بولۇپ، مەنمۇ تەرتىپ بويىچە بېيجىڭغا ماڭماستىن بۇرۇن توشقۇزىدىغان جەدۋەللەرنى توردا توشقۇزۇپ، ئالدىن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىپ قويدۇم. ئەنگلىيەگە ۋەكالىتەن ۋىزا بېجىرىشنى بېجىڭدىكى بىر ئورۇن ھۆددىگە ئالغان بولۇپ، ئورنىنى تاپماق بەك تەس بولدى. بۇ ئورۇننى تاكسى شوپۇرلىرىمۇ بىلمىگەچكە ئالدىن بىكىتىلگەن ۋاقتىم ئاللىقاچان 2سائەتكە يېقىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىلتىماسنى كۆرستىپ كىرىپ ماتېرىيالىمنى تاپشۇردۇم. ۋىزا ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ئورنىدا خەنزۇلار خىزمەت قىلاتتى. مۇناسىۋەتلىك خادىم ئىلتىماسىمنى بىر قۇر كۆرۈۋەتكەندىن كيىن بەزى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تىزدىن ئۆزگەرتىپ كىلىپ، قايتا

تاپشۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئىلتىماسنى پەقەت توردىلا ئۆزگەرتىشكە بۇلىدىغان بولغاچقا تورخانا ياكى قەھۋاخانا ئىزدەپ يۈگۈردۈم. ئەمما بېيجىڭدا تورخانا ناھايىتى ئاز بۇلۇپ، قەھۋەخانىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تور مۇلازىمتى بىلەن تەمىنلىمەيدىكەن .ماتېرىيالىمنى قايتا تاپشۇرۇپ بۇلۇپ ئۈھ دىدىم. چۈنكى مەن ۋىزا بىجىرىش ئۈچۈن پەقەت ئالتە خىزمەت كۈنىلا پىلانلىغان بولۇپ، ئەگەر بەلگىلەنگەن كۈندە ماتېرىيال تاپشۇرمىسام ۋىزا ئىلتىماسىم كىچىكىپ كىتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان بىلىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كىتەتتى ۋە يىغىنغا ۋاقتىدا بارالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قايتىدىن ئىلتىماس قىلىشقا توغرا كەلسە ئۈچ كۈندەك ساقلاشقا توغرا كىلەتتى. چۈنكى توردىن ئالدىن كۆرۈشۈش ۋاقتى بەلگىلىنىدىغان بۇلۇپ، بۇ ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئايروپىلان ئۈچىدىغانغا ئىككى كۈن قالغاندا ۋىزا ئىلتىماس قىلىپ ئورنىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلسام ۋىزام تېخى چىقماپتۇ. قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ ئايروپىلان بىلتى يىغىن باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۈچىدىغانغا ئالدىن زاكاز قىلىنىپ بولغان بولۇپ، ۋىزا بولمىسا بىلەت پۇلى زىيان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەستە قولغا كەلگەن يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. ۋىزا ئىلتىماس قىلىش مەركىزىدىن لاسسىدە بولۇپ قايتتىم .كومپيوتېرنىڭ ئالدىغا كىلىپ ۋىزا ئىلتىماسىم ھەققىدىكى خەۋەرنى راچېل ۋە سەئىدەلەرگە ئەۋەتتىم. چۈنكى ئۇلار ۋىزا ئىلتىماس جەريانىنى ۋە نەتىجىسىنى ئۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ يىغىن راچېل ۋە سەئىدەلەرنىڭ بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن روياپقا چىققان، (Aga Khan Trust for Culture AKTC بۇ فوند جەمئىيتى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىقتىساد،ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققياتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ فوندنىڭ يەنە باشقا نۇرغۇن جەمئىيەتلىرى بۇلۇپ، شىئە مەزھىپى ئىسمائىلىيە تارمىقىنىڭ 49-ئۇستازى ئاگاخان نامى بىلەن ئاتالغان) نامىدىن راسخۇت ئاجرىتىپ بىرىلگەن ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى يەنە باردىم، ئايروپىلان چۈشتىن كيىن ئۇچاتتى. مەن ۋىزام بۇ كۈنى چۇقۇم چىقىدۇ دەپ قارايتتىم. چۈنكى ئىلتىماس مەركىزىنىڭ توربىدا ئادەتتە 3-كۈندىن 7كۈنگىچە مەن ئىلتىماس قىلغان ۋىزا ئىلتىماس تۈرى 90% ئەتراپىدا تەستىقلىنىدىغانلىقى توغرىلىق ئۇچۇر بار ئىدى. بېيجىڭغا بۇرۇنراق بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، توردىكى ئۇچۇرلارغا قاراپ 7~8كۈنلەرنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىغا يىتەرلىك ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن ئىدىم .ئەمما بۇ كۈنى راستىنلا تەلىيىم تەتۈر كەلدى. ۋىزام يەنىلا چىقمىغان ئىدى. بېشىمدىن تۈتۈن چىقتى. ئايرۇپىلان چۈشتىن كيىن ماڭىدۇ. بۈگۈن ماڭمىسام يىغىنغا كىچىكىپ قالىمەن؟ قانداق قىلغۇلۇق؟ خىزمەتچى خادىمغا قايتا ئۆتۈندۈم، ئەمما ۋىزام تېخى چىقمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن راچېل ۋە سەئىدەلەرگە خەت يېزىپ ئايروپىلان بىلتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتىم. ئۇلار ئالدىنقى كۈنىلا مىنىڭ ۋىزام توغرىلىق ئەنگلىيەنىڭ بېيجىدىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما بېيجىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ۋاقىت

پەرقى تۆپەيلى تېخى ۋىزام توغرىلىق بىرەر ئۇچۇر يوق ئىدى .سوغا چۆشكەن مۇشۇكتەك بولۇپ كونسۇلخانىنىڭ ئىش بىجىرىش ئورنىدىن يېنىپ چىقتىم ۋە بېيجىڭدىن ئېنگىلىزچە كىتاب سېتىۋېلىش خىيالى بىلەن ۋاڭ فۇجىن كىتابخانىسىغا باردىم .چۈشتىن كېيىنمۇ بولدى. مېنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمدىن خەۋەردار بولغان راچېل خانىم تۇلىمۇ تىت-تىت بولغان ئىدى ۋە تېلېفونۇمغا بىر نەچچە قىسقا ئۇچۇر يوللىدى .كىتابخانىدا كىتاپ كۆرۈپ تۇرسام ئۇستازىم راھىلە داۋۇت تېلفۇن قىلىپ ۋىزا ئىلتىماسىمدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن چۈشتىن كېيىن ۋىزا ئىلتىماس قىلىش ئورنىغا بېرىپ بېقىشىم كېرەكلىكىنى، ئەتىسى ئەتىگەن چوقۇم يەنە بىر سۈرۈشتە قىلىشىمنى ۋە راچېل بىلەن ئالاقىلىشىپ يېغىنغا كېچىكىپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن راچېل بىلەن بۇ ھەقتە ئالاقە قىلدىم. ئانغىچە ئۇلار ئەنگىلىيەنىڭ بېيجىڭدىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلاشقان بولۇپ، ۋىزا رەسمىيتىمنىڭ ئالدىنقى كۈنلا بىجىرىلىپ بولغانلىقىنى، خادىملارنىڭ ۋاقتىدا ئېلىپ كەتمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ راچېل خانىم كېچىپ كەلسەممۇ كېلىشىمنى، ئەتە ئەتىگەندىلا پاسپورتۇمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتتى. ئادەتتە ئەنگىلىيەنىڭ ۋاقتى بۇ يەردىن يەتتە سائەت كېيىن بولۇپ، راچېل خانىم ئۇخلاۋاتقان بولسىمۇ تېلىفۇنۇمنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تۇنجى قېتىم چېگرا ھالقىش ھارپىسىدا ئىنسانىي قەدىر-قىممەتكە بولغان ھۆرمەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدىم. ھاياتىمدا شۇ مىنۇتلارغا قەدەر كىشىلىك قەدىر-قىممىتىمنىڭ، ئىنسانىي خاسلىقىمنىڭ بۇ دەرىجىدە چوڭ كۆرىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. چۈنكى مەندەك بىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى ئۈچۈن خەلئارالىق يىغىنغا قاتنىشىش پۇرستى جۇڭگودا دىگۇدەك تېپىلمايتتى. بۇنچىلىك قەدىر-قىممەتكە ئېرىشىش جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسپەتەن چۈش ئىدى .مېنىڭ مۇنداق دىيىشىم مېنىڭ كېچىككىنە ھاياجىنىمدىن بولغان ئەمەس. مەن لوندون ئونىۋېرسىتتىدىكى بۇ قېتىمقى يىغىنى تەشكىللىگەن ۋە خىراجەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن تەرەپنىڭ چەكسىز غەمخورلىقىغا نېسىپ بولغان ئىدىم. ئۇلار مالال كۆرمەي مېنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىمنىڭ بېجىرىلىشىگە ئارىلاشقان، يىغىنغا كېچىكىپ بارسامۇ كېلىشىمنى تاپىلىغان ئىدى. مەن ئالاھىدە شەخس ئەمەس، ئالاھىدە تالانتلىقمۇ ئەمەس. مەن لوندون ئونىۋېرسىتتى مۇزىكا تەتقىقات ئىنستىتوتىغا ئالاھىدە شەرەپمۇ ئېلىپ كەلمەيمەن. مەن پەقەت ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارغا كېچىككىنە ئۇچۇر بىرىمەن خالاس. ئۇنىڭ ئۇستىگە داستانچىلىق ئەنئەنىسى تۈركىي مىللەتلەرگە ناتونۇش ھادىسە ئەمەس. بۇ ھەقتە خەلئارادا نوپۇزلۇق نەزىرىيەلەردىن پارى-لورد نەزىرىيەسى“-(Milman Parry and Albert lord)مەدداھلار“ ناملىق نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىنغان ئىدى .مەن ئۇزۇمنىڭ ئىنسانىي خاسلىقىمنىڭ شۇ قەدەر ھۆرمەتلەنگەنلىكىدىن چەكسىز مىننەتدار ئىدىم. شۇ چاغدا غەرب دۆلەتلىرىدىكى كىشىلىك قەدىر-قىممەت، دېموكراتىيەنىڭ تەمىنى بېيجىڭدا تۇرۇپ تېتىغاندەك بولدۇم ....

مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان بېيجىڭدىن شياڭگاڭغا، شياڭگاڭدىن لوندونغا 15سائەت ئەتراپىدا ئۇچقاندىن كېيىن لوندونHeathrow ئايرۇدورۇمغا يىنىككىنە قوندى. ئايرۇپىلاننىڭ دەرىزىسىدىن پەسكە قاراپ ئەنگلىيە تېررىتورىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرىۋېلىشقا تىرىشقان بولسامۇ، ئەمما پەستىكى تۇمانلار مىنىڭ بۇ خىيالىمغا ئارام بەرمىدى. ئايرۇپىلا قۇنۇشقا 20مىنۇت قالغان ۋاقتتىلا لوندون ئاسمىنىدىن بۇ زىمىننىڭ قانچىلىق يېشىلچىلىق بىلەن تولغانلىقىنى بىلىپ ئۈلگۈردۇم. يەر يۈزى بەئەينى پوتبول مەيدانىدەك يېشىل ئىدى. ئايروپىلان پەسلىگەنسىرى بۇ بىپايان يېشىل ۋادىنى كىسىپ ئۆتكەن ئىرماش-چىرماش يوللار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.. .

ئايرۇپىلاندىن چۈشۈپلا راچېل خانىم دەپ بەرگەن يەر ئاستى پويىز (Tube)ئادرېسى بويىچە روسسېل مەيدانى (london russell square)بىكىتىدە چۈشۈپ، لوندون ئونۋېرستىتىنىڭ شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات مەركىزىگە يىقىن يەردىكى ئالدىن زاكاز قىلىنغان مېھمانخانىغا يىتىپ باردىم. بۇ مىنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەلگە چىقىشىم بولۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەر يىڭى ئىدى، تەلىيمگە يارىشا بارىدىغان جايىمنى ئۆزۈم تېپىپ بارالىدىم. ماڭا تەسىر قىلغىنى لوندوندا يەر ئاستى پويىزى قاتارلىق قاتناش بېكەتلىرىدە كۆندىلىك خەۋەرلەر گېزىتلىرى ھەقسىز تارقىتىلىدىكەن. كىشلەر ئەتتگەندە يەر ئاستى پويىزىدا ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇيدىكەن. گېزىت ئوقۇمايدىغان ئاز ساندىكىلىرى مۇزىكا ئاڭلايدىكەن ياكى جىمجىت خىيال سۈرىدىكەن .

مېھمانخانا مۇلازىمەتچىسىگە پاسپورتۇمنى بەرگەندىن كېيىن ماڭا ئالدىن زاكاز قىلغان ياتاقنىڭ كارتىسىنى بەردى. نەرسە كىرەكلىرىمنى قويۇپ، كارۋاتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. چۈنكى ئايرۇپىلاندا ئالاھىزەل 15سائەت ئۇچۇش ماڭا ئېغىر كەلگەندى. يۈز كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، پەسكە چۈشۈپ، ئاممۋى تېلېفۇن بوتكىسىدىن راچېل خانىمغا تېلفۇن ئۇردۇم. بۇ يەردە كوچىلاردا ئاممۋى تېلېفون بوتكىلىرى كۆپ ئىدى. رايۇنىمىزدا بۇنداق ئەسلىھەلەر بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى تازا ئومۇملاشمىدى، ئاخىرىغا كەلگەندە تېلېفوننىڭ تورۇپكىلىرى ئوغۇرلاندى، ئەينەكلىرى چېقىلدى ياكى تەڭگە تاشلىنىدىغان يەرلىرىگە تۆمۈر، تاش قاتارلىقلار پاتۇرۇۋېتىلدى . لوندۇندا ئاممۋى تېلفۇن ھەققى خىلىلا قىممەت ئىكەن .

راچېل خانىم تېلېفوننى يارەمچىسىگە تۇتقۇزغان بولۇپ، ئۇ ئالدىمغا كىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . لوندۇندا بىنالارغا، دۇكانلارغا، مەكتەپلەرگە بۇ يەردىكىدەك يوغان ۋە رەڭلىك قىلىپ ۋىۋىسكا ئاسمايدىكەن. پەقەت تامغا بىر نەچچە خەتلا چاپلاپ قويۇلىدىكەن. لوندون ئونۋېرستېتىنىڭ شەرق،

ئافرىقا تەتقىقات بۆلۈمىنىڭمۇ چوڭ دەرۋازىسى يوق بولۇپ، كوچىدىكى باشقا دۇكانلار بىلەن بىر گەۋدە ئىكەن. بۇ يەردىكىدەك مەكتەپلەرنى چوڭ رىشاتكا ۋە تاملار بىلەن قاشالاپ، بىر نەچچە قاراۋۇللىرى بىلەن ساقلىمايدىكەن.




يىغىن ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ، پەقەت پەسكە بىر تاللا كۆرسەتمە قويۇپ قويۇلغان ئىدى. يىغىن مەيدانىدا ھېچقانداق ۋىۋىسكا تارتىلمىغان ئىدى. ياندىكى بىر جوزا ئۈستىگىلا يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىپلىرى ۋە بىر نەچچە ژۇرنال قويۇپ قويۇلغان ئىدى. مەن ھەيران قالماي تۇرالمىدىم. بۇ يەردە نە رەسمىگە تارتىدىغان كىشى، نە يىغىن داغدۇغىسىنى قىلىدىغان رەئىس سەھنىسى يوق ئىدى. يىغىن رىياسەتچىسى بىر ياندىكى ئۈستەلدە يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. مەن يېتىپ بېرىشىم بىلەن كىلىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن راچېل خانىم، سەئىدە)لوندون ئونىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ، يىغىنىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى) مىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقى لوندوندا كۆپىنچە ئورگانلار ئەتىگەن سائەت 9.30 ۋە 10لاردا ئاندىن ئىشقا چۈشىدىكەن .چۈشتە كۆپ دەم ئالمايدىكەن. يىغىن زالىغا كىرىدىغان يەرگە تاتلىق تۈرۈملەر، ئىچىملىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يېرىم سائەتلىك **coffee break** تە ئۇنى بۇنى يەپ قورساقنى ئەستەرلەپ يىغىننى داۋاملاشتۇردۇق .

يىغىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە مۇنازىرىلىك بولدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇزىكانتلار، مۇزىكا ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ھادىسىلىرى توغرىسىدا بەس مۇنازىرە قىلىشتى. ھەر بىر تەتقىقاتچى 10مىنۇت ئەتراپىدا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بەش مىنۇت ئەتراپىدا سوئال سورىلاتتى. غەرب دۆلەتلىرىدە تەتقىقاتچىلار سوئالنى ھەرگىز بىۋاستە سورىمايدىكەن. ئۇلار ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ياكى بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ بولۇپ، ئاندىن سوئاللىرىنى ئوتتۇرغا قويىدىكەن .

مەن كېچىكىپ بارغانلىقىم ئۈچۈن ماقالەمنى كېيىنكى كۈنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. راچېل خانىم ماقالەمنى كۆرۈپ، ئوقۇيدىغان مۇھىم قىسمىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىنچى كۈنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ماقالەمنى قىسقا فىلىم ۋە سۈرەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇدۇم. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

مىنى يەنە بىر تەسىرلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، يىغىن تەشكىللىگۈچىلىرىدىن **Ted** نىڭ ئايروپىلان بىلىتىمنىڭ پۇلىسىنى ناھايىتى تېزلا بېرىشى بولدى. مىنىڭ لوندونغا ئۈچىدىغان ۋاقتىم ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملانغان بولغاچقا ئايروپىلان بىلىتى ساتقۇچى تەرەپتىن مۇنتىزىم بولغان تالون ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم. بېلەت ساتقۇچى تەرەپ بىلەتنى ئالدىن ئۆزى سېتىۋېلىپ، بېلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى مىنىڭ تۇرىدىغان جايىم بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنىستىتوتىغا ئېلىپ كەلدى. ئانغىچە يۈك تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ تۇردۇم. پۇلنى بەردىمدە بېيجىڭ خەلقئارالىق ئايرودرومىغا چاپتىم. شۇڭا قولۇمدا مۇنتىزىم بېلەت ئاتچوت قىلىدىغان ھېچقانداق ھۆججەت يوق ئىدى. ئەمما يىغىن تەشكىللىگۈچى تەرەپ قولۇمدىكى ئۇچۇرغا قاراپلا بىلەتنىڭ پۇلىنى، تاماق پۇللىرىمنى نەق مەيداندا بەردى. ئۇلار مىنىڭ ئېغىزىمدىكى گەپكە ئىشەنگەن ئىدى. ھەتتا ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا بارىدىغان بىلەتنى مانچە پۇلغا ئالدىم دېگەن ئىدىم. شۇ پۇلنىمۇ بىرىۋەتتى. مىنىڭ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە ئىنسانغا قانچىلىك ئازادىلىك ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسى بېرىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم يات بىر ئەلدە ھىس قىلىپ ئۆتتۇم. بۇ يەردە ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى تۈزۈم ۋە قائىدە-رەسمىيەتلەر ئالدىدا يەنىلا چوڭ ئىدى .

يۇرتىمىزدا ئەگەر ھەرقانداق بىر تالوننى ئاتچوت قىلماقچى بولساق چوقۇم ھۆكۈمەتكە ئۆتىدىغان مۇنتىزىم ھۆججەت كېتىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى تېپىپ، باجلىرىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىرەر باشلىقنىڭ ئاتچوت قىلىنسا بولىدۇ، دىگەن ئىمزايى چۈشمىسە پۇلنى ھەرگىز ئالغىلى بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن مالىيە ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئۆچىرەت تۇرۇپ پۇل ئالىدىغان گەپ.

غەرب دۆلەتلىرىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە قىممەت كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى سۈپىتىدە ناھايىتى چوڭ كۆرىلىدۇ. بىزنىڭ غەرپ دۆلەتلىرىدە ياشاپ باققان، ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشىلىرىمىز بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىدە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ كەلگەن كىشىلەر بۇ يەردىكى يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە قويمىچىلىقلاردىن رايى يانىدۇ. جۇڭگو خەلقى قەدىمدە ئۆزىنى ئەخلاق دۆلىتى يەنى礼仪之邦 دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇر خەلقمۇ ئۆزىمىزنى يۈكسەك ئەخلاقلىق، تىرىشچان، پاكىزە دەپ تەرپلەيتتۇق. ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىر-بىرىمىزدىن ئەنسىرەپ، پۇللىرىمىزنى بانكىغا ساندۇقلارغا مەھكەم تىقىپ قويىمىز، دوستلىرىمىز، تونۇش-بىلىشلىرىمىز يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە ھېچكىمنىڭ كارى يوق. دوختۇرخانىلار ئەڭ ئالدى بىلەن پۇلنى تونۇيدۇ، بىر كىشى ئۆلۈشكە ئاز قالسىمۇ، دورا-ئوكۇل پۇلىنى تۆلىمەپسىلەر، دەپ قاراپ تۇرىدۇ.

بىز بىر-بىرىمىزگە يالغان ئېيتىپ كىشىلىك ئىززەتكە خىيانەت قىلىمىز. بىر-بىرىمىزنى ئالداپ، تويماس نەپسىمىز ھەلەكچىلىكىدە كىشىلىك ساپايىمىزنى تۆگەشتۈرىمىز. بىز بىر-بىرىمىزنى رەھىم-شەپقەت قىلمايمىز. ھايۋانلارغا ئوخشاش بىر ئولجا تاپساق تەڭ خىرىس قىلىپ بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئولجىنى يەيمىز. بىزنىڭ ساپايىمىز، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىمىز، ئەخلاق ئۆلچىمىمىز ئىگىز بىنالار، ئېسىل ماشىنىلار، يالتىراق شۆھرەتلەر ئارىسىدا يىگىلىگەن، سۈسلىغان. قىسقىسى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ ھۆرمەت ۋە قىممەت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمەستىن، ھايۋانىيلىق خۇسۇسىيەت تەرەپكە قاراپ ئېغىۋاتقان. مەسلەن: ئەگەر لوندوندا كوچىلاردا ، ماشىنىلاردا كىشلەر ئۆز-ئارا سۈركىلىپ كەتسە سوقۇلغۇچى تەرەپمۇ سىزدىن بۇرۇن "كەچۈرۈڭ" دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كىشىلەر بىر-بىرىنى ئۆرىۋەتسىمۇ كارى يوق كىتىۋېرىدۇ. بىز تېخى ئۇلاردەك ئالدىراش ئەمەس، ئەمما ئاممىۋى ئەخلاقتا ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان تەرەپلەر خىلى كۆپ.

مىنىڭ بۇنداق دىيىشىم ھەرگىزمۇ ئايروپىلان بىلىتىنىڭ ئىشى ئۈچۈنلا ئەمەس. لوندۇندا بىر قېتىم يەر ئاستى پويىزىنىڭ بىلىتىنى يۈتتۈرۈۋەتتىم. چىقىدىغان ۋاقىتتا چوقۇم كارتا سىيرىغۇچقا سېلىنىشى كىرەك ئىدى. ئەمما مەن كارتامنى تاپالمىغاندىن كېيىن خىزمەتچى خادىم توسۇقنى ئېچىۋەتتى. ئادەتتە

لوندۇندا يەر ئاستى پويىزلىرىدىن بىلەتسىز چىقىشقا توغرا كەلسە خەلق پۇلدا 250يۇەن جەرىمانە تۆلەش كىرەك ئىكەن. يەنە بىر قېتىم خىزمەتچى خادىم ئاپتۇماتىك بېلەت ئالالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، (كېچە سائەت 11 بولغان بۇلۇپ، بېلەت ساتىدىغان خادىم ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى)، مىنى يەر ئاستى پويىزىغا چۈشۈشكە رۇخسەت قىلدى. يۇرتىمىزدا يول قويسا بۇلىدىغان جايلاردا قانۇن-سىياسەتلەر ئالاھىدە تەكىتلىنىپ يول قويۇلمايدۇ. چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك، قانۇنلۇق ئىشلار ئەمەلىي شارائىتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىكار قىلىنىۋېتىدۇ ياكى قانۇن سىياسەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

تونۇش بىلىشلىرىمىنىڭ ئارىسىدا چەتئەلدە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كيىن بۇ يەردە كىشلەر ئارىسىدا ئىشەنچ يوقكەنغۇ، دەپ ئاغرىنىدىغانلار كۆپ. چەتئەلدىكىدەك ئويلاپ بۇ يەردە زىيان تارتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. قىسقىسى، بىز كىشلىك ئەخلاقىمىزنى، قىممەت قاراشلىرىمىزنى، ئادىميلىك پىرىنسپلىرىمىزنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج. ئۇنداق بولمايدىكەن زامانىۋى ئېگىز بىنالار ئارىسىدا قورشىلىپ ئەقلى بۇلغاندىن ھايۋاندىن پەرقىمىز قالمايدۇ. ئېگىز بىنالار، ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە ماشىنىلارنىڭ كىشلىك ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋېتى يوق. كىشلەردە شۇنداق بىر ئورتاق قاراش بار: تەرەققىي قىلدۇق، شەھەرلەشتۇق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپلەشتى، ياشاش تەسلەشتى، شۇڭا بىر-بىرىمىزگە ھۇشيار بولمىساق، ئولجىغا ئېرىشسەك چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. لوندۇندا ئېگىز بىنالار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئادەتتە تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۈچ قەۋەتتىن، مىھمانخانا ۋە باشقا بىنالار يەتتە-سەككىز قەۋەتتىن ئاشمايدىكەن. يىغىپ كەلسەك ئۇلار بىزدىن ئالدىراش. بىزدىن كۆپرەك ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكى يەنىلا چوڭ. ئۇ يەردىمۇ ئۆي سېتىۋىلىش، خىزمەت تېپىش ئوڭاي ئەمەس. ئەمما كىشلىك قەدىر-قىممەت خار ئەمەس .

نۇرغۇن كىشلەرنىڭ كاللىسىدا بىزمۇ تەرەققى قىلدۇق. ئېگىز-ئېگىز بىنالىرىمىز بار، ھەممە كىشلەر ماشىنىلاشتى، شەھەر ئاممىۋى ئەسلىھە، مۇلازىمەت قاتارلىقلار تەرەققى قىلدى، ئىقتىسادىمىز مانچە سۈئەت بىلەن باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشتى. مانا بۇ تەرەققىيات دەپ قارىشى مۇمكىن. مەن لوندۇندا بىر نەچچە تونۇشۇمدىن سورىدىم. تەرەققىيات ھەرگىزمۇ ئىقتىسادنىڭ ئىششى بىلەن تەڭ ئۇقۇم ئەمەس ئىدى. ئىنساننىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ قانچىلىك بايلىققا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانچىلىك ساپاغا ئىگە بولغانلىقىنى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە دىمكراتتىيەلەشكەنلىكى، ئادەمنىڭ قىممىتىنىڭ ئىجتىمائىي پىرىنسپ، تۈزۈم ۋە ئەخلاق نورمىلىرىدا قانچىلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

لوندۇندا كۇچا ئاپتوبۇسلىرى ۋە يەر ئاستى پويىز قاتارلىقلارغا بوۋاق باللارنى ھارۋىسى بىلەنلا ئېلىپ چىققىلى بۇلىدۇ.بىزنىڭ بۇ يەردە باللار يەسلىگە بارالىغۇدەك بولغاندىلا ئاندىن سىرتتىكى

مۇھەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. گەرچە لوندۇننىڭ يەر ئاستى پويىز سىستېمىسى-1863 يىلىدىن باشلاپ لايىھىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق بىر قۇرۇلۇش ۋە تۈزۈلمىدە ئادەمنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. يوللارنىڭ قىزىل چىراقلىرى ئاپتوماتىك يانماستىن پىيادىلەر كىلىپ كونۇپكىنى باسقاندىن كىيىنلا ئاندىن ماشىنلار توختاپ پىيادىلەرگە يول بىرىدۇ. قەدىمدە مىسىر پىرئەۋنلىرىدەك، ئەلى بابادەك، قارۇنلاردەك باي كىشلەر بولمىغان. ئەمما ئۇلار غايەت زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغان دىگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئۇلار بىلگەننى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ باللىرى بىلىدۇ .بىزنىڭ قۇرغان شەھەرلىرىمىز، تۈزگەن تۈزۈمىمىز، ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز يىغىپ كەلسەك ئىنسانىنىڭ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن، ئىنسانىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىشى ئۈچۈن. مەن بۇ يەردە كۆزدە تۇتىۋاتقان ئىنسانىنىڭ بەختى ھەرگىزمۇ ماددى جەھەتتىكى تولۇق راھەت-پاراغەتنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ماددىيلىق بىلەن مەنىۋىلىكنىڭ ئۆز-ئارا جىپسىلىشىنى كۆرستىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىنى يەتتە ئاتوم بومبىسى ۋە بىئولوگىيلىك قۇراللار بىلەن بىر دەمدە كۇمپەيكۇم قىلغىلى بولىدۇ. يەر شارىدا ھازىرغا قەدەر بايقالغان تەبىئي بايلىقلار ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ دەرىجىدە 100يىل پايدىلىنىشىغا يەتمەيدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن تېخى ئالدىدا ماڭىدىغان يوللار ئۇزاق. كۆز ئالدىمىزدىكى نەرسلەر بىزگە مەڭگۈلۈك ئەمەس...

3

لوندۇندا يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ساياھەتتە بولدۇم. يىغىن تۈگىگەن تۈنجى كۈنى كەچتە يىغىن رىياسەتچىلىرى تەرىپىدىن كونسېرت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر نەچچە مۇزىكانت نۇمۇرىدىن كيىن، لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تەرىپىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئورۇندالدى .تاماششبىنلار ئىسقىرتىپ، چاۋاك چېلىپ ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشتى. بۇ كونسېرتقا بىر نەچچە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قاتناشقان بۇلۇپ، بەزىلىرى لوندون ئونىۋېرستېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، بەزىلىرى شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى .كونسېرت تۈگىگەندە بىر نەچچە ئۇيغۇر بىلەن تونۇشتۇم ۋە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇچۇرلارنى قەيەردىن بىلىدىغانلىقىنى سورىسام، ئەزىز ئەيسا ئاكىمىزنىڭ تارقىتىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇ لوندوندىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاممىۋى ئۇچۇرلارنى توردىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە تەشكىللەيدىغان ئۇچۇق سۆز زىيالىي ئىكەن. شۇ يەردە تونۇشقان بىر تونۇشۇم مىنىڭ ئالدىن زاكاز قىلىپ بولغان ياتىقىمنى قايتۇرۇۋەتكۈزۈپ، مىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىر قان، بىر ئىتنىڭ مەنبەنىڭ راھتى ماڭا قۇچاق ئېچىۋاتاتتى. تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇلار مىنى پولوغا تەكلىپ قىلدى، پولو شۇنچىلىك ئوخشىغان بولسىمۇ، نەچچە كۈنلۈك سەپەر ۋە يىغىن ھاردۇقى بىلەن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتىم .

لوندوندا يىمەكلىكلەر ناھايىتى ساپ بولۇپ، مېۋە-چېۋىلەرگە خىمىيلىك دورىلار ئىشلىتىلمەيدىكەن. بانان قاتارلىقلار مېۋىلەر كۆپكۆك سېتىلىدىكەن. بۇ يەردىكىدەك تېشىغا دورا سۈركەپ سارغايتىلمايدىكەن. ئېرىزكامىنىڭ ئۆيىدە تاماقلىنىش، تونۇشۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە رېتىمى ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولدۇم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە مەندىن سوراپ قالدى. مەن چەتئەلگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئولتۇراقلىشىش قاتارلىقلارنىڭ بىزدەك بىر مىللەت ئۈچۈن ناھايىتى تەستە كېلىدىغان ۋە ئىشقا ئاشىدىغان پۇرسەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا چەتئەلدە ياشاۋاتقانلارغا قول قۇيىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. چۈنكى ۋەتەندىن، قېرىنداشلىرىدىن، دوستلىرىدىن، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ ئۆزگە ناتونۇش بىر مۇھىتتا جان بېقىش، ھايات كەچۈرۈش ئىنتايىن جاپالىق ئىشلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىمىزدىن، تۇپرىقىمىزدىن، قانداشلىق تۇيغۇسى ئىچىدىكى شىرىن مۇھەببەتلەردىن كېچىپ يات بىر مۇھىت ئىچىدە ھەممىنى يېڭىدىن باشلىشىمىز كېرەك. بىز چىرايلىق كىيىم كېيىسەك، ئۇ يەردە چىرايلىقكەن دەپ ماختاپ قويىدىغان دوستلىرىمىز بولمايدۇ. بىز جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرسەك، بەك ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كەتمە، بىز بار، دەيدىغان ئاتا-ئانىلار قېرىنداشلار بولمايدۇ. يات بىر مۇھىتتا ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش كېرەك. چەتئەلدە بۇ يەردىكىدەك ئىشخانىغا ئەتىگەن كىلىپ گېزىت ئوقۇپ كۈن كەچ قىلىپ مائاش ئالىدىغان ئىش يوق.

سىرتقا چىقىپ ئىشلەش، ئوقۇش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن بىزدە راۋان بولغان ئېنگىلىزچە سەۋىيە بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئېنگىلىزچە بىلمىسەك ھەرقانداق ئىشنى قىلالىساقمۇ، بىر يەرگە بېرىپ ئىشلىيەلمەيمىز، مەقسىتىمىزنى ئىپادىلىيەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىشنىڭ بىرىنچى ئاساسى تىل بولۇپ قالىدۇ. چەتئەلدە تېخى خالىغانچە ئىش تېپىپ ئىشلىگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر ئورۇندا 8سائەت ئىشلىسەڭ باشقا جايلاردا ئىشلەش ھوقۇقىمىز بولمايدۇ... جۈملىدىن يات بىر مۇھىتتا جان بېقىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا چەتئەلدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىغا قول قويۇش، ئىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك. قېنى ئېنگىلىزچە بىلمەيدىغان، جاپالىق مۇھىتلارغا كۆنەلمەيدىغان قايسى بىرىمىزنى پوككىدە چەتئەلگە تاشلاپ قويسۇن، قانچە كۈن ياشىيالايدىكەنمىز؟ شۇڭا مەيلى ئۇلار قانداق ياشىسۇن، ياشاش جەھەتتە بىزدىن ئارتۇقراق تالانتلارنى ھازىرلىغانلاردۇر. چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئىرىشچانلىق، جاپا تارتىش روھىدىن ئۆگىنىش كېرەك. يۇرتىمىزدا ئۆيىمىزدىن بەش كىلومېتىر كېلىدىغان مۇساپىدە خىزمەت قىلىپ قالساق چۇقۇم ماشىنا ئالمىساق ۋە ئۆيىنى شۇ يەرگە ئالماشتۇرمىساق يۇخادىن چىققاندەك بولمايمىز. ئەمما بۇ يەردە ئۆيدىن 20-30كىلومېتىر كېلىدىغان

جايدا خىزمەت قىلىش نۇرمال ئىش. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇرۇمچىدە ياشاش بېيجىڭدە ياشاشتىن ئاسان، خوتەندە ياشاش ئۇرۇمچىدە ياشاشتىن ئاسان(ماددى جەھەتتىن).

چەتئەل تۇرمۇشى كۆپ كىشىلەرنىڭ تەلپۈنۈش ئوبىكتى بولسىمۇ، ئەمما ياشاش ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەس. شۇڭلاشقا بەزىدە ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن ۋەتەندە ياشىغاندىن تەس كۆنگە قالىدىغان گەپ .مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدىم. ئەمما ئەنگلىيەدە بۇ سەۋىيە تولۇق كۇرس سەۋىيەسىگە تەڭ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسى بىزنىڭكىدىن ئىلغار. ئىجادچان ۋە ئەركىن تەپەككۇرنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ مەقسىتى بولسا، بىزنىڭ مائارىپىمىز ئىمتىھان قەغىزىدىكى نومۇر بىلەن ئادەم ئۆلچەيدۇ...دېمەك، چەتئەلدە ياشاش ئۈچۈن بىزدە مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىدار ۋە ساپا بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. جاپا تارتىمىز، رىيازەت چېكىمىز، تەنھالىقتا قالىمىز، مېھىر-مۇھەببەتكە تەشنا بولىمىز.... ئەمما، ئۇ يەردە ئىنسان قەدىر-قىممىتگە، مۇسۇلمىسىز بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئېرىشكىلى بولىدۇ...

شۇ كۈنلەردە پارىژىمىز ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق قارايدىغانلىقى ئۈستىدە بولۇپ، مەلۇم بىر تور بېكەتتىكى ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىگە قارىتا يېزىلغان باھالارغا كۆزۈم چۈشتى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى 2006-يىلى لوندون ئونىۋېرستېتىنىڭ شەرق، ئافرىقا تەتقىقات بۆلۈمىدە بىر يىلدەك زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە تۇرغان بولۇپ،" لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى" دېگەن تېمىدا شېئىر يېزىپ "شىنجاڭ مەدەنىيتى "ژورنىلىدا ئېلان قىلغان ئىدى. مەن "شىنجاڭ مەدەنىيتى" ژورنىلىدا ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ لوندون ھەققىدىكى يەنە بىر پارچە ماقالىسىنىمۇ ئوقۇغان ئىدىم. ھېلىقى شېئىرنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ جاپالىق، تەنھالىق تۇرمۇشى ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولغان ئىدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىرىدا لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن نۇقسانلىرى كۆپرەك تەسۋىرلەنگەن ئىدى .مەن ئىلگىرى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ باشقا يازمىلىرىدىن ھەرقانداق بىر شەيئىگە تەنقىدى پوزىتسىيە تۇتىدىغان خاراكتېرىنى بىلىپ يەتكەنىدىم. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى باشقا جانباقتى ۋە ئۆزىدىن-ئۆزى ھۇزۇرلىنىپ يۈرىدىغان باشقا يازارمەنگە ئوخشىمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى بىزدىن بۇرۇن كۆرگەن تالانتلىق كىشى ئىدى. ئەمما لوندوندا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا توردىكى سېسىق گەپلىرىنى بىرمۇ-بىر ئوقۇپ چىقتىم ۋە "لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى " دېگەن شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. قارىسام لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنچىلىك دەرىجىدە ناچار ئەمەس ئىدى. ئۇلار يەنىلا بىزگە شۇنچىلىك قىزغىن ئىدى. يات بىر مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان ئىدى. ئۇلار ماڭا ئۆزىنىڭ جاپا تارتىشىنىڭ نەتىجىسىنى كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرى

كۆرىدىغانلىقى، ئۆزى جاپا تارتسىمۇ پەرزەنتلىرى كېيىنكى كۈنلەردە باشقا ئەنگلىيىلىك بالىلارغا ئوخشاشلا كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپتىپ بەردى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ يازمىسىغا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئىنكاس قايتۇرغان بولۇپ، ئىنكاسلارنىڭ ئۇمۇمىي خاھىشىدىن قارىغاندا ئابدۇقادىر جالالىدىنغا نىسبەتەن نارازىلىق ئىنكاسى چوڭ ئىدى .ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چەتئەلدىكى، بولۇپمۇ لوندوندىكى ئۇيغۇرلار ھېلىقى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك ئۇنداق ناچار تۇرمۇش كەچۈرمەيتتى. ئۇنداق چېچىلاڭغۇ ئەمەس ئىدى .ئۇنداق بىر-بىرىنى ياراتمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان، چېقىشالمايدىغان، قاچىدىغان ئەمەس ئىدى. ئۇلارمۇ لوندوندىكى باشقا كۆچمەنلەرگە ئوخشاشلا بەزىلىرى كۆچمەنلەر رايونىدا، بەزىلىرى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى تەبىقە رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ ياشايتتى...

يېقىندا ئابدۇقادىر جالالىدىن يازغان "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى. مەن بۇ كىتابنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇپ بولۇپ ئۇستازنىڭ بۇ كىتابىنىڭ ياپونىيە ھەققىدىكى "ئۆزلۈك بوسۇغىسىدا" ناملىق كىتابەك مۇۋاپىقىيەتلىك چىقمىغانلىقىنى بايقىدىم. "ئۆزلۈك بوسۇغىسىدا" ياپونلار بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، خاراكتېرىمىز سېلىشتۇرۇلغان، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلەر پاكىتلىق ھالدا سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەممە كىشىنى قايىل قىلاتتى. "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" دا گەرچە لوندون ھەققىدە ئۇمۇمىي ئۇچۇر بېرىلگەن بولسىمۇ، ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ھالىتىمىز ھەققىدە ئويلىنىشلار ئاز ئىدى .

مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ھېلىقى شېئىردا لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەك چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇڭا بەزى ئىنكاسلار خىلى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" دېگەن كىتابىنىڭ ئۇمۇمى ۋەزنىدىن قارىغاندا ئابدۇقادىر جالالىدىن لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق ئۇيۇشۇش ئىچىدە ئۆتۈشىنى، بىر-بىرىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ، بىر-بىرىگە سىرداش بولۇشنى، كۈچلۈك جامائەت توپى شەكىللەندۈرۈپ بەلەن ياشىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئىدى. گەرچە بۇ ناھايىتى ياخشى تىلەك بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. ئۆز يۇرتىمىزدا تۇرۇپ ئۇيۇشۇشنىڭ كۈچىنى كۆرەلمىگەن يەردە، ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن ئالدىراش يۇرتۋاتقاندا كوللېكتىپ ھەققىدە ئويلىنىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەلدىكى ھەرقانداق بىر خىزمەت ئىندىۋىدۇئاللىققا مايىل بولۇپ، ئالاھىدە توپ شەكىللەندۈرۈپ ياشاش تەس. ئۆز يۇرتىدىن نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بېرىپ، باشقا يۇرتتا قەدىر-قىممەت ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسىدەك ياشاش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. مېنىڭ نەزىرىمدە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ھېلىقى شېئىرىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ بەزىسى خىلى ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويغان ئىدى. لوندۇندىكى ئۇيغۇرلار روھىي ۋە ماددى جەھەتتىن ئۇنداق ناچار ئەمەس ئىدى. بىز نىمىشقا ئۇلارنىڭ ئاز-تولا

كەمچىلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئابدۇقادىر جالالىدىن بىر نەچچە يىل تەلپۈنگەن لوندۇنمۇ شۇ ئىدى .قاقشاشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى، ئۇلار ئابدۇقادىر جالالىدىن قاقشاشنىڭ ئورنىغا يارامىلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيلەپ ساپالىق كىشىلەر قىلىپ تەربىيلىشى كېرەك. دەپ قارايتتى. ئابدۇقادىر جالالىدىن "مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى" ناملىق كىتابىدا ئېيتقاندەك گەرچە كىشىلەرنىڭ بۇ شېئىر ھەققىدىكى ئىنكاسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىنمۇ لوندوندىكى تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىش، پۇل تېپىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئورنىدا كۆزەتچىلىك قىلىپ باققان، نەچچە قېتىم ئۆي كۆچۈپ باققان ئىدى .ئەگەر بىز بىز ئىنتىلگەن تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىدىن ياكى كىشىلەرگە كەلتۈرگەن بېسىملىرىدىن قاقشاپ يۈرىيدىغان بولساق، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى راھەت كۆرمىسەك، ئارزۇسىز، نىشانسىز ھالدا ئېتىزدىكى قۇرتتەك تەييارنى يەپ ئۆتۈپ كىتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھەققىدە نىمە دىيىش مۇمكىن؟ توغرا، بەزى كىشىلەر لوندۇندىكىلەرنىڭ ھەق ئەھۋالى يېزىلىپتۇ، دىيىشتى. ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىمىزدىن، تۇرمۇشىمىزدىن بۇنداق ھەقلەرنى قازىدىغان بولساق، ئاچچىقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز. ئادەمنىڭ قىيىن تۇرمۇشتىكى مۇھتاجلىقى كۈچلۈك ئىرادە ۋە مەدەتكە مۇھتاج، بۇلۇپمۇ يات مۇھىتتا تېخىمۇ شۇنداق.

ئادەتتە بىز دۇنيانى مۇنداق ئىككى كۆز بىلەن كۆرىمىز. بىرى، ئۆزىمىزنىڭ كۆزى. يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ كۆزى. ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن دۇنيا كۆرۈش ئۈچۈن بىز باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىشىمىز كېرەك. سەپەر جەريانىدا خاتا تونۇشقا كىلىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن باشقىلار ھەققىدە بىزدە مەلۇم زاپاس بىلىم بولۇشى كېرەك. مۇنداق بولمىغاندا، ئۈرۈمچىنىڭ بەيگە مەيدانى (赛马场)چىققان كىشى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار بەيگە مەيداندىلا ياشايدىكەن، دېگەن تونۇشقا كىرىپ قالىدۇ. جۈملىدىن شەخسىنىڭ باشقىلار ھەققىدىكى بىلىش سەۋيەسى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە، بىلىم سەۋيىسىگە كۆپرەك ئاساسلىنىدىغان بولغاچقا، مەلۇم بىر ئوبىكىت ئۈستىدە كىشىلەردە نۇرغۇنلىغان قاراشلار بولىدۇ. مەسىلەن ئۈرۈمچى ھەققىدە جەنۇب كىشىلىرى بىلەن شىمال كىشىلىرىنىڭ باھاسىدا رۇشەن ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە نۇرغۇن باھالارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ باھالار ئىچىدە :ئامېرىكا بارىدىغان يەر ئەمەسكەن، باللىرىمىز تۈگەشتى، بالىمىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىمىز سورۇلۇپ تۈگىدى، باللىرىمىز ئۇ يەردە بىر نانغا زار ئىكەن، دېگەن باھالارنىمۇ، دۇنيادا ئامېرىكىدىن باشقا دېموكراتىيە ئومۇملاشقان، ئوقۇتۇش سەۋيەسى ئۇنىڭدىن ئىلغارراق بىر دۆلەت يوق، دىگەندەك باھالارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. دېمەك، بالىسىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىقتىسادى سورۇلغان بىر كىشى بىلەن ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كەڭتاشا ئوقۇغان بىر كىشىنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى باھاسى ئوخشاش بولمايدۇ.

دۇنيانى كۆرىدىغان ئىككىنچى كۆز باشقىلارنىڭ كۆزى. بىز باشقىلار يازغان كىتابلارنى، ئېلان قىلغان ماقالىلەرنى، ئىشلىگەن كىنولارنى، تور بېكەتلەرنى كۆرۈش زىيارەت قىلىش، باشقىلارنىڭ تەسىراتلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق يات جايلارغا بولغان قىزىقىشىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرىمىز ۋە بۇ ھەقتە بىلىمگە ئىگە بولىمىز. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، باشقىلارنىڭ بىزگە چۈشەندۈرۈۋاتقىنى ھەرگىزمۇ 100%ھالدىكى توغرا بىلىم ئەمەس. ئۇنىڭغا كىنو ئىشلىگۈچىنىڭ غەرب تۇرمۇشى ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرى، تور بېكەت قۇرغۇچىنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن كىچىكنى چوڭ قىلغان قىلمىشلىرى، يازغۇچىغا نىسپەتەن ئۆزى كۆرگەن كۆرۈنۈشلەرنى سېلىغداپ كۆرستىدىغان ماھارەتلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكىدا قىز-ئوغۇللار ھەرقانداق بىر سورۇننى ئۆزىنىڭ يات جىنسقا بولغان قىزىقىشىنى باسىدىغان ئورۇن قىلىلايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بىز ئەر-ئاياللارنىڭ شاللاق قىلىقلىرىنى كىنولاردىن كۆرۈپ، يات ئەللەر شۇنداق دەپ خاتا تونۇشقا كېلىپ قالدۇق .ئاندىن كىيىن كىنولارنى دوراپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىزدا كىنولاردا تەسۋىرلەنگەن ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى جىنسي قىلمىش تېپىلىدىغان بولدى، بىز مۇسۇلمان ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق. ئەگەر كىشىلىرىمىزگە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ توي قىلىشى قانۇنلۇق قىلىپ بېرىلسە، كىشىلەر بىر-بىرىدىن ئۇيالمىسا، بۇ يەردىمۇ ئوخشاش جىنسلىقلار توي قىلىۋېرىدۇ. بۇ پاكىت. بۇ يەردە ئوخشاش جىنسلىقلار يوشۇرۇن ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ، خالاس.

ئامېرىكىدىن كەلگەن بىر تونۇشۇم بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئەسلىدىكى ھايۋاناتلار باغچىسىدا تاماقتىن كىيىن بىر ئازا سەيلە قىلدۇق. بىز باغچىنى بىر ئايلىنىپ بولغۇچە چىرماش بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە جۈپنى ئۇچراتتۇق. تونۇشۇم ھەيران قالدى. ئۇ سىلەر بەك ئۇچۇق بولۇپ كېتىپسىلەر، ئاممۇۋى سورۇن ئەخلاقىغا رىئايە قىلمايدىكەنسىلەر، دېدى. مەن ئۇنىڭغان ھازىر ياشلار ئارىسىدا مۇنداق ئىشنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ: ئامېرىكىدىمۇ مۇنداق ئىشلار بار، ئەمما كىشىلەر بۇنداق ئاشكارا ئەمەس. بۇنداق ئىشلار يوشۇرۇن بولىدۇ. سىلەرگە ئېيتسام، يەرلىك ئامېرىكىلىقنىڭ بەزىسى سىلەردىن مۇتىئەسسىپ ۋە جاھىل، دېدى. مەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدۇم. ئەنگلىيىدىكى كۈنلىرىمدە كىشىلەرنىڭ كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا، يەر ئاستى پويىزلىرىدا بۇ يەردىكىدەك قۇچاقلىشىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، باغچىلاردا ئۆز ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم. توغرا، غەرب دۆلەتلىرىدە جىنسىيەت شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ئەمما ئاممۇۋى سورۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاقى بولىدۇ. بۇ يەردە ياغلىقنى ئوبداق چىگىۋېلىپ، كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرىدىغان قىز-يىگىتلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن.

خۇلاسە قىلغاندا، مەدەنىيەت چەت ۋە ياقا رايونلاردا شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا تارقىلىدۇ. چەت رايون كىشىلىرى ھەمىشە مەدەنىيەتنى خاتا ئىستېمال قىلىۋېلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن، قىممەت قارىشىدىن ناھايىتى ئوڭايلا تانىدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق دۇنيانى چۈشىنىدىغان بولۇپ، پەردازلانغان تۇرمۇش شەكلى، قىممەت قاراش ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يىلتىزىدىن تىزلا ۋاز كېچىپ، مودا ئېقىمغا ماسلىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقتا يىگىلەش يۈز بېرىپ، كىشىلەر ماددى مەئىشەت ھەلەكچىلىكىدە دىۋانە، ئەخلاق باغچىسىدا سەرسانە، مۇھەببەت كوچىسىدا ۋەيرانە بولۇپ قالىدۇ. سىز دۇنيانى قانداق چۈشىنىۋالسىڭىز دۇنيا سىزگە شۇنداق كۆرىنىدۇ، شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلاقى مىزانلىرى، كىشىلىك پىرىنسىپلىرى بىز ياشاۋاتقان مۇھىتقا ماسلىشالمىدى ئەمەس، بىز دۇنيانى خاتا چۈشۈنىۋالدۇق. ئىنسان ئۆز ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى بەرگۈچى.

لوندون ھەققىدىكى تەسىراتىم مۇشۇلاردىن ئىبارەت. ئەسلىدە بۇ خىلى بۇرۇنلا يېزىشقا تېگىشلىك ماقالە ئىدى. باشقا يۇرتقا ساياھەت قىلىپلا بىر نەرسە يازىدىغان يازارمەن بولۇپ قالماي دىگەن ئۈمىد بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالمىغان ئىدىم. چۈنكى ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان چەتئەللىكلەر سىلەردە باشقا يۇرتقا ساياھەت قىلسىلا بىر نەرسە يازىدىغان ئادەت بار ئىكەن، دىگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغانمەن. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، بىزدەك دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر مىللەت ئۈچۈن دۇنيانى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ماقالە، كىتاب، كىنولار، گېزىت-ژورناللار دورىدەك لازىم ئىدى. بىزنى توغرا يېتەكلەيدىغان، يات تۇرمۇشقا توغرا قارىيالايدىغان يازارمەن، ناتىقلار بىزگە دوختۇردەك لازىم ئىدى.